
ISSN 1002-9044
تارىم
1996 10
ISSN 1002-9044
10>
9 771002 904009

# تارىم


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.


## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

10

1996

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەركىن سابىر ........ سالام، يورۇق دۇنيا (ھېكايە) ................ 5
ئابلىز ئوسمان ......... يىلتىز كۆكلەيدۇ (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 18
دولقۇن ئەلى .......... قۇياشقا تۇتاشقان يول (ئەدەبىي ئاخبارات) ..... 38
سۇلتان ھاشىم ........ خەير-خوش، يەر شارى (فانتازىيىلىك پوۋېست) ... 61
نۇرىيە ئابدۇكېرىم ... نۇرلىنىپ كەلگەن سەھەر (ھېكايە) .......... 100
داۋۇت مەتنىياز ..... چۇلۇق تاۋۇز (ھېكايە) ................... 119


## شېئىرلار


جاببار ئەمەت ......... ئانا يۇرت ھەققىدە قەسىدە ............... 49
تەلئەت ناسىرى ...... ئالتاي ئارمانلىرى ......................... 52
ساداقەتجان ھاجى .... ھەممىنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى ۋەتەن .......... 55
مەھەممەتجان سادىق ... ئاتام ئۆتكەن يۇرت، ئانام ئۆتكەن يۇرت .... 56
مۇساجان يۇنۇس ...... بۇ دۇنيا جەسۇرلارغا ئىجىل، ئامراق ........ 59
ئوسمانجان ساۋۇت ..... تۇن تىۋىشلىرى ........................ 107
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ... زۆھرە يۇلتۇز ........................ 110
روزى سايىت .......... مادار ياشتىن ئارتۇق، ئىجاد نەۋقىران ..... 112
ساۋۇتجان تاھىر ...... ئىككى غەزەل ......................... 115
مەتبىلى مەنسۇر ...... ئىككى شېئىر ......................... 115
ئابدۇللا كېرىم ....... تەلپۈنگەن يۈرەك ...................... 116
ئەخمەتجان تۇرۇپ ..... قىلار پاكلىق تەبەسسۇم .................. 124
مۇنەۋۋەر قۇربان ....... خىزمەت مىلودىيىسى .................... 124
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ..... ۋىسال ئارزۇلىرى ....................... 125
ئەسقەر ياسىن ....... ھايات نۇرى ........................... 126
مۇرات ناسىر ......... كۈتۈش .............................. 127
ھاۋاخان ئەخمەت ..... تويۇق بولغان كۈن ...................... 127
ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى .... رەيھان ............................ 128

# بۇ سانىدا


| | | |
|---|---|---|
| ئامانگۈل ئېلى | ئىككىنچى باھار مۇقەددىمىسى | 129 |
| ئابدۇشۈكۈر راشىدىن | سەككىزىنچى قىشتە | 130 |
| ئۆمەرجان مۇھەممەدى | ئوغلۇمغا | 131 |
| دىلشات قېيۇم | قېنى | 131 |
| شەۋكەت ئىبراھىم | يامغۇرلۇق دالا | 131 |
| مۇھەممەت مەتېلى | ئىككى قىشتە | 132 |
| ئاينۇر نىياز | دەرەخ ۋە ياپراق | 132 |
| كۈرەشجان ھۈسەيىن | رۇبائىيلار | 132 |


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


| | | |
|---|---|---|
| ئەھمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى | تارىخىي رومانچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى | 133 |


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


| | | |
|---|---|---|
| ئاتىكەم زەمىرى (تاجىك) | مۇز تاغنىڭ يۈرىكى (ھېكايە) | 147 |
| تۇردى ئاخۇن ئەركىباي (تاجىك) | چوپاننىڭ تويى (شېئىرلار) | 157 |
| قۇربانەم ئاخۇنباي (تاجىك) | قۇياشنىڭ زىياسىدۇر ئارمانلىرىم (شېئىر) | 158 |


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


| | |
|---|---|
| ئۇچۇرلار | 159 |


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: پەرھات ئىبراھىم، زۇلپىيە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com

1995-يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئەرمۇدۇن يېزىسىنىڭ يېڭىئاياق 7-كەنتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، دېھقانلارنىڭ سۇ ئىچىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ، نەق مەيداندىلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىغا تېزرەك قۇدۇق قېزىپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى. ھازىر بۇ كەنتتىكى دېھقانلار پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئەسسالام» ناملىق رەھمەت خېتى ئەۋەتتى. ژۇرنىلىمىزدا بۇ خەتنى ئالاھىدە ئېلان قىلدۇق.

## ئەسسالام

ئەسسالام ئەل غەمگۇزارى، سىزگە دېھقاندىن سالام،
يېڭىئاياق كەنتىمىزدىن — باغۇ بوستاندىن سالام.
ياد ئېتىپ كېچىمىز يىراقتىن، قەھرىتان قىش كۈنلىرى،
ياش تۆكۈپ، قوللار ئېلىشقان قىز ۋە ئوغلاندىن سالام.
ھال سوراپ كىرگەندە بىزدىن مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈپ،
شادلىنىپ دىل، ئۇرغىدى كۆي، كۈلكە-خەنداندىن سالام.
كەتتى ئۇنتۇلماس مىنۇتلار مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرۇپ،
ئۇزىتىپ مېھماننى قانماي بۇندا قالغاندىن سالام.
ئۇن، كۆمۈر، قات-قات كىيىملەر كەلدى ھەم شۇندىن بۇيان،
يارتىپ مېھرىگە چۆمگەن يارۇجاناندىن سالام.
سۇنى ئەگلەكتە سۈزۈپ ئىچكەن بۇ يۇرتتا خەلقىمىز،
ئىچىمىز زەمزەمنى دەپ يايرىغان جاندىن سالام.
شۇ قەدەر مۇنبەت زېمىننىڭ يوق ئىدى بىر ئۆستىڭى،
قانچە ئەۋلاد ئىنتىزارى، ئارزۇ-ئارماندىن سالام.
يۇرتىمىزغا ئاقسا گەر زۇمرەت ئېقىن جان ياشنىتىپ،
ياغقۇسى كومپارتىيىگە يەرۇ ئاسماندىن سالام.
قوغلىنىپ شۇ چاغدا ئەلدىن رودۇپاي نامراتچىلىق،
ئوينىغايمىز بەزمە-مەشرەپ، ئەھدۇ ئىمكاندىن سالام.
مىڭ تەشەككۈر خەلقىمىزنىڭ جان كۆيەر خىزمەتچىسى،
ھەر زاماندا بەختى كۈلگەن بارچە دېھقاندىن سالام.

ئەركىن سابىر



# سالام، يورۇق دۇنيا

(ھېكايە)

## 1

ئارقا تەرەپتىكى شارقىراش تېخىمۇ كۈچەيدى. شارقىراش ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئەمدى نېمىلەردۇر گۈلدۈرلەپ چۈشمەكتە ئىدى. بەلكىم تاش قاتلىمى ياكى ئۇيۇل-ئۇيۇل كۆمۈرلەر گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندۇر. لېكىن ھايات-ماماتلىق پەيتىدە جان تىركىشىۋاتقان مۇنۇ كىشىلەر ئۈچۈن بۇنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق. ئۇلار بارلىق كۈچىنى يىغىپ بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئالغا سىلجىماقتا. ئەگەر ئۇلار بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كېتەلمىسە، ئاشۇ تاش ياكى كۆمۈرلەردەك يەتتە يۈز مىتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كان يولىدا مەڭگۈ قېلىشى مۇمكىن.

— ئاھ خۇدا، مەن بولالمىدىم، — ئۇچەيلەننىڭ ئەڭ ئارقىدا كېلىۋاتقىنى ھەسرەت ئارىلاش توۋلۇۋەتتى.

— توختىما سۇلتان، — ۋارقىرىدى ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان راشى، — توختىساڭلا ماۋۇ لايقا سۇ يۇتۇپ كېتىدۇ.

— راشكا، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن، مەن پۇتلىرىمنى يۆتكىيەلمەيۋاتىمەن.

راشى توختاپ قالدى. سىيىق توخۇمنىڭ پورىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل پۇراق تولغان بۇ كان يولىدا ئەجەل مىنۇت-سېكۇنتلاپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتىنى مۇشۇنداق چاغدا بىلسە كېرەك. راشى كۆز ئالدىغا مېھرىبان ئايالى رەيھاننى ۋە ئوماق ئىككى بالىسىنى كەلتۈردى. ئۇ شۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يەردىن ھايات چىقىپ كېتىشى كېرەك. لېكىن ماۋۇ سۇلتاننى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئانىسىغا، تەشكىلگە ۋە ئىشداشلىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا رەيھان ئۇنى كەچۈرەمدۇ؟

ئۇ پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئارقىغا بۇرالدى:



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر



— قولۇڭنى بۇياققا سۇن، — دېدى ئۇ بىلىگىچە لايىقا سۇ ئىچىدە تۇرغان سۇلتانغا، — ئالدىراق، ھە يەنە ئازراق.

لايىقا سۇ تۆت يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كان يولىدا جىددىي ئۆرلىمەكتە، سۇنىڭ ئاستىدا سېغىز توپا ۋە شېغىل ئارىلاش لاتقا تىنماقتا ئىدى. بۇ ھالدا ئەتىگەندىن بېرى ئىشلەپ چارچىغان سۇلتانغا ھەرىكەت قىلىش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە لاتقا توشۇۋالغانىدى.

— رېزىنكە ئۆتۈكۈڭنى سېلىۋەت! — توۋلىدى راشى.

— پۇتۇمنى چىقىرالمايۋاتىمەن.

— ئەستاغپۇرۇللا! — راشى بارلىق كۈچىنى يىغىپ سۇلتاننى تارتىپ ئالدىغا ئۆتكۈزدى، — مىدىرلىساڭچۇ، مىدىرلىساڭ لاتقا بوشايدۇ.

سۇلتان بۇ يىل يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جۈغى كىچىك بولغاچقا، خۇددى 15 ياشلاردىكى بالىلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كان يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كېلىپ قاتتىق سوقۇلغان ۋاگونلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قازا تاپقان بولۇپ، تەشكىل ئۇلارنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى كۆمۈر كانغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغانىدى. ئەمما قۇدۇق ئاستىنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىپ بولغۇچە ئەمدى بۇ پالاكەت ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى. ئەگەر ئۇ بۇ يەردىن ھايات چىقىپ كېتەلمىسە تۇل ئانىسى بىلەن گۆدەك ئىككى ئۇكىسىغا كىم قارايدۇ؟

— راشكا، مەن چۆكۈپ كېتىدىغان بولدۇم.

— تېزراق ھەرىكەت قىلمامسەن، — راشى ۋارقىرىدى.

— سەن خەقكە نېمە بالا تەگدى، نېمانچە ئىنجىقلىشىسەن، — ئالدىدا خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ھاشىم سەيپرا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى، — تېزراق مېڭىش، بولمىسا ئۆلۈكۈڭ مۇشۇ يەردە قالىدۇ.

— سۇلتان بولالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قولىنى تارتقىن ھاشىمكا.

— ئەستا، — ھاشىم سەيپرا ئاچچىقلاندى، — تەشكىل نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بالىلارنى كانغا ئىشچىلىققا ئالىدىغاندۇ؟ خۇددى كاننىڭ ئىشى ئويۇنچۇقتەك.

ھاشىم سەيپرا ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا قاۋۇل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەۋاتقىنىغا 30 يىلچە بولغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈر قېزىش بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ مىجەزى چۇس ئىدى.

راشىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ھاشىم سەيپرا بىلەن بىرگە قۇدۇق ئاستىغا يان تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بىر كان يولىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن چۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا ھاشىم سەيپرا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۆت ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇلار ئاۋۋال گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن جايغا

پۈختىلاپ تىرەك ئۈرۈشتى، ئاندىن ئارقىدىكى بوشلۇقنى ياغاچ بىلەن تولدۇرۇپ چىڭدىدى. كۆپچىلىك ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر ئاز ئارام ئېلىشتى.

بىر چاغدا ھاشىم سەپرا راشىنى چاقىرىپ:

— سەن بېرىپ بىر تال تاختاي تېپىپ كەل، ئاۋۇ چەتتىكى ئىككى تال تىرەك بوشاپ قاپتۇ، ئارقىسىغا تاختاي قويۇپ چىڭىتىۋېتەيلى، — دېدى.

راشى كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى بىرغۇلاچ كەلگۈدەك بىر تال تاختاينى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

— ھوي كالۋا، مەن سېنى بىر غۇلاچ كەلمەيدىغان چىرىندىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنمۇ؟ — ھاشىم سەپرانىڭ بىردىنلا سەپراسى ئۆرلىدى، — تۇۋا، تېپىپ كەلگەن نېمىسنى بۇنىڭ، ھاي توختى، جوتۇنى ئەكەل!

جوتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ راشىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ قورقىنىدىن ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىدى. لېكىن ھاشىم سەپرا جوتۇنى ئېلىپ ئۇنى ئەمەس بەلكى ئۇ ئېلىپ كەلگەن تاختاينى يېرىپ پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى.

— سېنىڭدەك كالۋانى ئىشقا بۇيرۇغان مەنمۇ ئەخمەق، — دېدى ئۇ ئاچچىقىدا بۇغۇلۇپ، — ئىش دېگەننى دىتلاپ قىلىش كېرەك.

ئۇ جوتۇنى تاشلىۋېتىپ، گوس-گوس دەسسىگىنىچە نېرىقى بىر كان يولىغا كىرىپ كەتتى...

ئارقا تەرەپتىكى گۈلدۈرلەش تېخىمۇ كۈچەيدى. راشىغا پۈتۈن كان يولى گۈمۈرۈلۈپ چۈشىۋاتقاندەك بىلىندى.

— ئاڭلاۋاتقانسەن، ھاشىمكا؟ ئۇنى تېزراق تارتقىن.

— ئۆلگۈر، نېمانچە ۋارقىرايسەن. سەنمۇ ئارقىسىدىن ئىتتەرمەمسەن!

راشى ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەكمۇ مادارى قالمىغانىدى. لايقا سۇ ئەمدى ئۇنىڭ بېلىگىچە چىققانىدى. يانتۇلۇققا قانچىلىك قالغاندىمىز؟ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەگەر شۇ يانتۇلۇققا يېتىۋالسىلا ئۇلار ئۈستۈنكى كان يولىغا چىقىۋالاتتى. ئۇ چاغدا لايقا سۇ قانچە جىددىي ئۆرلىسىمۇ ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلمەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يانتۇلۇققا زادى قانچىلىك قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇچەيلەننىڭ باشلىرىدىكى چىراغلىرى ئۆز ئەتراپىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپمۇ، ئارقا تەرەپمۇ قاپقاراڭغۇ، سوغۇق ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ھاشىم سەپرا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ سۇلتاننى يۆدىۋالغان بولۇپ، لاتقا ئاستىدا قېلىۋاتقان پۇتلىرىنى ئاران-ئاران سىلجىتاتتى. ئۇ ئېغىرنى بۇزۇپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە ئىدى. بەلكىم بىرنى تىللاۋاتقاندۇر. لېكىن ئۇنىڭ ماۋۇ لايقا سۇنى ياكى قاپقاراڭغۇ كان يولىنى، سۇلتاننى ياكى راشىنى تىللاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەلكىم ھەممىسنى تىللاۋاتقاندۇر. بۇنداق چاغدا كىم نېمىلەرنى ئويلمايدۇ، نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ ئۇ تېخى ئەتىگەنلا ئۇماق نەۋرىسى ئازلەگە، مەكتەپكە بېرىپ ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشىشقا ۋەدە بەرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەسمىدى. ئەمدى بولسا بۇ يەردە
جان تالىشىپ تۇرۇپتۇ...
هاشىم سەپرانىڭ بۇ يەردىن تىرىك
چىقىپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىدى.
توۋا، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ!
دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.
لېكىن تەشكىلنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى ئۇ
بىلمەيتتى.
بىرئازدىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە
ئىككى چىراغ پەيدا بولۇپ، ئاستا-ئاستا
ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى...

## 2

راشى كىچىكىدىنلا يېزىدا چوڭ بولغان،
كېيىن مۇشۇ كۆمۈر كانىدا ئىشلەيدىغان
بالا يۈزى كۆرمىگەن تۇراخۇن ئىسىملىك
تاغىسىغا ئوغۇل بولغان ۋە كۆمۈر كانىغا
ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغانىدى. ئۇ كىچىك
چاغلىرىدا قۇدۇق قازىمەن، دەپ دائىم
يەرنى كولاپ ئوينايتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا
ئانىسى:
— توۋا، بۇ بالىنىڭ قىلىپ يۈرگەن
ئىشلىرىنى، چوڭ بولسا كانچى بولامدۇ نېمە
بۇ؟ — دەيدىغان. ھازىر ئۇ راستىنلا
كانچى بولدى، بولغاندىمۇ ياراملىق بىر
كانچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ قۇدۇق
ئاستىدا قېزىپ ئىلگىرىلەش گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ، بۈگۈن ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى
قېلىن كۆمۈر قاتلىمىغا كان يولى ئېچىشنىڭ
تەييارلىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن قۇدۇق
ئاستىغا چۈشكەنىدى.

راشىنىڭ گۇرۇپپىسىدا ئۆزى قوشۇلۇپ
تۆت ئادەم ئىشلەيتتى. ھاشىم سەپرا
بۇ گۇرۇپپىنىڭ سىرتىدىكى ئادەم بولۇپ،
ئۇ قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارغا تاماق
توشۇيتتى. تەشكىل ئۇنى بىرىنچى سەپتىن
چېكىندۇرۇپ، قۇدۇق ئۈستىدىكى يېنىكرەك
بىر ئىشقا ئالماشتۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى.
لېكىن ئۇ:
— ئۇزۇن يىل قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەپ
كۆنۈپ قاپتىمەن. ھېچبولمىغاندا ماڭا قۇدۇق
ئاستىغا تاماق توشۇيدىغان ئىشنى بولسىمۇ
بەرسەڭلار، — دەپ تۇرۇۋالغانىدى.
ئۇ بۈگۈن قۇدۇق ئاستىغا بولكا بىلەن
تۇخۇم ئېلىپ چۈشتى. ئىش ئورنىغا يېتىپ
بارغاندا راشى بىلەن سۇلتان پارتلىتىلىدى-
غان جايدىكى تۆۋرۈكلەرنى چىڭىتىۋاتاتتى.
— قالغان ئىككى ئادىمىڭ قېنى،
راشى؟ — سورىدى ئۇ راشىدىن.
— تاماق ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟
— تاماق ئېلىپ كەلمەي قۇرۇق
بويۇمنى ئېلىپ كېلەمتىم!
— ئۇنداق بولسا تاماقنى قويۇپ
كېتىۋەر، بىزگە كاشىلا بولما.
— مەنمۇ ساڭا كاشىلا بولاي دېمە-
دىم، بىر ئىشنى ساڭا دەپ قوياي دەۋا-
تىمەن.
— نېمە ئىشتى؟ قۇرۇق گەپتۇ شۇ؟
— بايا مەن سىلەرنى ئاۋۇ تەرەپتە
ئوخشايدۇ، دەپ ئاۋۇ تام توساقنىڭ يېنىدىن
ئۆتكەنىدىم. قارىسام تام توساقتىن سۇ
تەپچىرەپ تۇرىدۇ، كۆڭلۈمدە بىر ئاز
گۇمانلىنىپ قالدىم.
— نېمە دېمەكچىسەن؟ ئۇ يەردىن

سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ دېمەكچىمۇ؟ ھا،ھا، ھا! ئۇ دېگەن كونا قېزىلما، ئۈستىمۇ كۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ بولغان، ئۇ يەردە سۇ نېمىش قىلىدۇ؟

— ئۇنداق دېمە، مەن ساڭا قارىغاندا كان ئاستىدا جىق تەجرىبىلىك. بايا مەن قۇدۇقتا چۈشۈۋاتقىنىمدا ھاۋانىڭ تەرى بەكلا سەت تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، قارا يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنىڭ ماۋۇ ئۈستى كۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن كونا قېزىلماڭ ئۆزۈن جىلغىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن ھاشىمكا،

بولسا چاققانلىق بىلەن كۆمۈر ئۇسۇش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئارىدىن بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ كان يولىدا شىددەتلىك ئېقىشتىن توختاپ، ئەمدى كۆل سۈيىدەك تىنچلىنىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. راشى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى. لېكىن ئۇ سۇ ئۈستىگە ئەمەس بەلكىم قويۇق بوتقا ئۈستىگە چۈشكەندەك بولدى.

— سۇلتان! — توۋلىدى ئۇ. نېرىقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن:

— راشكا، بىز بۇ يەردە! — دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.



سەن ئۆزۈن جىلغىدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى بۆسۈپ چۈشىدۇ، دېمەكچىمۇ؟ — راشى دەرھال سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بولكىدىن بىر كىشىلىك ئېلىپ قوينىغا سالدى ۋە ئالدىراپ تام توساق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تام توساقنى بۆزۈپ كۈچلۈك سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

— قېچىڭلار! — توۋلىدى ئۇ. ئۆزى

سۇلتان بىلەن ھاشىم سەپرا ئوڭ تەرەپتىكى ئۆڭكۈرگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان ۋاگون ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. بۇ ئۆڭكۈر چوڭ كان يولىنىڭ يان تەرىپىدە بولغاچقا، بايىقى كۈچلۈك ئېقىننىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىمىغانىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، ھاشىمكا؟

— سورىدى راشى، — ئۈستىدىن توپا ۋە شېغىل چۈشۈۋېتىپتۇ. سۇ ھازىر توختاي-

دىغاندەك ئەمەس.

— تېز بولايلى، بۇ يەردىن تېز چىقىپ كەتمىسەك، كان يولى لاتقىغا تىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۇچەيلەن ئالدىراپ قېلىشتى.

## 3

بايىقى ئىككى چىراغنىڭ بىرى يوقاپ كەتتى. يەنە بىرى بولسا بىر مېتر ئارىلىقتىچە يېقىنلاپ كەلدى. ھاشىم سەپرا ئۇنىڭ توختى ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— توختى تېز بول، بىزگە ياردەملەش!

— مانا ھازىر، — توختى ئۇلارغا ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر باغلانغان پولات ئارغامچىنى تاشلاپ بەردى، — بۇنى تۇت، — دېدى ئۇ ھاشىم سەپراغا.

ھاشىم سەپرا ئارغامچىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە ئىلمەك تۆمۈر باغلانغان ئۇچىنى ئارقا تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ:

— راشى ئارغامچىنى تۇت! — دەپ ۋارقىرىدى. لايقا سۇ ئەمدى ھاشىم سەپرانىڭ بوينىغىچە چىققانىدى.

توختى ئالدى تەرەپكە قاراپ بېشىدىكى چىراغنى لىڭشىتىپ بەلگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن پولات ئارغامچا ھەرىكەتكە كەلدى.

— يا پەرۋەردىگار، ئەجىلىمىز توشمىغانىكەن، — دېدى ھاشىم سەپرا يانتۇلۇقنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن چوڭقۇر تىنىپ.

— ھاشىمكا، راشى قېنى؟ — سورىدى توختى ئالدىراپ.

— قېنى دەپ مەندىن سورايسەنغۇ، ئۇ قېنى؟

— تۇۋا ما گەپنى، ئۇ سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟

— ھوي، مەن ئۇنىڭغا ئارغامچىنى تۇت دېگەندە، ئۇ ئارقامدىن كېلىۋاتقاندەك قىلغان. ئاپلا، ئۇ ئارغامچىنى تۇتالمىغانىكەن-دە، تېز، توختى تېز بول، پەسكە چۈش... توختا، مەن ئۆزۈم چۈشەي... — ھاشىم سەپرا ئالدىراپ-تېنەپ يانتۇلۇقتىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ پەسكە چۈشۈپلا لام-جىم دېيەلمىدى. چۈنكى لايقا سۇ پەستىكى كان يولىنىڭ تورۇسى بىلەن تەپمۇ تەڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ھاشىم سەپرا يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا ئارقىغا يېنىشنى بىلەلمەي تۇرغان جايىدا بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئەيتاۋۇر، ئارقىسىدىن پەسكە چۈشكەنلەر ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇرتكەندىن كېيىن ئۇ ئېسىگە كەلدى. ئەمما تورۇسقىچە لايقا سۇ بىلەن توشۇپ كەتكەن كان يولىدىن راشىنىڭ تىرىكلىكىنى ئەمەس، ھەتتا ئۆلۈكىنى تېپىپ چىقىشمۇ شۇ تاپتا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

ھاشىم سەپرا يانتۇلۇقنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

## 4

قودۇق ئاستىدا كۈتۈلمىگەن ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، ھەش-پەش دېگۈچە كاننىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپ يەتتى. قودۇق

ئېغىزىغا بىردەمدىلا ئادەملەر توپلاندى، ھەتتا قوچاقلىرىدىكى بالىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاياللارمۇ كېلىشكەنىدى. بايىلا چېلەكلەپ قۇيۇلغانىدەك ياغقان يامغۇر يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئاسماندا پارچە-پارچە بولۇتلار ئۈزىلەڭگۈلۈك بىلەن قاياققىدۇر ئاستا سۈرۈلمەكتە ئىدى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئەندىشە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. قۇدۇق ئېغىزىغا كېيىن كەلگەنلەر ئالدىدا كەلگەنلەردىن:

— نېمە ئىش يۈز بېرىپتۇ؟ ئادەملەر ھاياتمىكەن؟ — دەپ سورىشاتتى.

— يانتۇلۇقنىڭ پەس تەرىپىدىكى كان يولىنى ئۈزۈن جىلغىدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى بېسىۋاپتۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دېدى كىمدۇر بىرى.

— ئېلىپ چىقتى، قاراڭلار ئېلىپ چىقتى.

كىشىلەرنىڭ دىققىتى بىردىنلا قۇدۇق ئاستىدىن نوسىلكىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىلغان سۇلتانغا ئاغدۇرۇلدى.

— ھاي، نېمىگە دەۋرەيسىلەر، يولنى بوشىتىڭلار! — بىرەيلەن قاتتىق تۇۋلىدى.

قۇدۇق ئېغىزىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، كىشىلەرنى ئارقىغا چېكىنىشكە دەۋەت قىلدى. توپ ئىچىدىن بىر ئايال يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى-دە، ئۆزىنى سۇلتانىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. ئەتراپتا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. پەقەت سۇلتان قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىغا سېلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىنلا، قىيا-چىيا سەل پەسكويغا چۈشتى. بىر چاغدا قۇدۇق ئاستىدىن ھاشىم سەپرانى يۆلەپ ئېلىپ چىقىشتى. ئارقىدىن ئۇستىبېشى لايغا مىلەنگەن يەنە ئىككى ياش ئىشچى ئېلىپ چىقىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەلگەن بىر قۇتقۇزۇش خادىمى ھالسىزلانغان ھالدا ئۆزىنى لاسسىدە يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىمۇ لايغا مىلەنگەن بولۇپ، گويا ھازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغان كىشىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ كىشىلەرگە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كەتتى. راشىنىڭ قۇدۇق ئاستىدا پاتقاق ئىچىدە قالغانلىقى ھەممىنى سەراسىمىگە سېلىۋەتتى. قۇدۇق ئېغىزىغا توپلانغان كىشىلەر كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسە توغرىلىق مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى:

— كان دېگەننىڭ مانا شۇنداق يېرى بار، بىرەر كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردىمۇ، بولدى. كىچىككىنە تارچىلىقتا قاياققا قېچىشىڭنى بىلمەيسەن.

— قارىغاندا سۇ تۇيۇقسىز بۆسۈپ چۈشۈپتۇ-دە!

— شۇنداق بولمايچۇ، — قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان ئوسمان ئىسمىلىك بىرى ئۆزىچە بىلەرمەنلىك قىلىپ سۆزلەپ كەتتى، — ھاشىم سەپرا بىلەن سۇلتان قېچىپ ئۇلگۇرۇپتۇ، لېكىن راشىنى سۇ شۇ جايدىلا مىجىۋەتكەن گەپ. كان ئاستىدا بۇنداق تۇيۇقسىز سۇ ئېتىلىپ چىققانىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بىر قېتىم بىز ئۇستى گومۇرۇلۇپ چۈشكەن بىر كان يولىدا تاش ۋە كۆمۈرلەرنى ئۇسۇۋاتاتتۇق. شۇ ئەسنادا بىرى «قاچ» دېگەندەك قىلدى،

ئۆزىمىزنى چەتكە ئالغىنىمىزنى بىلمىز، بىر چاغدا قارىساق ئۈستىدىن كۈچلۈك بېسىم بىلەن ئىتتىلىپ چۈشكەن سۇ پەستىكى بىر ۋاگوننى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە مىجىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا يا ھەزرەت! دەپ ياقىمىزنى تۇتقانىدۇق. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولغان گەپ، سۇ توپتوغرا راشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن گەپ...

— ئاغزىڭغا كەلگەنچە بىلجىرلىمساڭچۇ، ئوسمان، — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان ھېلىم لەقۋا، — راشىنىڭ نارەسىدە باللىرى بار، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن دېگىن!

— مەنمۇ يامان گەپ قىلىۋاتقىنىم يوقتۇ، ھېلىمكا، ئۇ تىرىك بولسا بۇ كەمگىچە ئېلىپ چىقماتتى. ياخشى يىگىت ئىدى. لېكىن «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دەيتتىكەن. شۇنىڭ ئورنىغا ئاۋۇ ھاشىم سەيپرا قالسىچۇ!

ھاشىم سەيپراغا يالغۇز ئوسماننىڭلا ئەمەس، ھېلىم لەقۋانىڭمۇ قورسىقىدا غوم بار ئىدى. بۇ ئىشقا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىم لەقۋا ئۇنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمايتتى. بىر كۈنى ئەترەت باشلىقى ھاشىم سەيپراغا:

— كانغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنى سىزنىڭ گۇرۇپپىڭىزغا تەقسىم قىلدۇق، — دېدى.

ھاشىم سەيپرا ئۇلارنى كانغا تۇنجى قېتىم ئېلىپ چۈشىدىغان كۈنى ھېلىم لەقۋانى چاقىرىپ:

— ھېلىماخۇن، سەن بۇلارنى كانغا ئېلىپ چۈشكىن، مەن ئارقاڭدىن چۈشىمەن، — دەپ يېڭى ئىشچىلارنى ھېلىم لەقۋاغا تاپشۇردى.

ھېلىم لەقۋا ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان گۆدەكلەرنى كۆرۈپ، لەۋ يېرىپ بىرنەرسە دېمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئۆيىدىكى توققۇز بالا ئازلىق قىلىۋاتقاندەك ئەمدى بۇ شۈمتەكلەرنى باشقۇرغۇدەكمەن، دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

قۇدۇق ئېغىزىغا بارغاندا ئۇ يېڭى ئىشچىلارغا:

— قۇدۇق ئاستىدىكى كان يوللىرى تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىدۇ، بىرەرىڭلارنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىپ، ئادىشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئارقامدىن قاتار بولۇپ ماڭىسلەر، — دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى.

يېڭى ئىشچىلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قاتار بولۇپ مېڭىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ كان ئاستىغا تۇنجى قېتىم چۈشۈشى بولغاچقا، ھەممىسى ھەر بىر قەدەمنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن باساتتى، ئەتراپتىكى تىرىق قىلغان ئاۋازلارغىمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپ بىر تار كان يولىغا كىرىشتى. بىر چاغدا ھېلىم لەقۋا ئۈن-تىنسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار بۇ شۇنداق توختاپ ئۆتىدىغان جاي بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ جىمجىت تۇرۇشتى. ئون مىنۇت، ئون بەش مىنۇت، يىگىرمە مىنۇت ھەتتا ئوتتۇز مىنۇت ئۆتتى. بۇنداق شۈك تۇرۇشقا

كۆنمىگەن ياشلارنىڭ پۇتلىرى تالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار لام-جىم دېمەي جىممىدە تۇرۇۋەردى.

— بۇ يەردە نېمىگە تۇرىسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن هاشىم سەپرا ئۇلارنىڭ بۇ خىل هالىتىنى كۆرۈپ.

— ئۇستام توختىدى، بىزمۇ توختىدۇق. — دەپ جاۋاب بەردى كىمدۇر بىرى.

هاشىم سەپرا قاتارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. هېلىم لەقۋانىڭ كۆرەكنىڭ سىپىغا تايىنىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەرۋاهى ئۇچتى.

— هەي لەقۋا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟! مۇنۇ گۆدەكلەرگە ئالىمهادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا نېمەڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن؟ — هاشىم سەپرا هېلىم لەقۋانى سىلكىشلىدى.

— خاپا بولمىسىلا، هاشىماخۇن، ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— يولدا، يەنە كېلىپ كان يولىدا كېتىۋېتىپ ئۇخلايدىغان قانداق ئادەمسەن؟!

— شۇ توققۇز بالىنىڭ غەلۋىسى، يا كۈندۈزى، يا كېچىسى ئارام يوق...

هاشىم سەپرا ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى.

مانا شۇنىڭدىن تارتىپ هېلىماخۇننىڭ لەقىمى «لەقۋا» بولۇپ قالدى. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىسە مەيلىغۇ، هاشىم سەپرا «هېلىماخۇن قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىر دەرىجە ئىش هەققىنى ئالدۇرۇۋەتتى. بۇ ئىش چۈچۈرىدەك توققۇز بالىنى بېقىۋاتقان هېلىماخۇنغا قاتتىق هار كەلدى.

— هاشىم سەپرانىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىسىغۇ، خۇدايىم جاجىسىنى بەرسۇن، دېگۈسى كېلىدۇ، — دېدى هېلىم لەقۋا. — بىراق ئۇمۇ ئادەم-دە! ئۇنىڭمۇ بالىلىرى، ئەۋرىلىرى بار ئەمەسمۇ؟

ئوسمان ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا نېمىدۇر دېمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن قۇدۇق ئاستىدىن يەنە بىر توپ ئادەمنىڭ چىقىپ كېلىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن قىيا-چىيا هەممىنىڭ دىققىتىنى شۇ ياققا تارتىپ كەتتى.

ئۇ كۈنى كۆپچىلىك قۇدۇق ئاغزى ئەتراپىدا غۇجمەك-غۇجمەك بولۇپ قاش قارايغىچە دېگۈدەك ئايلىنىپ يۈرۈشتى.

## 5

راشىدە سۇلتاننى كوچەپ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئاز مېڭىپلا هالسىزلىنىپ لاسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ يىقىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن كان يولىنىڭ يان تېمىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ شۇ يەردە بىردەم تۇرۇۋالغۇسى كەلدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئىككى ئوغلى يەنە كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى ۋە بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئالغا سىلجىدى. لايقا سۇ ئەمدى ئۇنىڭ بوينىغىچە چىقىۋاندى. لاتقا ئىچىدە قالغان پۇتلىرى گويا نەچچە مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىرنەرسە چېتىپ قويۇلغاندەك

www.uyghurkitap.com

تەستە مىدىرلايتتى.

بىر چاغدا ئۇنىڭ قولىغا قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى.

— ئاھ خۇدا! — دەۋەتتى ئۇ.

ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلغىنى پولات ئارغامچىدىن ئىشلەنگەن شوتا ئىدى، ئۇ شوتىغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، مۇشۇ ئەتراپتا ئۇستۇنكى تەكشىلىكتىكى كان يولىغا تۇتىشىدىغان بىر تىك تەشمە بار ئىدى. ئۇ تەشمىگە ئادەملەرنىڭ چىقىپ-چۈشۈشى ئۈچۈن پولات ئارغامچىدىن ئىشلەنگەن شوتا تارتىلغان بولۇپ، كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ تەشمە بىكار قىلىۋېتىلگەنىدى. ھازىر بۇ تەشمە ئارقىلىق ئۇستۇنكى تەكشىلىككە چىقىپ كەتكىلى بولامدۇ-يوق، بۇ تەرىپى راشىغا قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن-بىر ھايات يولى مۇشۇ تەشمە ئىدى.

ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈن-تىنىشمۇ يوقالدى. ئۇلار ساق-سالامەت چىقىپ كەتكەنمىدۇ ياكى لايقا سۇغا غەرق بولغانمىدۇ؟ دەپ ئويلىدى راشى. ۋاي ئىسىت، باياتىن بۇ تەشمە نېمىشقىمۇ ھېچقايسىنىڭ يادىغا يەتمىگەن بولغىيدى!

راشى شوتىغا يامىشىپ تەستە ئۇستىنگە ئۆرلىدى. ئۇ لايقا سۇ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققۇچە ئىككى قولىنىڭ ماغدۇرى قالمىدى.

ئاستى-ئۇستى ئىككى تەكشىلىكتىكى كان يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇنداق تىك تەشمىنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش مېتىرچە كېلەتتى. ئادەتتە بۇنداق تەشمىلەردە ھەر ئون مېتىر ئارىلىقتا بىر توغرا ياغاچ قويۇلۇپ، شوتا شۇ توغرا ياغاچقا ئېسىلاتتى. توغرا ياغاچ قويۇلغان جاينىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ئادەم سىغقۇدەك ئويۇقچە بولاتتى. كانچىلار ھەر بىر توغرا ياغاچنى بىر پەللە دەپ ئاتايتتى. راشى تىرمىشىپ يۆرۈپ بىرىنچى پەللىگە چىقىۋالدى. ئۇ پەللىدىكى ئويۇقچە ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە رېزىنكە ئۆتۈكنى سېلىپ ئىچىنى تازىلىدى. ئۇنىڭ تازا بىر سوزۇلۇپ يېتىۋالغۇسى كەلدى. لېكىن بۇنداق تارچۇقتا يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىكرەكمۇ ئولتۇرغىلى بولمايتتى.

بىر چاغدا ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوينىدىن پاتقاق بولۇپ كەتكەن سۇلياۋ خالتىنى چىقاردى. سۇلياۋ خالتا ھىم ئېتىلگەن بولغاچقا ئىچىدىكى بولكا پاكىزە ئىدى. ئۇ خالتىنىڭ ئېغىزىنى يىرتىپ بولكىنى يېيىشكە باشلىدى. ئەمما بولكىنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالمىدى، قۇرۇق بولكا ئۇنىڭ مەيدىسىدە تۇرۇپ قالدى. راشى مەيدىسىگە گۈپ-گۈپ ئۇرۇپ قويۇپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى. قاياقتىندۇر سۇسقىنا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېمەك سۇ يەنە چۈشۈۋېتىپتۇ-دە، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ قوش مۇشتچىلىك كېلىدىغان بىر پارچە كۆمۈرنى ئېلىپ پەسكە تاشلىدى. كۆمۈر كولدۇر-كۇلدۇر قىلىپ چۈشۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا چولتۇك قىلىپ جىمىپ كەتتى. دېمەك سۇ تۆت-بەش مېتىرچە پەستە ئىدى.

راشى ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، گەۋدىلىك قەددى-قامىتى ئۇنى تولىمۇ قارامدەك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق قارامىلىق قىلىپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ قۇدۇق ئاستىدا قاراملىقنىڭ ئىشلە-مەيدىغانلىقىنى، ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

راشىنىڭ تار ئويۇقچە ئىچىدە باياتىن بېرى ئولتۇرۇپ، بەللىرى تالدى بولغاي، يانغا ئۆرۈلمەكچى بولۇپ مىدىرلىدى. شۇ ئەسنادا پۇتى، بوشاپ قالغان بىر پارچە كۆمۈرگە تېگىپ كېتىپ، كۆمۈر پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يېقىنلا يەردە كۆمۈرنىڭ سۇغا چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلى-دى. دېمەك، سۇ يەنە جىددىي ئۆرلە-ۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ، بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كېتىشىم كېرەك.

راشى يەنە ئۈستىگە قاراپ ياماشتى. لېكىن بەزىدە كېلىشمەسلىك قوشلاپ كېلىدۇ. راشى ئىككىنچى پەللىگە ئۆلىشىشى-لا ئۇنىڭ بېشىدىكى چىراغىنىڭ توكى تۈگەپ ئۆچۈپ قالدى. ئەمدى ئۇ قاپقاراڭغۇ گۆر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئەتراپنىڭ بوشلۇق ياكى كۆمۈر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەمدى ئاشۇ جايدا جىم ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. لېكىن ئۇنى كىم قۇتقۇزىدۇ، قۇدۇق ئۈستىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ، بىلسىمۇ ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟ بۇ تەرەپلىرى راشىغا نامەلۇم ئىدى. ئەگەر ھاشىم سەپرا ساق-سالا-مەت چىقىپ بولغان بولسىچۇ؟ ياق، ئۇ بەلكىم مېنى لايقا سۇنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى، دەپ مەلۇم قىلىپ بولغاندۇ.

ھازىر سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى راشى. ئۇ سائىتىنى قولىقىغا يېقىن ئاپىرىپ تىڭشاپ كۆردى. سائەت چىكىلداپ مېڭىۋاتاتتى. لېكىن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەي، نۇردېگەن ئادەمنىڭ كۆزى ئىكەن، بولۇپمۇ مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقتا دەپ ئويلىدى ئۇ. ھازىر ئۇ كۆزىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالغانىدى...

## 6

ھاشىم سەپرا يېرىم كېچىگىچە دېڭۈدەك جۆيلۈپ ياتالمىدى. ئۇنىڭ قىزىتمى-سى ھېلىدىن-ھېلىغا ئۆرلەپ دوختۇرلارنى ساراسىمىغا سېلىۋەتتى. بىر چاغدا ئۇ سەل ئوڭشالغاندەك بولدى ۋە كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىندى. ئۇ چۈشىدە راشىنى كۆردى. راشى قويۇق پاتقاق ئارىسىدا بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتماقتا ئىدى. ھاشىم سەپرا ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، .ئەمما ئۇنىڭ قولى يېتەيلا دەپ قالغاندا راشى يەنە چۆكۈپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمە-دى.

— راشى! — دەپ قاتتىق تۋۋلىۋەتتى ئۇ ۋە بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ھاشىم سەپرا راشى راستىنلا لايقا سۇ ئاستىدا قالغانمىدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ دوختۇرلارنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي كۆمۈركانىغا قايتىپ كەلدى ۋە قۇدۇق ئاستىغا چۈشمەكچى

بولدى. قۇدۇق ئاغزى پاتپاراقچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئىشچىلار، كادىرلار نەچچە سېمىنا بولۇپ، يانتۇلۇقنىڭ پەس تەرىپىدىكى پاتقاقنى جىددىي تارتماقتا ئىدى. قۇدۇقتىن ۋاگونلار توختىماي چىقىپ-چۈشۈپ تۇراتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن ئالاقىدار رەھبەرلەرمۇ كەلگەن بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ ئېسىمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھاشىم سەپرا قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كىشىگە، — مەن راشىنى تېخى ھاياتمىكىن، دەيمەن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ كىشى ھاشىم سەپرانىڭ چىرايىغا تازا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، — تورۇسى بىلەن تەڭ پاتقاق تىنىپ كەتكەن كان يولىدا باش پاتقۇدەكمۇ بوشلۇق بولمىسا راشى قانداق ھايات قالسۇن!

— ئۇ كان يولىدىن چىقىپ كەتكەنمىكىن، دەيمەن.

— نەگە چىقىپ كېتىدۇ؟

— تەشمىگە.

— نەدىكى تەشمىگە؟

— يانتۇلۇقتا يېقىن بىر جايدا ئىلگىرى ئۈستۈنكى تەكشىلىككە تۇتىشىدىغان بىر تەشمە قېزىلغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئۈستى كۆمۈۋېتىلگەن. راشى دەل ئاشۇ ئەتراپتا يوقاپ كەتتى.

— ئەستا، بۇ ئىشنى نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز! — قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كىشى دەرھال كاندىكى ئالاقىدار بىرىنى تېپىپ بۇ ئىشنى ئېنىقلىماقچى بولدى.

لېكىن كاننىڭ بارلىق مەسئۇللىرى قۇدۇق ئاستىدا بولغاچقا، ئۇ ئۇيان-بۇيان تىپىرلاپ، ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن، دەرھال بىر گۇرۇپپا تەشكىللىدى-دە، گۇرۇپپىغا ھاشىم سەپرانى يېتەكچى قىلىپ قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈردى.

## 7

راشى ھاياتكەن، ئۇنى ھاشىم سەپرا تېپىپ چىقىپتۇ، دېگەن گەپ يەنە ھەش-پەش دېگۈچە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كاننىڭ بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپ يەتتى. ئاردا بۇ گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولغاندەك بىرنەچچەيلەن قۇدۇق ئېغىزىغا كېلىپ يىغىشتى.

— ئادەم دېگەننىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگىمىسە ئۆلمەيدىغان گەپكەن، — دېدى قۇدۇق ئېغىزىدا ۋاگون ئىتتىرىۋاتقان بىر ئىشچى.

— سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ساقمىكەن؟ — سورىدى ئوسمان.

— كۆردۈم، ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھاشىم سەپراچۇ؟

— ئۇ راشىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى.

— شۇنداق قىلدىمۇ؟! — ئوسمان جىم بولۇپ قالدى.

— كېتەيلى! — دېدى ئارىدىن كىمدۇر بىرى.

شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئېغىزىغا يىغىلغانلار بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ تارقاشتى.

تەبىئەت ئالىمى نەقەدەر گۈزەل-ھە!

لېكىن بۇ گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى قۇياشتۇر. قۇياش، پەقەت قۇياشلا بۇ ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرى ئارقىلىق ياشنىتىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر كانچىلارنى ئاشۇ قۇياشقا ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار ئۈچۈن نۇر ۋە ئىسسىقلىق ياراتقۇچىلار، لېكىن ئۆزلىرى قۇياشتىن، تەبىئەت ئالىمىنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىدىن مۇستەسنا بولغان چوڭقۇر يەر ئاستىدا، قاراڭغۇلۇقتا ياشايدۇ.

راشى قۇدۇقتىن چىقىپ ساپ هاۋادىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەر بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرچەتتە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان رەيهان ۋە ئوماق بالىسىغا چۈشتى. راشى ئۇلار تەرەپكە ماڭدى. ئىككى بالىسى دادا، دەپ تۇۋلىغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. راشى بالىلىرىنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار ئەگىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ كۆز ياشلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىۋالدى. ئاسماندا قۇياش پارلاپ تۇراتتى. راشى قۇياشقا قاراپ بوشقىنا پىچىرلىدى:


— سالام، قۇياش! سالام، يورۇق دۇنيا!

مەسئۇل مۇھەررىر مامۇت زايىت



ئەركىن سابىر 1953 ـ يىلى ئىيۇندا غۇلجا ناھىيىسى داداتىز يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ كۆمۈركان ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئۈرۈمچى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنىدا ئىشلىگەن. ھازىر «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە «گۈلزار»، «سۇلايمان لايغەزەل» قاتارلىق كۆپلىگەن ھېكايىلىرى، «قاراڭغۇلۇقتىكى دەقىقىلەر» ناملىق يۈرۈشتى ئېلان قىلىندى.





ئابلز ئوسمان


# يىلتىزسىز كۆكلەيدۇ

(ئەدەبىي ئاخبارات)


## مۇقەددىمە

مەن ئۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈۋېتىپ ئىختىيارسىز چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. ئۇ ئەمدى بىر دىرېكتور — ئىگىلىك ياراتقۇچىلا ئەمەس، ھاياتنى، سەنئەتنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئىجادكار بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئۇ تېخى يېقىندىلا «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئۇلاپ بېرىلگەن «كېچىكىپ كەلگەن باھار» ناملىق پوۋېستىدا بىر بەختسىز قىزنىڭ كەچۈرمىشىگە ياش تۆككەن بولسا، يەنە بىر قىسىم داستان-شېئىرلىرىدا تۇرمۇشقا، رېئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئوتتەك شائىرانە ھېسسىياتى بىلەن نامايان قىلغانىدى. ئالدىمدا يەنە ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد ئائىلە تارىخى ئەكس ئەتكەن 20 بابلىق قول يازمىسى تۇراتتى. ئۇنى گەرچە مەتبۇئاتقا بەرگۈدەك مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە يىلتىزىنى ئىزدەش ئېڭى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەنىدى. بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بىزدە ئۈچ ئەۋلادنىڭ نېرىسىنى بىلمەسلىكتەك ئىللەت ساقلانغان. بىراق قازاق، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز يەتتە ئەۋلادقىچە ئېنىق دەپ بېرەلەيدىكەن. بۇ پاكىتقا ئۇيغۇن گەپ ئىدى. ئويلاپ باقسام مەنمۇ بوۋامنىڭ نېرىسىنى ئۇقمايدىكەنمەن. ئەتراپىمدىكى خېلى كۆپ كىشىلەردىن سوراپ باقتىم، ئۇلارمۇ ماڭا ھەيران بولغاندەك قاراپ باش چايقاشتى. ئەجەبا ئۇ...

مەن يەنە ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە ھەپتىدە بىر چىقىدىغان «پاختا خەۋىرى» ناملىق گېزىتنى ۋە ئۇ يازغان بىر قىسىم خەۋەر-ماقالىلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ گېزىتنىڭ مەلۇم ساندىكى ئىبرەت سەھىپىسىدىن مۇنداق قۇرلار كۆزگە چېلىقىدۇ:



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر



مەلۇم پاختا زاۋۇتىنىڭ بىر مەسئۇلى تارىم دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ تۇرۇپمۇ تەشكىللىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي شەخسىي ساياھەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېتىپ، زاۋۇتقا تەھدىت سېلىۋاتقان كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش جېڭىگە قاتناشمىغان. بۇ زادى قانداق ئىستىل؟!

قارىماققا ئاددىي كۆرۈنگىنى بىلەن ماختاشمۇ، تەنقىدمۇ، پىكىر-تەلەپلەرمۇ بار بولغان؛ سەھىپىلىرى رەڭدار، ئىخچام، مەزمۇنلۇق بۇ گېزىت شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەت رىتىمىدىن، كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن، مول مەدەنىيەت مۇھىتىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، ئۇ ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئىگىلىك تىكلىگەنىدى. تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى چوڭ بىر شىركەتنىڭ نەچچە مىليونلاپ پۇلنى ئۇيان-بۇيان قىلالايدىغان دىرېكتورى بولۇپلا قالماي، مۇھەررىرى ھەم مۇخبىرىمۇ بولغانىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇ ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەندەك بولدۇم ھەم شۇنداق ئويلىدىم: شىنجاڭدىكى نەچچە يۈزلىگەن دىرېكتورلار ئىچىدە ئۇنىڭدەكتىن قانچىسى باردۇر؟

## 1

ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا خەرىتىدىكى شەكلى بەئەينى يىراققا نەزەر تاشلاۋاتقان تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان خىلۋەت ماكان — شايار ناھىيىسى بار. ئېلىمىزنىڭ ئەڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرى جىمىرلاپ تۇرغان زۇمرەتتەك پايانسىز دېڭىزغا سايە تاشلاپ تۇرسا، بۇ يەر دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن... يەر كۆلىمى تەيۋەن ئۆلكىسى بىلەن ئازراق كەم تەڭلىشىدىغان، تارىختا كۇسەن خانلىقىغا تەۋە بولغان بۇ يۇرتنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا ئوستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق ۋە كېۋەز تېرىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سان-ساناقسىز تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن غالىب كېلىپ، موللا ئەلەم شەھيارىدەك مەشھۇر كلاسسىكلارنى يېتىشتۈرگەن؛ بوستانتوغراق قەدىمكى شەھىرى، ئەگمەياتاق قەدىمكى شەھىرى، تاشدۆڭ قەدىمكى شەھىرى، ئۈچقات قەدىمكى شەھىرى، ژىدىق قەدىمكى شەھىرى، بوتباش قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەم تارىم، شالدىراڭ دەرياسى بويلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىققا ئوخشاش سىر-مۆجىزىلەرنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ كەلگەن بۇ يۇرت تارىخ قەدىمىگە ماس ھالدا بۈگۈنگىچە ئۇلاشتى. ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تارىخ بۇ زېمىنغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر سوئال قويدى: قېنى شايارلىقلار قانداق قىلاركىن؟

1980-يىل 15-دېكابىر، ھاۋا ئوچۇق. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياغقان قار كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ كۆزنى چاقاتتى. ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ يىغىن زالى يۈزدىن

ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى بىلەن تولغان، شۇ تاپتا ئۇلار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى يېڭى دىرېكتورنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنى-بۇنى دەپ پىچىرلىشاتتى، چىرايلىرىدىن تەقەززالىق، خىلمۇ خىل پەرەز ۋە ھۆكۈملەر ئەكس ئېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن كېرەم قاسىم ئىسىملىك ياشمۇ بار ئىدى. سائەت توققۇزدا ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق كىشىلەر زالغا كىرىپ كەلگەندە، كۆپچىلىك بىردىنلا جىم بولۇشتى. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن شۇجى تۆۋەندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ:

— ھازىر ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنىڭ قارارى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن كېرەم قاسىمنىڭ پاختا شىركىتىگە دىرېكتور بولغانلىقىنى ئېلان قىلىمەن، — دەپ جاكارلىغاندا، زال ئىچىدە بىر پەس تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئارقىدىنلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرغۇن ھالەتتىن بىزار بولۇپ، يېڭى ھاۋاغا، يېڭى پەللىگە ئىنتىلىۋاتقان يۈرەكلەرنىڭ ئورتاق دولقۇنلىنىشى ئىدى. كىشىلەر خېلىدىن بېرى كۆڭۈللىرىگە پۈككەن ئىش ئاخىر رېئاللىققا ئايلانغاندەك خۇشاللىنىپ، تۇشمۇ تۇشتىن كېرەم قاسىمغا قاراشتى. ئاز ساندىكى تاتارغان، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇ ئىش ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق كېرەم قاسىمغا شۇنداق تاسادىپىي تۇيۇلدىكى، ئۇ گويا بىر پارچە ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك يۈزلىرى قىزىرىپ، چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نومۇس ۋە غۇرۇر كۈچى شان-شەرەپ تۇيغۇسىدىن غالىب كېلىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېلىپ قالدى: شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنى 1958- يىلى ئۇنىڭ دادىسى پاختا زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. بىراق، ئۇزۇن مۇددەت ھۇنىرىگە تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ ئادەم يېڭى خىزمەت مۇھىتىغا كۆنەلمەي چىقىپ كەتكەن ئىدى.

يىغىن قىزغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. كوپىراتىپ رەھبەرلىرى شىركەتنىڭ چىقىش يولى ھەققىدىكى ئويلىرى ۋە ئۈمىد-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاخىرىدا كېرەم قاسىمنى ئاممىنىڭ ئالدىدا ئىرادە بىلدۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەنىلا تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان بولسا كېرەك، گاڭگىرىغان، ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھازىرغىچە تۇرغۇن جاپا تارتىپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنداق كۆپ ئاممىنىڭ ئالدىدا سەھنىگە چىقىپ سۆزلەپ باقمىغانىدى. ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىنغاندا بولسا ۋۇجۇدىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى-دە، قەددىنى رۇسلاپ، گۈس-گۈس دەسسىگىنىچە سەھنىگە چىقىپ مىكروفوننىڭ ئالدىغا كەلدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى ۋە كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى. ئۇ دەقىقە ئىچىدىكى ئويلىنىشتىن كېيىن قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن شىركەتتىكى ئامىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئاكتىپلىقىغا تايىنىپ ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تىرىشىمەن. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە ناھىيىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشىمەن!

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ زال ئىچىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىرېكتورلۇق ھاياتى باشلاندى. تۇرمۇش رىتىمى، شەكلىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ تۈپتىن ئۆزگەردى. خېلى مەزگىلگىچە تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئىشنى زادى نەدىن باشلاش، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قىيىن سوئال سەزگۈلىرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، بىر دەممۇ تىنچ قويمايتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ھېس قىلدىكى، بىرەر ئىش ھەققىدە ئويلاش، پىلان تۈزۈش ئاسان بولغان بىلەن ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئانچە ئوڭاي ئەمەسكەن. ئۇ ئەنە شۇنداق خىيال ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئىزتىراپ چېكىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك يۈز بەردى. ئىلگىرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى مەلۇم دەرىجىدە قوللىغان كوپىراتىپتىكى مەلۇم رەھبەرنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالغانلىقىدەك ئىقتىسادىي چاتاقلىقى پاش بولدى. ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى بولمىغان كېرەم قاسىممۇ گۇمانلىق دەپ قارىلىپ، 14 نەپەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

بۇ بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇلار ئۇنى بىراقلا كاردىن چىقىرىش ئۈچۈن ھەر خىل ئىغۋالارنى تارقاتقاننى ئاز دەپ، يۈز تۇرانە ھاقارەتلەپ، تېخىمۇ يامان، تەسىر پەيدا قىلماقچى بولدى. ناھەق ئىشلارنى كۆرسە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان كېرەم قاسىم بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر سالماق، ئېغىر بولۇپ، قەلبىدىكى غەزەپ ئوتلىرىنى بېسىۋالدى. ئەگرى-توقاي ھايات يوللىرى ئۇنىڭغا «ئاچچىقنىڭ دورىسى سوغۇت» دېگەن قائىدىنى ئوبدان ئۆگەتكەنىدى. بىر تەرەپتىن، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمىتىنى نورمال ئىشلەشكە تىرىشتى. ئۇ ئۆزىگە، ئامىغا، تەشكىلگە تولۇق ئىشىنەتتى. ھەق-ناھەق ئاخىر ئايدىڭلىشىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىراق، ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇنى بىلىپ يەتتىكى، كىشىلىك تۇرمۇش ئۇنداق ئاددىي ئەمەسكەن. ئادەملەر تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن. سەن قانچە سەمىمىلىك بىلەن بىر گۈزەل غايە يولىدا تىرىشقانسېرى، ئالدىڭنى توسىدىغان دوقال، پۈتلىكاشاڭلارمۇ شۇنچە كۆپىيىپ بارىدىكەن.

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىغان ھالدا خىيالغا چۆككەنىدى. كۆز ئالدىغا شوخ، مەسۇم باللىق چاغلىرى، نامرات بولسىمۇ قايناق ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى، قايتا تەربىيە ئېلىش مەزگىلىدىكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىر-بىرلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ھەم جاپالىق مەزگىللەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان

بۇ يۇرتتا ماڭمىغان يوللىرى، قىلمىغان ئىشلىرى ئاز دەمسىز؟ ئۇ ئوتتۇنچى بولۇپ جاڭگاللارنى كەزگەن، تاشيول ئىشچىسى بولۇپ يول ياسىغان، خۇمدانىدا ئىشلەپ خىش پىشۇرغان؛ ئۇ دېھقان بولۇپ ئورغاق، كەتمەننى، ياغاچچى بولۇپ رەندە، ھەرىنى ئىشلىتىپ باققانىدى. ئۇ جۇۋازچى بولۇپ ياغ تارتقان، ھەتتا مۇئەللىم بولۇپمۇ باققانىدى...

... ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ئۆزى تۇنجى قېتىم پاختا شىركىتىگە كىرگەن يىللارغا ئۇلانغاندا، ۋۇجۇدى ئىمىشقىدۇر تىترەپ، كۆزلىرىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئادەتتە ھەممە نەرسىنىڭ يېڭىسى، مەنبەسى بولغانىغا ئوخشاش، ئادەمدىكى ھەۋەس، ئىنتىلىشنىڭمۇ مەلۇم ئىشلار بىلەن چېتىشلىقى بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلىق قەلبىدە ساقلىنىپ قالغان بەزى ئالاھىدە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر كېيىنكى مەزگىلدىكى ھايات پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. كېرەم قاسىمنىڭ ئائىلە تارىخى ئەكس ئەتكەن 20 بابلىق قول يازمىسىدا مۇنداق قۇرلار بار: «1963-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئائىلىمىز تولىمۇ نامرات، تۇرمۇشىمىز ناچار بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا مەكتەپكە يېلىڭ ھەم يالىڭاياغ باراتتىم. بىر كۈنى مەكتەپ ماڭا بىر كىلوگرام پاختا، ئىككى مېتىر كاجىنى قۇتقۇزۇش ھېسابىدا بەردى. مەن شۇ چاغدا تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان پاختىنى تۇنجى قېتىم قولۇم بىلەن تۇتۇپ كۆردۈم. ئۇ تولىمۇ ئاق ھەم يۇمشاق ئىدى. ئانام ماڭا ئۇنىڭدىن بىر پاختىلىق ئىشتان تىكىپ بەردى. ئىمىشقىدۇر تەنلىرىم يايراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا، قەلبىمگە ئىللىق ھارارەت تارالغاندەك بولدى...»

1972-يىلى كېرەم قاسىم يېڭى مەھەللە يېزىسىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقاندا، پاختا زاۋۇتىغا ئىككى نەپەر خادىم ئالىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارالدى. ئۇ ئاڭلاپلا خۇشاللىق، ھاياجاندىن ئولتۇرالماي قالدى. دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ، قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. بىراق، چېنىققان ۋاقتى قىسقىكەن، دەپ قارىلىپ، تەلپى رەت قىلىندى. كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتىشقا باشلىدى. ئۇ كوپېراتىپقا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاسقان چارۋىچىلىق مەيدانىغا ماگىزىنچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئۇ پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىر سىستېمىدا ئىشلىيەلىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يەرلىكتىن ياۋا چىگە سېتىۋالاتتى. يىغىلىپ بەش-ئون تونىغا يەتكەندە، قاتار تىزىلغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ، ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، پاختا شىركىتىگە ئۆتكۈزەتتى. بىراق، ئۇنىڭغا ئەلەم قىلدۇرىدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئۇ مىڭبىر جاپادا شۇنچە يۈكنى ئەكەلگەن بىلەن ئىش بېجىرىدىغان ئادەم تاپالماي، نەچچە كۈنلەپ كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەمگە ئىسسىقلىق ۋە روھ بېغىشلايدىغان ئاپئاق پاختا ئارىسىدا ئىشلەۋاتقانلار ھەرگىزمۇ لايغەزەل، ھورۇنلاردىن بولماسلىق كېرەك ئىدى. ئەجەبا بۇ شىركەتتىكىلەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ

ئاچچىقلىناتتى، بوغۇلاتتى.

1973 - يىل مايدا ئۇنىڭ غايىسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پاختا پرىيوم كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا، خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتتى. پۇخادىن چىققۇچە ۋارقىرىغۇسى، سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلدى. ئۇ كۇرسقا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئون بەش كۈن كېچىكىپ بارغىنىغا قارىماي پاختا ھەققىدىكى بىلىملەر قايىنىمىغا شۇنداق كىرىپ كەتتىكى، ئۈچ ئاي ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تويبولدى يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنىپ پرىيومچى بولدى. قىزىق ئىش، ئۇ دەل پاختا شىركىتى قۇرۇلغان يىلى يەنى 1954 - يىلى تازا تومۇز ئىسسىقتا، ئەمگەك قىزىغان ئورما ئېتىزىدا دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. ئەجەبا، تەقدىر ئۇنىڭ ھاياتىنى پاختىدىن ئىبارەت ئاق، يۇمشاق، لېكىن جاپاسى تولا ئالتۇن بىلەن باغلىۋەتكەنمىدۇ؟

ئۇ بۇ يەردە پاختىكارلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەزىپىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. شۇڭا، 1976 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى ھەم كېيىنكى يىلى شۇ پونكىتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مانا ئەمدى تەشكىلنىڭ كۆزى ھېرىش-چارچاشنى بىلمەيدىغان، تاپشۇرۇلغان ئىشنى كۆڭۈل كەلتۈرۈپ ئورۇندايدىغان بۇ يىگىتكە چۈشۈشكە باشلىغانىدى. 1979 - يىلى ئۇ ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ كەسپىي ھەم پرىيوم بۆلۈمگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پىششىقلاپ، ئۈزلۈكسىز نەتىجە ياراتتى.

1980 - يىل ئۆكتەبىردە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پاختا زاۋۇتى، پاختا شىركىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. بۇ، ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى بولۇپ، كىشىلەر تېگىرقاش ھەم ئويلىنىش ئىچىدە يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇۋاتاتتى. قۇرۇلغاندىن بۇيان گاھ يۈكسىلىپ، گاھ چېكىنىشتەك ھالەتنى تەكرارلاۋەرگەن، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى سانىنىڭ ئاز، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن سېتىۋالىدىغان پاختىسى 30 مىڭ دەندىن ئاشمايدىغان پاختا شىركىتىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلانغانىدى. شۇ قېتىم كېرەم قاسىم تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەرتىپكە سېلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، پرىيوم، كەسپىي خىزمەت، بىخەتەرلىك، ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنامىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەدبىر تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ناھىيىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. نەچچە كېچە ئۇخلىماي ئويلىنىش، تەجرىبە-ساۋاقلارنى پۇختا

يەكۈنلەش ئارقىلىق كارخانا ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان 15 تۈرلۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يېزىپ چىقتى. ۋىلايەتلىك كارخانا تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى ئۇ تۈزگەن لايىھىنى ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە باشقا ناھىيىلەردىكى ئوخشاش كەسىپلەرگە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ بېكىتتى.

كېرەم قاسىم ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى قوللاپ چالغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى-دە، بىردىنلا يەڭگىللەپ، دىرېكتور بولغاندىن كېيىن ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. قەلبىدىكى ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرلىرى ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا قاراشقا ئۈندەيتتى. تەكشۈرۈش توپتوغرا ئالتە ئاي داۋام قىلدى. ھەتتا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى قاتارىدا تەكشۈرۈلدى. پاكىت ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ئۇنىڭ پاكلىقىنى، ھالال ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

كېرەم قاسىم يەنىلا شۇنداق سالماق ھەم تەمكىن ئىدى. كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىنى ئالدىراپ قىزىپ كەتمەسلىككە، ئىشنى پۇختا، ئەمەلىي قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. خېلى مەزگىلدىن بۇيانقى كۆزىتىش ھەم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىركەتنى قايسى يول بىلەن روناق تاپقۇزۇش مەسىلىسىدە ئېنىق قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

ئۇ ئىشنى تۈزۈم ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلىدى، ئىلگىرىكى ئەمەلىيەتتە ئۈيغۇن بولمىغان كونا قائىدىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، رىقابەت خاھىشى كۈچلۈك گەۋدىلەنگەن، پرىنسىپلىرى مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش، زامانغا لايىق باشقۇرۇش تەرتىپلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇنۇمدىن زىيىنى كۆپ بولىدىغان ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتتى. مەسئۇلىيەت ئېنىق، مۇكاپات-جازا نەق بولغاچقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئېشىپ، ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بوش ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. دەسلەپكى تۆت يىلدا پرىيوم، ھېسابات، بىخەتەرلىك ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچە 13 قارار كۇرس ئاچتى، قاتناشقانلار 650 ئادەم قېتىمغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1986- يىلى باج پايدىسى 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980- يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى. شىركەتنىڭ شارائىتىمۇ ياخشىلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 550 نەپەرگە يەتتى.

ئۇ گەرچە شۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىر باشلىنىش دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللار ياتاتتى...

## 2

1987- يىل مايىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كېرەم قاسىم پاختا شىركىتىگە دىرېكتور بولۇپ يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا يە[illegible] بىر خىرىس ۋە رىقابەتنى كۈتۈۋالدى.

شۇ كۈنى شىركەتنىڭ يىغىن زالىغا يىغىلغان يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قىزىق بىر «ئويۇن» نى كۆرۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا بۇ يەردە پاختا شىركىتىنى خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. بۇ، شايار تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. كىشىلەر ھەيران بولغان ھەم قىزىققان ھالدا بىر-بىرىنى يېڭىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلانغان ئۈچ رىقابەتچىگە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. رىقابەتچىنىڭ بىرى كېرەم قاسىم بولۇپ، ئۇ يەنىلا سالماق، تەمكىن كۆرۈنەتتى. بۇغداي ئۆڭ چىرايى، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن رىقابەتچىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىشەنچ كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. يىغىن باشلىنىپ، ئالدى بىلەن ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپېراتىپى ھۆددىگە بېرىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن ئۈچ نەپەر رىقابەتچى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆز قىلىپ، پىلان، تەسەۋۋۇرلىرىنى بايان قىلدى. يېرىم كۈن داۋام قىلغان «دىرېكتورلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسى» دە كېرەم قاسىم رىقابەتچىلىرىنى يەڭدى، ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ ئۇنى ھۆددىگەرلىككە تەكلىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندا، كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ تەبرىكلىدى. تەكلىپنامىگە ئۆز ئارا ئىمزا قويۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ:

— ھازىر ھۆددىگەر تەرەپ ئىككى نەپەر ياردەمچىنى تاللاپ بېكىتسە بولىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى.

زال ئىچىنى تىمتاسلىق قاپلىدى. كۆپچىلىك كىمنى تاللاركىن، دېگەندەك كېرەم قاسىمغا تەقەززالىق بىلەن قارىشاتتى. كېرەم قاسىمۇ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېقىن ئەل-ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەم ئۇزۇن مۇددەت بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرى كەلدى. بىراق، ئۇ ھۆددىگەر، شىركەتنىڭ قانۇنىي ئىگىسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋىتى زور بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭغا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىقتىدارلىق ئادەملەر لازىم ئىدى. بىردىن ئۇنىڭ قەلبى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى-دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزى بىلەن دىرېكتورلۇقنى تالاشقان ئىككى نەپەر «رەقىبى» نى ياردەمچىلىككە تاللىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ كىشىلەرگە كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ تۇيۇلدى بولغاي، بىر-بىرىگە لاپپىدە قاراشتى. ئاندىن ھەيران بولغان، تېڭىرقىغان ھالدا ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ تاپتا كېرەم قاسىمنىڭ «رەقىبى» نى ئۆز يېنىغا تارتىشى ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئىدى. كونىلاردا «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن گەپ بار، بىر قەپەس «تۇتۇشقان» بولدۇق. ئۇلاردا يۈرەك، ئەقىل، جاسارەت دېگەن نەرسە بولمىسا دىرېكتور بولمەن، دەپ مەيدانغا چۈشەمتى، دەپ ئويلايتتى كېرەم قاسىم.

* *

ئۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن «ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى» كۈچىيىپ، تېخىمۇ ئەركىن، بىمالال ئىشلەش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قابىل ئىككى ياردەمچىگە ئىگە بولغاچقا، ئەقىل خەزىنىسى بېيىپ، ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

تويبولدى، مازارغوجام، يېڭىمەھەللە قاتارلىق جايلاردىكى پاختا زاۋۇتلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېزا باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن، پىششىقلاپ ئىشلەش سۈرئىتى ئاستا، سۈپىتى ناچار، بەزىبىر ئەرلىك ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ھالى خاراب ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئۈچ زاۋۇتنى سېتىۋېلىش بىلەن بىرگە 6 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېڭىدىن ئۈچ پاختا زاۋۇتىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، بىر گەۋدىلىنىشكە قاراپ يۈزلەندى. دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ پاختا كۆلىمىنى كېڭەيتىش پىلانىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. 1990-يىلغا قەدەر ئۇ سوپەت ۋە ئۇنۇم ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، ئەسلىدىكى كونا، قالاق ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا 4 مىليون يۈەن سەرپ قىلدى. 40 نەچچە ئادەمنى كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئالىي تېخنىكۇم سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، 25 ئادەم قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، 80 نەچچە ئادەم قېتىم ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كېيىنكى يىلى ئۇ پاختا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قايلۇر، بورىقاي قاتارلىق جايلارغا يېڭىدىن ئىككى زاۋۇت قۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ پاختىچىلىقنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت ئاجرىتىپ، ناھىيىنىڭ پاختىچىلىققا ئائىت تەشۋىق-تەربىيە، يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىش ۋە نەق مەيدان يىغىنلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. تېرىلغۇ، پەرۋىش ۋە يىغىۋېلىش مەزگىللىرىدە بىر تۈركۈم خادىملارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ، دېھقانلارغا ھەر جەھەتتىن ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

1992-يىلى ناھىيىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40 مىڭ مو

كۆپىيىپ 220 مىڭ موغا يەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۈز بىر تەرەپتىن، دېھقانلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن، پاختىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، نۇرباغ، يېڭىئېرىق، يانتاقباش قاتارلىق جايلارغا ئۈچ سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە سېتىۋېلىنغان پاختا مەھسۇلاتى 370 مىڭ دەنگە يېتىپ، شايار تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. شۇ يىلى بۇ شىركەت ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. كېرەم قاسىممۇ ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىچىلىق سىستېمىسىدىكى ئون مۇنەۋۋەر دىرېكتورنىڭ بىرى بولۇپ تەقدىرلەندى.

3.

«ئەقىل-پاراسەتكە دائىر ھېكايىلەر» ناملىق كىتابتا جەنۇبىي ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن «ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈش» تىن ئىبارەت قىزىقارلىق بىر ۋەقە بار. ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئوت ئاپىتىدە قاپسىلىپ قېلىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان بىر توپ ساياھەتچىنىڭ ئەقىللىك بىر ئوۋچى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كېرەم قاسىمنىڭ ھايات خاتىرىسىدىمۇ «ئوتنى دۈملەپ ئۆچۈرۈش» ئارقىلىق چوڭ بىر ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىنغانلىقىغا ئائىت بىر ھېكايە بار. بۇ دەل 1991-يىل 12-نويابىر پاختا سېتىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىۋاتقان پەيتتە يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. شۇ كۈنى جىددىيچىلىكتىن چارچاپ ھالى قالمىغان كېرەم قاسىم ئەمدى بىر ئوھ دەپ چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ شوپۇرى چىرايىنىڭ ئۆڭ-سۆلى قالمىغان ھالدا كىرىپ كەلدى ھەم تويبولدى پاختا زاۋۇتىدىكى پىششىقلىنىش ئالدىدا تۇرغان پاختا دۆۋىسىگە ئوت كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

كېرەم قاسىمنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. گويا مۇھىم بىر بازىنىڭ قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان خەۋىرىنى ئاڭلىغان كوماندىردەك چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ، قولىدىكى ھورى پۇرقىراپ تۇرغان ئىسسىق ئاشنى جاققىدە شىرەگە قويغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا قاراپ ئاتلاندى.

تاغدەك يوغان بىر پاختا دۆۋىسى پاراسلاپ ئاۋاز چىقارغىنىچە گاھ يالقۇن چىقىرىپ، گاھ قويۇق ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تايلاپ قويۇلغان پاختا، چىگىت دۆۋىلىرى كۆپ بولۇپ، قىممىتى 17 مىليون يۈەندىن ئاشاتتى. بۇ، شاياردىكى نەچچە مىڭ ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىككى يىللىق مائاشىغا باراۋەر كېلىدىغان سان ئىدى. ئەگەر ئوت تېز ئۆچۈرۈۋېلىنمىسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى؛

ئاپەت رايونىغا نەچچە مىڭ ئادەم — ئەتراپتىكى دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار،

ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىلغان بولۇپ، قوشۇن تەرتىپسىز ھەم قالايمىقان ئىدى. ھەر بىر داس سۇ ئوت ئۈستىگە چېچىلغاندا، ئۇچقۇن نەچچە مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلەتتى. بۇ ئەھۋالدا، تاساددىپىي شامال چىقىپ قالسا ئەتراپتىكى پاختىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇ تاپتا بۇ قوشۇن، تەدبىرلىك بىر قوماندانغا تولىمۇ موھتاج ئىدى. بىر پەستىن كېيىن ناھىيە رەھبەرلىرى يېتىپ كېلىشتى. تىزگىنسىز قېلىۋاتقان ئوتقا قاراپ، كۆپچىلىكنىڭ چىرايلىرىدىن تاقەتسىزلىك، جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى. ئادەم كۆپ يەردە گەپ كۆپ بولىدۇ، دېگەندەك، كىشىلەر ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ، چارە-تەدبىر كۆرسىتىشەتتى. بەزىلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى، ئەمدى ئۆچۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ خورسىناتتى. بەزىلەر كۆيۈۋاتقان پاختا دۆۋىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتراپتىكى پاختا دۆۋىلىرىنى تېزدىن يۆتكەشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق قىلغاندا كۈتۈلمىگەندە شامال چىقىپ قالسا، ئاقىۋەت بەربىر ئوخشاش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچىۋالا كۆپ پاختىنى بىر ھەپتىدىمۇ يۆتكەپ بولغىلى بولمايتتى. شايار ناھىيىسىدە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بولمىغاچقا، يەنە بەزىلەر تېزدىن كۇچا ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرىشنى ئېيتىشتى. بىراق، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كېرەم قاسىم چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى: ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قالايمىقان قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش، قوشنا زاۋۇتتىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى تېزدىن يۆتكەپ كېلىش بىلەن بىللە يېقىن ئەتراپتىكى كىگىز-پالاسلارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال بۇ يەرگە توپلاش.

شۇنىڭ بىلەن قوشۇن جەڭگىۋار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كىرىشتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 800 پارچە بىرېزېنت پالاس، 2000 پارچە كىگىز تەييار بولدى. كېرەم قاسىم بۇلارنى سۇغا چىلاپ، كۆيۈۋاتقان پاختا دۆۋىسىنى يۇچۇق قالدۇرماي يېپىپ «دۇملەش» كە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ ئاللىقاچان ئويلاپ يەتكەنىدىكى، بۇنداق قىلغاندا ئوتنىڭ ئەتراپقا يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، قۇتراۋاتقان ئوت ئەجدىھاسىنىڭ نەپەس ئېلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، جايىدىلا «بوغۇپ ئۆلتۈرۈش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى تېزلا ئۈنۈم بەردى. ئىككى سائەتلىك كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ئوت ئاخىر ئۆچۈرۈۋېلىندى. كۆپچىلىكنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. كېرەم قاسىممۇ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان، تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىل تىنىدى.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، قۇرۇتۇش ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق زىيان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە — 93 مىڭ يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. 17 مىليون يۈەنلىك غايەت زور زىياننىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇغۇرتا شىركىتى زىياننى خۇشاللىق

بىلەن تۆلەپ بەردى.

شىركەتنىڭ كېڭىيىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كېرەم قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان مەسىلىلەرمۇ كۆپىيىپ باردى. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇ پاختىدىن ئىبارەت بىرلا يولدا قىستىلىپ تۇرىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. تىنىمسىز سوئاللار ئىچىدە ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئېچىلمىغان يوللارنى ئېچىشقا تىرىشتى.

1991- يىل 10-مارت، ھاۋا ئوچۇق. شىركەت دەرۋازىسىنىڭ ئىچى-سىرتى ئەتىياز ئاپتىپىغا قاقلانغىنىچە قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتقان بىر توپ ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالغۇدەك كۆلكە، چاقچاقلىرى ئىشتىن ئېشىپ قېلىۋاتقان نەچچە يۈز ئىشچىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان كېرەم قاسىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ كارىدورغا چىقىپلا ئۆزى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان بىر كۆرۈنۈشنى كۆردى. ئۇ باشقا كۆرۈنۈش ئەمەس، دەل شىركەتتىكى بىر نەچچە يۈز ئىشچىنىڭ قولى ئىشتىن سېلىككىنىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغان، بىجىرىم تۇرۇپ قىلغىلى ئىش تاپالمايۋاتقان، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۆزلىرى نائىلاج خورلاۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ھالەت ئىدى.

كېرەم قاسىمنىڭ ئىچى قاتتىق ئېچىشتى. ئىنسانغا بىكار تەلەپلىكتىن ئارتۇق خورلۇق بولماس! يەنە كېلىپ بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ بىر خورلۇق ئىدى. شۇ مىنۇتتا چىگىش خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق سوئال قويدى: مەن دىرېكتور بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا يارىتىدىغان شارائىت-ئىمكانىيەتنى قاچانغىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەيمەن؟ ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ، يەنە بىر پەس خىيالغا چۆكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بېرى شىركەت دەرۋازىسىدىن تۇنجى قېتىم كىرگەنلەردىن رويخەت ئۈچۈن سورالغان سوئاللار كەلدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— بىلىم سەۋىيىڭىزچۇ؟

— نىمىگە قىزىقىسىز؟ قانداق ئالاھىدىلىكىڭىز بار؟

......

ئەمدى تاپتىم، دەۋەتتى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا. شۇ تاپتا ئۇ «ئەقىل ماشىنىسى» نىڭ يەنە بىر قېتىم ئۈنۈملۈك ئىشلەپ بەرگەنلىكىدىن خۇرسەن بولغانىدى.

1992- يىل 25-ماي، سەھەر. كېرەم قاسىم ئويلىغانلىرىنى شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇپ، قىزغىن قوللاشقا ئېرىشتى. ئۇ شىركەت تارمىقىدىكى بارلىق خىزمەتچىگە بېكىتىدىن «رويخەت جەدۋىلى» تارقىتىپ، ھەممەيلەنگە ئارتۇقچىلىقى، قىزىقىدىغىنىنى گىرافىغا ئەيىنەن، تولۇق تولدۇرۇشنى تاپىلاپ، ئاخىر ھەر بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىقتى. رويخەتتە ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەل « سەنئەت تالانتىم يۇقىرى » ، « بىر قانچە خىل سازنى چېلىشنى بىلىمەن » ، « يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئېيتىشقا بەكمۇ قىزىقىمەن » دېگەن سۆزلەر بولدى.

دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىشتىن ئارتۇق بىھۇدە ئىش يوق. شۇنداقلا تەدبىرلىك، ئىدىيلىق ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئىشنىڭ قىيىنمۇ يوق. يېڭىدىن تولدۇرۇلغان رويخەت جەدۋىلىدىن 14 نەپەر كىشىنىڭ تالانتلىق سەنئەت ھەۋەسكارى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. شۇ تاپتا ئۇلارمۇ چەكسىز شادلىققا چۆمگەنىدى. كىشىگە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىشقا قويۇلۇشتىن ئارتۇق بەخت بار دەمسىز؟

تەمكىن كېرەم قاسىمنىڭمۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن شىركەت تارىخىدا بىرەر ئۆزگىچە يېڭىلىق چىقىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيدى. ئىش ئويلىغان يەردىن چىقتى. 1993-يىل فېۋرال كەلگەندە، بۇ شىركەت قارىمىقىدىكى « ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى » مۇنتىزىم تەشكىللىنىپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، لەپەر، ئىپىزوت قاتارلىقلار بويىچە جاپالىق رېپېتىتسىيىنى باشلىدى. 5-ئاينىڭ 4-كۈنى بۇ ئۆمەك ناھىيىلىك كىنو-تىياتىرخانىدا تۇنجى قېتىم ئويۇن قويدى. 1200 كىشىلىك كۇلۇبنىڭ بىرمۇ ئورنى بوش قالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆمەك ناھىيە تەۋەسىدە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ تەلەپ-ئارزۇلىرىدىكى مۇلازىمەت تۈرىدىن باش تارتماي، بارغانلا يېرىدە قارشى ئېلىندى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شايار ناھىيىسىدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بۇ ئۆزگىچە يېڭىلىقتىن تولىمۇ رازى بولدى.

« ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ 1993-يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە مۇنۇلار ئېنىق يېزىلغان: ئۆمىكىمىز 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى 16 ناھىيە، 80 دىن ئارتۇق يېزا، مەيدان، ئۆتەڭ، كەنتلەردە 65 مەيدان ھەقلىق، 12 مەيدان ھەقسىز ئويۇن قويدى. 73 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆمەكنىڭ مۇزىكا ئەترىتى قوشنا ئورۇنلارغا بېرىپ، 21 قېتىم مۇزىكا چېلىپ بەردى. ھازىر ئۆمىكىمىز كۈنسايىن روناق تېپىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا، تەمىنات-سودا سىستېمىسىدىكى تۇنجى كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ قالدى. ئۆمەك بۇ يىل ئۆز-ئۆزىنى تولۇق قامداپلا قالماي، شىركەتكە 1642 يۈەن ساپ پايدا تاپشۇردى. رويخەت جەدۋىلىدىكى ئالاھىدىلىكى، قىزىقىشى بويىچە رەتلەنگەن تىزىملىكتىن قوشۇمچە كەسىپكە تەشكىللەشكە بولىدىغانلارنىڭ سانى 150 كە، كەسىپ تۈرىنىڭ 24 كە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

1993-يىل 6-ماي شىركەت « ئاق ئالتۇن سەنئەت ئۆمىكى » نىڭ ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىپ بولۇپلا، باشقا كەسىپ تۈرىدىكى ئۇستىلارنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. 30 كۈن ئىچىدە ياغاچچىلىق، ماشىنىچىلىق، رېمونتچىلىق، كىراكەشلىك، ساتىراشلىق، بورداقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىدى. تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تۇرغۇزدى. كىرىم كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، 24

كەسپنىڭ 22 سىگە 64 نەپەر كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇستىلارنىڭ قەلبى ئەمدى ئەمىن تاپتى، شادلاندى.

* *

1992-يىل 20-فېۋرال، ھاۋا يەنىلا ئۈچۈق بولۇپ، دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر توپ «ھۈنەرسىزلەر» تەقەززالىق ئىچىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىرېكتورغا تېزرەك ئىش بېرىشنى ئىلتىجا قىلىشاتتى.

— سىلەر ئەمگەك قىلالامسىلەر؟ — مۆجىزە يارىتالامسىلەر؟ دىرېكتورنىڭ بۇ سوئالىدىن ئۇلار تېڭىرقىغاندەك بىر-بىرىگە قاراشتى. ئاندىن بىر نەچچە تەنتەك:

— ئەمگەكنى بىزدەك ئوغۇل بالا قىلمىسا، كىم قىلاتتى، — دېگىنىچە كۆكرىكىنى كەردى. كۆپچىلىك بىردەك ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. دىرېكتورنىڭ كۆڭلى يەنە بىر قېتىم ئەمىن تاپتى. ئارقىدىنلا ئۇ سەل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدە نۇرغۇن ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرۈپ يەتكەن كىشىلەر ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدى 1000 مودىن، كەينى بىر قانچە يۈز مودىن بوز يەر ئېچىپ، سۇيىگە قاندۇرۇپ كۆچەت تىكىپ، كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز، زىرائەت تېرىپ، ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقتى. ناھىيىمىزنىڭ گۈلباغ يېزىسىدىن چىققان راخمان ئىسمايىل بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. باشقا ناھىيىلەردىكى نەچچە يۈزلىگەن دېھقانلارمۇ ئىككى بىلىكىگە، ئەقىل-پاراسىتىگە، ئەڭ مۇھىمى، سىياسەتكە تايىنىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەكتە. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزىسىدىكى ۋاڭ گۇزى ئەسلىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىن قۇرۇق قول كەلگەن. ئۇ قىسقىغىنا ئون يىل ئىچىدە بوز يەر ئېچىپ، پاختا تېرىپ، داڭلىق پاختىكارغا ئايلاندى. ئەمدىكى گەپ سىلەردە. قاتتىقلا قولايلىق، سۇيى ئەلۋەك زېمىن بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قايلۇر يېزىسى تەۋەسىدىكى قۇمباغ سىلەرنىڭ نىشانىڭلار بولسۇن.

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدىغان كەڭ يايلاق — قۇمباغ شايار تارىخىدا بىر قانچە قېتىم ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ ياكى تەبىئىي شارائىت ۋە ئىمكانىيەتنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ تاشلىنىپ قالغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇمباغنى ئەزەلدىن شايارلىقلار ماكان تۇتۇپ، كۆكەرتىپ، بايلىقىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. 1803-يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق چوڭ كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان، ئاپەتتىن ئامان قالغان ئاھالىلەر تويبولدى تەۋەسىگە كۆچۈپ كەتكەن.

1932-يىلدىن 1942-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ كۇچاردىكى ساقچى ئىدارىسى قۇمباغنى بىر قېتىم ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاتلىرى ئۈچۈن بېدە تېرىغان. كېيىن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەر تاشلىنىپ قالغان. 1965 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە مەزگىلىدە قايلۇرلۇقلار يەنە بىر قېتىم ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈپ شال تېرىپ باققان، كېيىن ئۇلارمۇ تاشلىۋەتكەن. ئەجدادىمىزدىن قالغان «يەر ئەسكى ئەمەس، ئەر ئەسكى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇگۈنكى كۈندە سىياسەتنىڭ كەڭلىكىدىن قۇمباغ ئاخىر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى.

1992 - يىلى مارت، كېرەم قاسىم ئاخىرقى بىر تۈركۈم «ھۈنەرسىزلەر» نى ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇمباغقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، قۇمباغدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياشلار مۇلازىمەت كارخانىسى قۇرۇلدى. ھازىر بۇ كارخانا 500 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈككە، يىللىق تىجارەت پايدىسى 100 مىڭ يۈەنگە يەتكەن كارخانا بولۇپ قالدى. كارخانا قۇرۇلغاندىن 1994 - يىلغا قەدەر بىر قانچە 100 مو يەر ئېچىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، 60 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخ تىكىلگەن. 1993 - يىلى ئىچىدە 180 مو يەرگە ھەر خىل زىرائەت تېرىلىپ، 80 مىڭ كىلوگرامغا يېقىن ھوسۇل ئېلىنغان. 28 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىنغان، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە 300 مودىن ئارتۇقراق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

قۇمباغ ئۆز ئوغلانلىرىغا شادلىق ئاتا قىلدى. نەچچە قېتىم ئۆزلەشمىگەن بۇ زېمىننى شايار دىيارىدىكى تەدبىرلىك، پەم - پاراسەتلىك كارخانىچى كېرەم قاسىم باشچىلىقىدىكى ئاددىي، ئەمما شىجائەتلىك ئەزىمەتلەر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۈيىگە قاندۇردى. ئۇلارنىڭ ماڭلاي تەرلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقتى.

## 4

1993 - يىلى شايار ناھىيىسىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، كېۋەز مەھسۇلاتى 10% كېمىيىپ كەتتى. بۇ، پاختىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، شايارلىقلارنى يەنە بىر قېتىم ساۋاقتا ئىگە قىلىپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتا بىر تۈركۈم كەسىپ ئىگىلىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئاپتوماتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنچىكە، تېخنىكا كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئېشىۋاتاتتى. بۇ ئەزەلدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان كېرەم قاسىم ئۈچۈن ئالتۇندەك پۇرسەت بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھەم يۇقىرى - تۆۋەن قاتلاملارغا كۆپ قېتىم چېپىپ ئارقىلىق، شىركەت قارمىقىدا يۈز نەچچە كىشىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىشنى قولغا كەلتۈردى. 1994 - يىل ئاپرېلدا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن قابىل

تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغان 200 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنى ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، سىياسەت كەسىپلىرى بويىچە بىر ئايلىق كونسۇلتاتسىيىگە ئۇيۇشتۇردى. بۇلاردىن 188 نەپىرى دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلىقتىن، شىركەت ئاچقان ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم مەكتەپ بىلەن شىركەت بىرلىشىپ ئاچقان كارخانا ئوتتۇرا تېخنىكومى بارلىققا كەلدى. ئۇلار سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش مەزگىلىدە ئۆز زاۋۇتلىرىغا بېرىپ پراكتىكا قىلسا، بوش ۋاقىتلاردا يىغىلىپ دەرس ئوقۇغاچقا، ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ھەم ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتەك قوش ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1994-يىلى شايار ناھىيىسى 300 مىڭ مو كېۋەز تېرىش، 30 مىڭ تونىنا ساپ پاختا ئېلىش، بىرلىك مەھسۇلاتنى 100 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت « 331 قۇرۇلۇشى » لايىھىسىنى تۈزدى. پاختا شىركىتى بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، دېھقانلارنى 5000 تونىنا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق چىگىت بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، فېۋرالدا ناھىيە چاقىرغان تايانچ كادىرلارنى ۋە تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا 60 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. تېرىلغۇ مەزگىلىدە 40 نەچچە نەپەر خادىم ئاجرىتىپ، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن سېتىۋېلىش-سېتىش توختامى تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. 18-ئاپرېل كۈتۈلمىگەن مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئون نەچچە مىڭ مو كېۋەز نابۇت بولغاندا، شىركەت ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا دەرھال 100 تونىنا ئۇرۇقلۇق چىگىتنى ھەقسىز ياردەم قىلدى. مول ھوسۇلنى مول پىتى، بىخەتەر يىغىۋېلىش ئۈچۈن 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پاختا زاۋۇتىنى 12 گە، سېتىۋېلىش نۇقتىسىنى 18 گە يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، پۈتۈن زاۋۇتتا يۇرۇشلەشكەن بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن 36 كىشىلىك ئىقتىسادىي ساقچىلار ئەترىتى قۇرۇپ، قوغداش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، 1980-يىلى ئاران يۈز نەچچە ئادىمى، 400 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلكى بار بۇ شىركەت بۈگۈن ئىشچى-خىزمەتچىسى 1088 نەپەرگە، مۇقىم مۈلكى 24 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تايانچ كارخانىغا ئايلاندى. 1993-يىلى باج پايدىسى مىليون يۈەندىن ھالقىغان كارخانا بولۇپ، ۋىلايەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1994-يىلى باج نىسبىتى كېمەيگەن ئەھۋالدا باج پايدىسى 9 مىليون يۈەندىن ئاشتى. تاپشۇرغان يەرلىك باج 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۆتكەن يىلى پاختا مىقدارى 650 مىڭ دەنگە، دېھقانلارغا تارقىتىلغان زاكالەت پۇلى 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەھسۇلات 75% ئاشتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چوڭ يىغىن ئېچىپ، شىركەت دىرېكتورى كېرەم قاسىمنى 6000 يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق

www.uyghurkitap.com

پاختا چىگىت شىركىتى 25 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1995 - يىلى شايار پاختىكارلىرى ئۈچۈن يەنە بىر ئامەتلىك يىل بولدى. ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت بولغان ئەھۋالدىمۇ، 300 مىڭ مو يەرنىكى كېۋەزدىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئالدى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 32 مىڭ 500 توننىغا يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1000 توننىدىن كۆپرەك ئاشۇردى. شايارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1300 يۈەن بولدى. بۇنىڭغا پاختا شىركىتىنىڭ ئەجرى سىڭمىگەن دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

## 5

شىركەت روناق تېپىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەنسېرى كېرەم قاسىم شۇنچە سالماق، تەمكىن، كىچىك پېئىل بولدى. يۇرتقا، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق، ساۋابلىق ئىشلار بولسا قىلدىكى، كىچىككىنە ئىشتىمۇ بىپەرۋالىق قىلمىدى. شاياردىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشى، شىركەتنىڭ 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپلارغا ياردەم بېرىشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۇ شىركەتكە ۋەكالىتەن مائارىپ، مېيىپلار، ئاپەت رايونلىرى، يول قۇرۇلۇشى ۋە بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن بىمارلارغا 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. بۇنى خوتەندىن چىققان كېرەم ئىمىننىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمىسىمۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېتىشىپ چىققان بىر كارخانىچىنىڭ ھەمىشە ۋەتەن، خەلقنى كۆزلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. تۆۋەندە كېرەم قاسىم ۋەكىللىكىدىكى شايار ناھىيىلىك پاختا شىركىتىنىڭ ئىش ئىزلىرى ئەكس ئەتكەن ئۇششاق ھېكايىلەر ئىچىدىن بىر نەچچىسىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز:

1 - ھېكايە: شايار ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە 43 كىلومېتىر كېلىدىغان تارىم يېزىسىنىڭ يولى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياسالمىغاچقا، قاتناش قولايسىز بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ناھىيە بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەبلەغ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن يەنە 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە تاشلىنىپ قالغانىدى. كېرەم قاسىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال يولنىڭ كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈچ قۇرۇلمىسى ئۈچۈن شىركەت نامىدىن 120 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يول ئومۇمىيۈزلۈك پۈتۈپ، نەچچە مىڭلىغان دېھقانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى.

2 - ھېكايە: بۇ 1991 - يىلى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىدى. پاختا شىركىتىدە پەن

زىيەك ئىسمىلىك بىر ئايال ئىشچى بولۇپ، ئۇنىڭ 13 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىلاردا جىددىي داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماي، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. بىر كۈنى فەن زىيەك گېزىتتىن شاڭخەيدىكى مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ بۇ كېسەلنى داۋالاپ، ئۈنۈمىنى 80 پىرسەنتكە يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدۇ. بۇ ئۇچۇر قانداق قىلسام يۈرەك پارەمنى قۇتقۇزۇۋالارمەن، دېگەن كويدا پايىپېتەك بولۇپ يۈرگەن بۇ ئانىغا ئازراق ئۈمىد بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتقۇدەك خىراجەتكە چىقنالمايتتى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ بېقىش نىيىتىدە ھېلىقى گېزىتنى كۆتۈرگىنىچە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. كېرەم قاسىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، بار كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھەم شۇ كۈنىلا فەن زىيەكنىڭ يولدىشى تۇرۇشلۇق سۇ ئىدارىسىگە كېلىپ، ئىدارە باشلىقى خالىق ئىمىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىشنى بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئورۇن 40 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 80 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، بالىنى تېزدىن شاڭخەيگە يۆتكەپ، داۋالىتىشقا دالالەت قىلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن غەمخورلۇققا تېمە دېيىشنى بىلمەي قالغان ئەر-ئايال ئىككىيلەن تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلىۋەتتى.

3-ھېكايە: شىركەت ئىشچىسى غوپۇر ھاكىمنىڭ 19 ياشقا كىرگەن ئوغلى كىچىكىدىنلا بىر خىل پالەچلىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. سەككىز جانلىق بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى داۋالىتالماي كەلگەن. 1992- يىلى كېرەم قاسىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە يوقلاپ كېلىپ ئەھۋال سورىدى. ياشلىق باھارىغا قەدەم قويغان بىر يىگىتنىڭ بىچارە ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئېچىشتۇردى. ئۇ دەرھال 7000 يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ، بالىنى تېزدىن داۋالىتىشنى تاپىلىدى. بىر يىل داۋالاتقاندىن كېيىن ئۇ ساقىيىپ، ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ئىشلىيەلەيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: «بالىمىزنى شىركەت قۇتقۇزۇۋالدى» دەپ رەھمەت ئېيىتىشتى. ئۇ يىگىت ھازىر پاختا شىركىتىگە ئورۇنلىشىپ، بىر كىشىلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقتا.

4-ھېكايە: 1992-يىل ئىيۇن كېرەم قاسىم ناھىيىلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن بالىلار بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن پىئونېرلار پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ يىغىنغا ھەر قايسى ئىدارە-ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئاتا-ئانىلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 20 گە يېقىن ئادەم سىرتتىن قاتناشقانىدى. پائالىيەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى نەپەر ئوماقفىنا پىئونېر قىز كېرەم قاسىمنىڭ بويىنىغا گالستۇك تاقاپ، بىر دەستە گۈل سوۋغات قىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئۆز يۈرىكىدىن چىققان بىر ئىسلاھاتچىغا

www.uyghurkitap.com



بولغان ھۆرمىتى ھەم مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى. رىتىملىق داقا-دۇمباق ۋە كاناي سادالىسى ئىچىدە رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن 600 دەك ئۆسمۈر مەيدانغا چۈشكەندە ئادەملىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بىر گۈزەل كۆرۈنۈش نامايان بولدى. سەھنىدىن ئورۇن ئالغان كېرەم قاسىم ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرغان مەسۇم چىرايىغا، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداۋاتقان شوخ، مەردانە ھەرىكىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز ھاياجانلاندى. ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ئېقىم تارىلىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىكى باللىق ئەسلىملىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى بولغان. ئاشۇ نامرات، جاپالىق يىللاردا قايناق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىلىم ئىگىلەش تەشنالىقىدا چاڭقىغان قەلبىگە ئاجايىپ گۈزەل غايىنى پۈككەنىدى. بىراق، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، ئاچارچىلىق يىللار باشلىنىپ، ھەممە ئىشى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ بۈگۈنكىدەك ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەتكە قاتناشقاندا ئۆز ئارزۇلىرى قايتىدىن مەۋج ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلمەيدۇ، دېمەمسىز؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل بىر كېلىچەك پارلايتتى...

پائالىيەت ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرى بىلەن ھازىرقى دەۋرنى سېلىشتۇرغان ھالدا تەسىرلىك سۆزلىدى. باللاردىن بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن 2000 يۈەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

5-ھېكايە: 1994-يىلى مايغا كەلگەندە ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىركەتكە قاراشلىق نوپۇس 3000 دىن ئاشتى. كېرەم قاسىم ئۇلارنىڭ پاراۋانلىق ھەم ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 40 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت باللىرىنىڭ تۇرلۈك ئاغرىقلار سەۋەبىدىن مېيىپلىك ھەم روھىي كېسەللىك ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، مېيىپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىر مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇردى. شىركەتنىڭ مېيىپلارغا يار يۆلەك بولۇش ئەھدىنامىسىگە مۇنداق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن:

(1) شىركەت دائىرىسىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەم ئۇلارنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. (2) مېيىپلار تۇغما مېيىپ، ئىش ئۈستىدىكى مېيىپ ۋە كېسەل سەۋەبىدىن بولغان مېيىپ دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ، ئالاھىدە، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلەردىن ئىبارەت تۆت خىل پەرق بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. (3) مېيىپلارغا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت پاراۋانلىق فوندىدىن 3%،

مۇكاپات فوندىدىن 2%، پاي ئۈسۈمىدىن 1%، دارامەت فوندىدىن 1% پۇل ئاجرىتىلىدۇ. ھەممە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى خالىس ياردەم بېرىدۇ. (4) نىشانلىق داۋالىتىش، ساياھەت قىلدۇرۇش، تۇرمۇش ياردىمى بېرىش، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش، تىجارەت يولىغا يېتەكلەش ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. (5) ئىش ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارنى داۋالاش ئىشلىرىدا ئەسلى ئورۇن 50% چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ ئۇسۇل ۋە تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن زور بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە پۈتتىدىن ئايرىلىپ ناكار بولغان ئىككى نەپەر ئائىلە تاۋابىئات كۆڭۈلدىكىدەك داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. قولىدىن ئايرىلغان بىر مېيىپ بىلەن يەنە بىر روھىي كېسەل ھازىر جىددىي داۋالىتىلىۋاتىدۇ. شىركەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق مېيىپ ۋە باشقا بىمارلارنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ داۋالىتىپ، يېقىن مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنى ساغلام، بىجىرىم ھالەتكە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى.



ئابلىز ئوسمان 1965-يىلى ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلغان. 1988-يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «ئاقسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ 200گە يېقىن شېئىرى، 10 نەچچە ھېكايە، ئەدەبىي ئاخباراتى، بىر پوۋېستى، يەتتە ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

«تالانت، ئادەم، كېلىچەك» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى 1990-يىلى «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا، «ئوت ناخشىسى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت ئەدەبىي بەتلىرىدىكى ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «كېچىكۈزلىرىكلىرى» ناملىق شېئىرى 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «يىلىرات كۆزۈركى» ناملىق پوۋېستى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان كىتابخانلار ئاۋاز بېرىپ ئەسەر باھالاش پائالىيىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1995-يىلى ئۇ يەنە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «مۇنەۋۋەر ئاپتور» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابلىز ئوسمان ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

www.uyghurkitap.com



دولقۇن ئەلى

# قۇياشقا تۇتاشقان يول

(ئەدەبىي ئاخبارات)

1996-يىل 11-ئىيۇن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قارىمىقىدىكى نۇرباغ نېفىت دوختۇرخانىسىدا كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ كۈنى بۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆز كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە داۋالىنىۋاتقان ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان يۈزدىن ئوشۇق بىمار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئۆزلىرىنى تۈرلۈك روھىي بېسىم، غەم-قايغۇدىن خالاس قىلغۇچى كۆز كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى، كومپارتىيە ئەزاسى، 42 ياشلىق ئىقتىساس ئىگىسى ھەدىيە ھاشىمغا تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ نۇرباغ دوختۇرخانىسىنىڭ 40 يىللىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىمارلارنىڭ دوختۇرلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ئىدى.

سۆھبەت ئىنتايىن تەسىرلىك كەيپىيات ئىچىدە داۋاملاشماقتا ئىدى: بىرلىرى سۆزلەۋېتىپ ھاياجىنىنى باسالماي سۆزىنى ئۇنتۇپ توختاپ قالدى. يەنە بىرلىرى سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھاياجان ياشلىرىنىڭ سىرغىپ چۈشكىنىنى تۇيماي قالدى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭمۇ، مۇخبىرلارنىڭمۇ، چوڭ-كىچىك بىمارلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى. بۇ ياشلار قانداقتۇر بىر خىل ئازابلىنىشتىن ئەمەس بەلكى ھەدىيە دوختۇرنىڭ بىمارلار ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرى، ئۇلارنى تۈگىمەس ئازاب ۋە روھىي بېسىمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەڭگۈلۈك يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەن شەپقىتى ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرى، ھاياجان ياشلىرى ئىدى.

بۇ يىل 17-ماي كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ كۆرۈش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلگەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى باش پونكىتىدىكى 59 ياشلىق پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچى تۇرسۇن رەخىم:



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

« ئىجادكار بولۇپ بىمارلارغا سىز،
قىلدىڭىز يورۇق نۇرنى ھەدىيە.
شۇڭلاشقا بىز چىن قەلبىمىزدىن،
ئوقۇيمىز سىزگە مەڭگۈ مەدھىيە »

دېگەن يۈرەك سۆزى يېزىلغان لەۋھەنى ھەدىيە دوختۇرغا تەقدىم قىلغاندا پۈتۈن سۇھبەت ئەھلى قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ھەدىيە دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ بىمارلارنىڭ بۇ بۈيۈك ئىنئامى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى توختاۋسىز سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 37-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 55 ياشلىق ئەمەت ئىمىننىڭ ئىككىلا كۆزىگە ئاق چۈشۈپ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغىنىغا ئون يىل بولغان. بۇ يىل 31-مايدا ھەدىيەنىڭ قولىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ئىككىلا كۆزى روشەن كۆرەلەيدىغان بولغان. ئۇ ئەينى چاغدا ئىككىنچى دوختۇرخانا كۆز كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى مەلۇم دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 300 يۈەن خەجلەپ كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن 1200 گرادۇسلۇق، يول يۈرگەندە تاقاش ئۈچۈن 1000 گرادۇسلۇق كۆزەينەك ياساتقان. لېكىن، بۇ كۆزەينەكلەر ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرگەن، كۆرۈش ئەينىكىنىڭ قېلىنلىقىدىن بۇرۇن كېمىرچەكلىرى ماكچىيىپ كەتكەن، قۇلاقلىرىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە بولسا، چوڭقۇر ئىزلار قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 1993-يىل دېكابىردا يەنىلا يولىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا كۆزى كۆرمەي يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلانغانلىق ئەھۋالىنى سۆزلەۋاتقاندا 1000 گرادۇسلۇق ۋە 1200 گرادۇسلۇق ئىككى ئېغىر كۆزەينەكنى تۇتۇۋالغان قوللىرى تىترەپ، يىغلاپ كەتتى. ئۇنى توپتوغرا ئون يىل ئازابلىغان بۇ كۆزەينەكلەر ئەمدىلىكتە بولسا خاتىرە بويۇمغا ئايلانغانىدى.

كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەرنىڭ دەردىنى، ئازابىنى، روھىي بېسىمىنى ۋە تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك قولايسىزلىقلىرىنى كۆرۈش ئىقتىدارى نورمال كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى قىيىن. لېكىن، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى خەلقنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا بېغىشلىۋەتكەن ھەدىيە ئۈچۈن ئەھۋال باشقىچە ئىدى. ئۇ 16 يېشىدىلا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۆپ قېتىملىق تەجرىبە-ساۋاقلىرى جەريانىدا ئىنسان تېنىدىكى مۇھىم ئەزا كۆزنىڭ پەۋقۇلئاددە رولىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ 1976-يىل سېنتەبىردىن 1980-يىل فېۋرالغىچە جوڭگو 3-ھەربىي تىببىي داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىل دەل جوڭگو-ۋېيتنام چېگرا ئۇرۇشى پارتلىغان مەزگىل بولۇپ، ئۇرۇش داۋامىدا يارىلىنىپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان جەڭچىلەر ئارقا-ئارقىدىن بۇ داشۆنىڭ قارمىقىدىكى دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ كېلىنىپ داۋالىناتتى. ياپ-ياش تۇرۇپلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرگەن ھەدىيە قاتتىق ئازابلاندى. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن قايغۇردى، ھەدىيەنىڭ قەلبىدە ياراملىق بىر كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولۇشتىن ئىبارەت بىر ئارزۇ بىخلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مۇشۇ ساھەگە دادىل قەدەم تاشلىدى. ئۇ ھەر نۆۋەت مۇشۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى كۆرگەندە يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى، ئۆزىدە ئۇلارنى كېسەل ئازابىدىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر خىل مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىڭ بارغانچە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇشۇ ساھەگە 26 يىللىق قان-تەرىنى سىڭدۈردى. بۇ 26 يىل ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدا تۈرلۈك قىيىن ئۆتكەللەرنى مەردانىلىك بىلەن بۆسۈپ ئۆتكەن يىللار بولدى؛ جاپالىق ئىزدىنىپ، سانسىزلىغان كېچىلەرنى تەجرىبىخانىلاردا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن، تېخنىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزگە يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ تالاي كۈنلەرنى ئاچ-توقلۇقتا ئۆتكۈزگەن يىللار بولدى؛ بۇ 26 يىل ئۆز پەرزەنتىدىن ئايلاپ-يىللاپ ئايرىلىپ، مىڭلىغان بىمارلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتالغان يىللار بولدى.

ۋاز كېچىش ھەدىيە ئۈچۈنمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كەسپىدە ئەتراپلىق بىلىم-تېخنىكا ئۆگىنەلەپ نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسى ئۇنى كۆپ قېتىم ئىچكىرىسىدىكى نۇقتىلىق تىببىي داشۆلەرگە ئەۋەتىپ، كەسپىي تېخنىكىسىنى مۇستەھكەملىۋېلىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. گەرچە ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلىگەن ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم نەتىجە يارىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنچىلىك خىزمەت يەنىلا ئازلىق قىلاتتى. ھەدىيەنىڭ مۇكەممەل بىر كۆز دوختۇرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن بۇ دوختۇرخانىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلغانىدى. ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، مائاشىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، باشقا دوختۇرخانىلارغا قارىغاندا ھەر جەھەتتىن خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. لېكىن ھەدىيە يەنىلا بۇ ئەۋزەل مۇھىتتىن ۋاز كەچتى. ۋاز كەچكەندىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، كۆرۈش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ئاشۇ بىچارە بىمارلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش، ئۇلارنى قايتىدىن يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ۋاز كەچتى.

1993-يىلىنىڭ ئاخىرى ھەدىيە نۇرباغ نېفىت دوختۇرخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى بىلەن بۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپلا بەش ئەزا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز بۆلۈمى دائىرىسىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا

باشلىدى. قانداق قىلغانداق يېڭى تېخنىكىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بىمارلارنى ئازابتىن تېزراق قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟ ھەدىيە بۇ ھەقتە تىنىمسىز ئويلىناتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاچقۇچلۇق مەسىلە يەنىلا ئىلغار تېخنىكا بىلەن ئىلغار داۋالاش ئۇسۇلىنىسدە ئىدى. ئۇ ئۆز تەكلىپلىرىنى دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ئېيتتى. ئۇنىڭ تەكلىپى ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1994-يىلى دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ھەدىيەنى ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بېيجىڭغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەدىيەنىڭ بىۋاسىتە مەسئۇللىقىدا دوختۇرخانىغا بىر يۈرۈش خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىمولسىيىلەندۈرۈش ئاپاراتى كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بۆلۈم ھەدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىمولسىيىلەندۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، كۆزدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، كۆز گۆھىرىگە سۈنئىي كرىستال سېلىش ئوپېراتسىيىسى، كۆزدىكى غەيرىي ماددىلارنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ۋە باشقا كۆز كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ھەدىيە قوللانغان بۇ يېڭى تېخنىكا ئاپتونوم رايونىمىز تىببىي ساھەسىدە مۇشۇ تۈر بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن نۇرباغ نېفت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. شىنجاڭدا ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئىمولسىيىلەندۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ ئالدىن قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن نۇرلۇق كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئىمكانقەدەر ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىلدى. ۋاھالەنكى شارائىتنىڭ يارىتىلىشى ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، يىراق قىرلاردىكى ناچار جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مىڭلىغان بىمارلارغا ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسىنى بىلدۈرۈش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىمارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇ تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ، رادىئو، تېلېۋىزور ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان بەردى ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. دەسلەپتە ئاز بىر قىسىم بىمارلار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي دېگۈدەك بۇ دوختۇرخانىغا كەلدى. چۈنكى ئۇلار بۇرۇن نۇرغۇن چوڭ دوختۇرخانىلار ساقايتالمىغان كۆزلىرىنى بۇكىچىككىنە نامى چىقمىغان دوختۇرخانىنىڭ تېخىمۇ بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

مۆجىزە سەۋىرچانلىقتىن، تىرىشچانلىقتىن، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتىن كېلىدۇ. ھەدىيەنىڭ ئىنچىكە دىئاگنوز قويۇپ، ئەستايىدىل داۋالىشى نەتىجىسىدە دوختۇرخانىغا كەلگەن بىمارلارنىڭ كېسىلى ھەپتىگە قالماي سەللىمازا ساقىيىپ، يورۇق دۇنيانى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئۇلار قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ھەدىيە دوختۇرغا قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشقا باشلىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ھەدىيەنىڭ داڭقى قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ، دوختۇرخانىغا بىمارلار تۇشمۇ-تۇشتىن كېلىشكە باشلىدى. ھەدىيەنىڭ كۈندىلىك خىزمەت سىجىللىقىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئىشقا كېلىپ، كەچ سائەت 7-8لەردە ئاران ئۆيىگە قايتاتتى. بىر بىمار يۇمۇرلۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىيەنىڭ قەدىمى قۇياش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاي چىقىشى بىلەن توختايدۇ».

دەرۋەقە ھەدىيەنىڭ ھەر بىر كۈنى ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. بەزى كۈنلىرى چۈشتە ئۆيىگە قايتماي قايناقسۇ ئىچىپ، قۇرۇق نان يەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن بىمارلار تەسىرلەنگەن ھالدا «ھەدىيە تۆمۈر ئايال ئىكەن» دېيىشكەن ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كۆيۈنۈش ھەققىدە ئۆز تەكلىپىنى بېرىشكەنىدى. لېكىن ھەدىيە خىزمەت ئۈستىدە بىرەر قېتىممۇ ھاردىم، چارچىدىم، دەپ باققان ئەمەس.

1994-يىل 15-ماي كۈنىنى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە تەنھەرىكەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «ھەسەل ھەرىسى 043-نومۇر» لۇق كىچىك تىپتىكى ئايروپىلاننىڭ باشلىقى، 55 ياشلىق پېنسىيىگە چىققان مۇنەۋۋەر ئۇچقۇچى شياۋ گۈيپىي مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ، چۈنكى بۇ كۈن شياۋ گۈيپىينىڭ بەربات بولۇش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلىرىنى، ئېرىشمەكچى بولغان بۈيۈك نەتىجىلىرىنى قايتا يورۇقلۇققا چىقارغان ئۇلۇغ بىر كۈن. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلغىلى بارغىنىمدا ئۇ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا ماڭا مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئىككىلا كۆزۈم بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن تاشقى زەربە تۈپەيلىدىن يارىلىنىپ، زەخىملىنىش خاراكتېرلىك كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 0.1 ۋە 0.2 گرادۇسقا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان كەسپىم «ھەسەل ھەرىسى 043-نومۇر» لۇق ئايروپىلانىمنى ھەيدەپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدىم ۋە باشقا ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان تىكتاكتوپ مۇسابىقىلىرىغىمۇ قاتنىشالمىدىم، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن غەش بولدى. مېنى قاتتىق مەيۈسلۈك چۇلغىۋالدى. ئارىدا بىرقانچە چوڭ دوختۇرخانىلارغا كۆرۈنۈپ باققان بولساممۇ ئۈنۈمى بولمىدى. مەن ھەدىيە دوختۇرنىڭ نامىنى باشقىلاردىن ئازدۇر-كۆپتۇر ئاڭلىغان بولساممۇ، چوڭ دوختۇرخانىلار داۋالىيالمىغان يەردە بۇ دوختۇرخانا قانداقمۇ داۋالىيالىسۇن دېگەن گۇماندا بۇ يەرگە كېلىشكە ئانچە قىزىقمىغانىدىم. كېيىن كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ھەدىيەنىڭ قولىدا ئۇزۇنغا بارماي ساقىيىپ چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن بىر كۆرۈنۈپ باقاي دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن مېنى بالنىستقا ئالدى. ئىككىنچى كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىندىم. ئوپېراتسىيە ئۈچۈن

پەقەت 20 مىنۇتتەكلا ۋاقىت كەتتى. ئەتىسى كۆزۈمدىكى تېڭىق يېشىۋېتىلدى. مېنىڭ كۆزۈم تەدرىجىي روشەنلەشتى. مەن ھەممە نەرسىنى كۆرەلىدىم: ئالدىمدا پەرىشتىدەك كۈلۈپ تۇرغان ھەدىيەنى، يېنىدىكى سېستىرالارنى، تۈرلۈك رەڭلەرنى، ئىللىق قۇياشنى، مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كۆك ئاسماننى... ئىنتايىن روشەن كۆردۈم. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان چىرمىۋالدى. قوللىرىم ئىختىيارسىز ھەدىيەنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. كۆزلىرىمدىن شادلىق ئۈنچىلىرى مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ ئۈنچىلەر ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ خاتىمىسى ئىدى، بۇ ئۈنچىلەر چاقماقتەك تېزلىكتە يۈز بەرگەن ئاجايىپ مۆجىزىنى كۆرگەندىن كېيىنكى خۇشاللىق ۋە ھاياجىنىمنىڭ ئىسپاتى ئىدى. داۋالانغاندىن كېيىن كۆزۈمنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى 0.8 گرادۇسقا يەتتى. ھەدىيە دوختۇرنىڭ بۇ نەتىجىسىدىن مەن ئۇيغۇرلارنىڭ «يىراقتىكى يوق موللا، قېشىڭدىكى بار موللا» دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر ئورۇنلۇق ئېيتىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كۆزۈم ساقايغاندىن كېيىن مەن كۆپ قېتىم خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ چېمپىيون بولدۇم ۋە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم. 1995-يىلى 50 قېتىم بىخەتەر ئۇچۇش تۈرىنى تامامىلدىم ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىدا بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىپ نۇرغۇن شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتىم. بۇ شان-شەرەپلەرگە ئېرىشىشتە گەرچە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇنى يەنىلا ھەدىيە دوختۇرنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمەن. مەن ھەر قېتىم كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلغان ۋاقتىمدا گويا ھەدىيە دوختۇرنىڭ جەڭگىۋار روھى مەن بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىمەن!

كۆز بۆلۈمىنىڭ ياتاقلىرى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن بىمارلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ مىڭبىر تەسلىكتە كەلگەن بىمارلارنى دوختۇرخانا سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يىراق قىرلاردىن، نامرات رايونلاردىن كەلگەچكە، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار سىرتتا قانچە ئۇزۇن تۇرسا شۇنچە كۆپ چىقىم بولىدىغانلىقىنى ھەدىيە ئوبدان بىلەتتى. بالنىستلاردىكى كارىۋاتلار گەرچە ئەسلىدىكى يىگىرمە نەچچە كارىۋاتتىن قىرىق نەچچە كارىۋاتقا كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ بۆلۈمگە كېلىۋاتقان بىمارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە ياتاق جىددىيچىلىكى ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەدىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوختۇرخانا رەھبەرلىرى بىلەن باش قوشۇپ، بوشىتىشقا بولىدىغان بۆلۈملەرنى بوشىتىپ ياكى ئەسلىدىكى بالنىستلارغا كارىۋات كۆپەيتىپ قويۇپ، بىمارلارنىڭ ۋاقتىدا بالنىستقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، توغرا دىئاگنوز قويۇش ئوپېراتسىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھالقا. ھەدىيە بۇ جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com



ھەر بىر بىمارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئەتراپلىق كۆزىتىپ،ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ 1995-يىلى تۆرلۈك كۆز كېسەللىكلىرى ئوپېراتسىيىدىن 600 قېتىمدىن ئوشۇق ئىشلەپ، دوختۇرخانا ئۈچۈن 900 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ بەردى. 1996-يىل يانۋاردىن مايغىچە 311 نەپەر بىمارنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ پەقەت بەش ئاي ئىچىدىلا دوختۇرخانا ئۈچۈن 537 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلدى. بۇ ئوپېراتسىيەلەرنىڭ ئۇنۇمى 99%كە يەتتى. ھەدىيە ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 4-5 قېتىم، كۆپ بولغاندا 12 قېتىم ئوپېراتسىيىگە چىقاتتى. بۇ سانلارنى ئېغىزدا دېمەك ئاسان، لېكىن مىكروسكوپ بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇرۇپ، مىكرو پىچاق ۋە يىڭنىلەر بىلەن ھەر بىر بىمارنىڭ كۆزىنى بىرمۇ بىر ئوخشۇشلۇق ئوپېراتسىيە قىلىش ئىنتايىن نازۇك، ئىنتايىن مۇشكۈل مەشغۇلات بىلەن تاماملىنىدىغان جەريان. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاشۇ يۈزلىگەن ئوپېراتسىيىنىڭ ھەر بىرىگە ھەدىيەنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن، ئاشۇ يۈزلىگەن ئوپېراتسىيىنىڭ ھەر بىرىگە ھەدىيەنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى سىڭگەن. ئۇ ھەر نۆۋەت ئوپېراتسىيىدىن چۈشكەندە پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتسىمۇ، كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى، خۇشاللىقىنى كۆرگەندە كۆڭلى يايراپ، ھېرىپ-چارچىغىنىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ھەدىيە 1995-يىل سېنتەبىردە، ساۋەن ناھىيىسىدىن كەلگەن ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ ئىككى پۇتى باسماس، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان 40 ياشلار چامىسىدىكى تۇرسۇن ئىسىملىك بىر بىمارنى قوبۇل قىلدى. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەم كۆزدىن، ھەم پۇتتىن ئايرىلغان بۇ بىمارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچىندى. ھەدىيە ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتقانلىقىدىن ئۆزىمۇ ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. تۇرسۇن باشقا دوختۇرخانىلاردا « ئۈمىد يوق » دەپ ھۆكۈم چىقارغان كۆزىنىڭ قايتا كۆرەلىشىنى ئويلىيالمىغانىدى. تۇرسۇننىڭ ئازابقا چىدىماي ئۆلۈۋالماقچى بولغاندا باشقىلار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغانلىقى ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتكەن ئۇ كۈنلەر ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلانغانىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ « ھەدىيە دوختۇر سىزگە رەھمەت، سىز ماڭا ئۈمىد ئاتا قىلدىڭىز، بەخت ئاتا قىلدىڭىز، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن. خۇدايىم سىزگە تۈمەن مىڭ يىللاپ ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن » دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدى.

ھەدىيە دوختۇر كۈنىگە يۈزگە يېقىن بىمارنىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇپ چىقاتتى. كۆز بۆلۈمىنىڭ كارىدورى ئۇنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئۇزاق يىل كېسەل ئازابىدا روھىي پۇچىلىنىپ كەتكەن بەزى بىمارلار ھەدىيەنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ، تەزىم قىلىپ، كۆزىنى تېزراق داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىنى تىلەپ نالە قىلاتتى. ۋاقىتدا دوختۇرغا كۆرۈنمەي ياكى كۆرۈنگەن بولسىمۇ

ئۈنۈمى بولماي، كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەن، داۋالاش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بىمارلارنىڭ چۈشكۈن روھىنى، سولغۇن چىرايلىرىنى كۆرگەندە ھەدىيە بىر تەرەپتىن ئاشۇ بىمارلارنىڭ بىپەرۋالىق قىلىپ داۋالاش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىدىن ئۆكۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى.

ھەدىيەنىڭ جان-دىلى بىلەن ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا نېفىت دوختۇرخانىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، گەۋدىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن ھەدىيەنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ۋە مەسئۇلىيىتىمۇ بارغانسېرى ئېشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمۇ قىسقىراپ كەتتى. ئۇ ھەتتا ھېيت-بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئىسمىنا قوشۇپ، كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئائىلە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ تالاي كېچىلەرنى بىمارلار بىلەن دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزدى.

قەشقەردىن كېلىپ ھەدىيە دوختۇرنىڭ قولىدا داۋالىنىپ چىققان 70 ياشلىق ئابلىمىت ھاجى ھاياجان بىلەن: «ھەدىيە دوختۇرنىڭ تېخنىكىسى ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىمۇ ناھايىتى ياخشى، مۇئامىلىدە ئىللىق ئىكەن. ئۇ ھەر بىر بىمارغا خۇددى ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ» دېسە، كۇچار ناھىيىسىدىن كەلگەن 70 نەچچە ياشلىق مەشھۇر دىنىي زات ئابلىكىم داموللا ھاجى

«ھەدىيە دوختۇر رەسۇلۇللانىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە تولۇق سىڭدۈرگەن پەرىشتە ئىكەن» دەپ تەرىپلەيدۇ.

بىر كۈن، بىر سائەت، ھەتتا بىر مىنۇتىنىمۇ يورۇق دۇنيانى كۆرەلمەي قاراڭغۇلۇقتا ئۆتكۈزۈش ناھايىتى تەس، ۋەھالەنكى ئۈرۈمچى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىدىكى يەككە تىجارەتچى قاسىم 50 يىللىق ھاياتىنى قاراڭغۇلۇقتا ئۆتكۈزگەن بىماردۇر. ئۇ بەش ياش ۋاقتىدا بىر كۆزىگە ئاق چۈشكەن، 25 ياشقا كىرگەندە يەنە بىر كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. 30 يىل جەريانىدا ئۇ ئىچكىرىدىن تارتىپ شىنجاڭغىچە بولغان نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا كۆرۈنۈپ باققان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىغان، ئۇ دوختۇرخانىلاردىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كەلگەنىدى. 1995-يىلىنىڭ بېشىدا ھەدىيە ئۇنىڭ ئۆچۈپ قالغان ئۈمىد شامىنى قايتا ياندۇردى. ئۇنىڭ ھاياتلىق يولىغا يورۇق نۇر ئاتا قىلدى. قاسىمنىڭ ئىككىلا كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىندى. نەتىجىدە ئۇنىڭ 50 يىل كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالغان بىر كۆزى بىلەن 30 يىل كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالغان يەنە بىر كۆزى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كېلىپ، بۇ گۈزەل دۇنيانى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

ھەدىيە ئادەتتە ئوپېراتسىيە بولمىغان كۈنلەردە بالنىستلارنى ئارىلاپ بىمارلار بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، بىمارلارنىڭ قانداقلىكى قىيىنچىلىقى بولسا، مادارىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. 1993-يىلى غەربىي جەنۇبىي تارىم

www.uyghurkitap.com

قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتىدىن بىر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ كۆزى يارىلىنىپ بۇ دوختۇرخانىغا داۋالانغىلى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن پۇلى داۋالىنىشقا يەتمەيدۇ، سوغۇق چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ يالاڭ كىيىمدە قىلىپ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھەدىيە دوختۇر ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بۆلۈمدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇنىڭغا پۇل ۋە قىشلىق كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرىدۇ.

ھەدىيە كەسپىي ئەخلاق جەھەتتىمۇ پاك، ئىنتىزامچان بولۇپ، كەڭ بىمارلارنىڭ «ئالتۇندەك ساپ، پاك دوختۇر ئىكەن» دېگەن باھاسىغا ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، ئۇنىڭ قولىدا داۋالانغان نۇرغۇنلىغان بىمارلار ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا پۇل، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن زەنجىر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ سوۋغا قىلغاندا، ھەدىيە ھەممىسىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بىر-بىرلەپ رەت قىلدى. بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ.

ھەدىيە دائىم مۇنداق دەيدۇ: «كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەل، بولۇپمۇ ئېگىز تاغ، قارلىق دالا مۇھىتىدا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى بۇنداق مۇھىتتا ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ كۆزگە بولغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ، دۆلىتىمىزدە ئەمالار بىر قەدەر كۆپ. شۇڭا بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىمىز خېلىلا ئېغىر، ئۇنىڭغا ھازىرقى مەملىكەت بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىنغان 5 مىليون 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەمانى قوشىدىغان بولساق ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئەمالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزدا. مېنىڭ دايىم ئويلايدىغىنىم ئەمالارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ھەسسە قوشۇش.»

ھەدىيەنىڭ ئامېرىكىدا بىر چوڭ سودىگەر دوستى بار ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم ھەدىيەگە تېلېفون بېرىپ ئۆزى مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۈرۈمچىدە ھەدىيە ئۈچۈن مەخسۇس بىر كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، پەقەت ھەدىيە كېلىپ ئىشلەشكە قوشۇلسىلا، ئۇ دەرھال كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئامېرىكىدىن ئەكىلىدىغانلىقىنى، باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ باش قاتۇرماسلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، ھەدىيە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. پۇل دېگەن ياخشى نەرسە، بىراق ياش ئىزباسار دوختۇرلارنى تەربىيىلەش، ئەمالارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش پۇلدىنمۇ ياخشى، — دەيدۇ ئۇ.

مەن ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ئۇ ماڭا سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «كۆزگە ئاق چۈشۈش، بىمارلارنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاپلا قالماستىن بەلكى تۇرمۇشقىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ھەر دائىم كۆزى كۆرمەي تۇرمۇشتا ئازابلىنىۋاتقان بىمارلارنى كۆرگىنىمدە ماڭا ئوخشاش بىر كۆز دوختۇرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، ھەم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى

بۇرۇنراق داۋالاپ ساقايتىشنى ئۆزۈمنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتىم، دەپ تونۇيمەن. شۇڭا، مەن ئۆگەنگەن بارلىق تېخنىكا ۋە بىلىملىرىمنى كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان بىمارلارغا بېغىشلايمەن.» ھەدىيە شۇنداق دېدى ھەم شۇنداق قىلدى.

ئۇ بۆلۈمدە بىمارلارنى نىشانلىق، تېخنىكىلىق، ئۆلچەملىك ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بۆلۈمدىكىلەرگە باشلامچى بولۇپ كېسەللەرنى تىببىي ئوقۇتۇش تەلىپى بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ياش دوختۇر، سېستىرالارغا قەرەللىك ھالدا دەرس ئۆتۈپ ئۇلارغا تىببىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ھەمدە تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلارغا ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ داۋالاش ۋە ئاسراش ئۈنۈمىنى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۇ خىزمەت داۋامىدا تەجرىبە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە جاپالىق ئىزدەندى، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىنىكىلىق داۋالاش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن خەنزۇ تىلىدا يازغان «يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىنىڭ ئېرسىيەت، مىللەت، مۇھىت ئامىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «كۆزنىڭ ئۈستۈنكى قاپىقىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى»، «شېكەر سىيىش كېسىلىنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى كۆز ئاستىغا جۇلالىق نۇر چۈشۈرۈپ سايىلاندۇرۇپ رەسىمگە ئېلىش تەتقىقاتىدىن 108 مىسال»، «كېلىنىكىلىق كۆزىتىلگەن كۆز ئارقا دالانچىسىغا سۇنئىي كرىستال سېلىنغان 100 كۆز» ناملىق ماقالىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي ماقالىلەر مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە جۇڭشەن تىببىي داشۆسى بىرلىكتە ئويۇشتۇرغان 8-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق كۆز كېسلى كېلىنىكىسىدىن ئىلمىي دوكلات بېرىش يىغىنىدا ئوقۇلۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ھەدىيە نەتىجە قازانغاندا مەغرۇرلانمىدى. ئۇ خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى مەردانىلارچە يېڭىپ كەلدى. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش، بىئارام قىلسىمۇ، ئۇ تەۋرەپ قالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىرادىسى تولىمۇ مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دوختۇرخانا كۆز بۆلۈمى ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋەرسە بولمايتتى. جىددىي كېڭەيتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن داۋالاش تۈرلىرى بار ئىدى. شۇڭا بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ كېلەر يىلغىچە كىرگۈزمەكچى بولغان كۆزنىڭ ئەينەك تەنچە پەردىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئاپپاراتى، لازېر نۇر تېخنىكىسى، كۆز مۇڭگۈز پەردىسىنى كۆچۈرۈش ئاپپاراتى قاتارلىق ئۈچ يېڭى تۈرگە ۋە كېلەر يىلدىن باشلاپ قۇرماقچى بولغان كۆز ئىسكىلاتىغا كېتىدىغان

مەبلەغ، بۇ ھەقتىكى كونكرېت پىلان ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنى دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ۋە نېفىت ئىدارە رەھبەرلىرىگە كۆپ قېتىم دوكلات قىلدى. بۇ بىر يۈرۈش خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە تېخنىكا ۋە ئاپاراتلار كىرگۈزۈلسە ھازىر بار بولغان ئاپاراتلار ئارقىلىق داۋالىغىلى بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئېغىر كۆز كېسەللىكلىرىنىمۇ داۋالىغىلى بولاتتى. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى داۋالاش جەھەتتىكى پەرقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تېخنىكىسىنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاشۇ داڭلىق چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزگىلى بولاتتى. بۇنداق يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن، جۈملىدىن نېفىت ئىدارىسى ۋە نۇرباغ نېفىت دوختۇرخانىسى ئۈچۈنمۇ چوڭ شان-شەرەپ ئىدى.

كۈتكەن ئۈمىد ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ھەدىيەنىڭ ئىلتىماسى نېفىت ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈپ تەستىقلاندى. خۇشاللىقىدىن ھەدىيەنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. چۈنكى بۇ بىر يۈرۈش يېڭى تېخنىكىلارغا كېتىدىغان زور مىقداردىكى مەبلەغنى نېفىت ئىدارىسىدىن باشقا ئىدارىلەرنىڭ دەماللىققا چىقىرالىشى قىيىن ئىدى. ھەدىيە نېفىت ئىدارىسىدىمۇ نۆۋەتتە مەبلەغ قىس ئەھۋال ئاستىدا رەھبەرلىكنىڭ ئۆزىنى قوللاپ زور مىقداردىكى مەبلەغنى ئاجرىتالىغىدىن چەكسىز مەمنۇن بولدى.

نەتىجە تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ؛ شان-شەرەپ جاپالىق ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. مۇدىر ۋراچ ھەدىيە ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، نېفىت ئىدارىسى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «ئۈن مۇنەۋۋەر ئايالنىڭ بىرى» بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل يەنە نېفىت ئىدارىسىنىڭ 5-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى ۋە نېفىت ئىدارىسى بويىچە «ئۈن مۇنەۋۋەر ئۆلگە» نىڭ بىرى بولۇپ سايلاندى. نۆۋەتتە ھەدىيەنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ھەممە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ھەممە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى.

ھەدىيە دوختۇرنىڭ كۈنلىرى دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق ئالدىراشچىلىق، ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئۇ يورۇقلۇققا تەشنا مىڭلىغان بىمارلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىش يولىدا كېچە-كۈندۈز تىرىشماقتا. ئۇ ئۆز ھايات مۇساپىسىدە ھالال ئەجرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە شانلىق ئابىدە تىكلىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يورۇقلۇق پەرىشتىسى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نۇر پەرىشتىسى. ئۇنىڭ ماڭغان يولى قۇياشقا تۇتاشقان يول!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

جاببار ئەمەت

# ئانا يۇرت ھەققىدە قەسىدە

گۈزەل يۇرتلار ئاز ئەمەس بەلكى،
كېزىپ چىقسام بۇ كەڭ دۇنيانى.
نېمىشقىدۇر يۇرتۇمنىڭ كۆركى
بەك مەھلىيا قىلىدۇ مېنى،
قوزغاپ دىلدا سۆيگۈ فونتانى.
نېمىشقىدۇر جەننەت تۇيغۇسى
ۋۇجۇدۇمنى سالار لەرزىگە،
كۆرگىنىمدە ھەر گۈل-گىياھنى.
نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ھەر چاغ
تەكرارلايدۇ ھەر سوقۇشىدا
ۋەتەن ئانا! دېگەن مەنىنى،
جاراڭلىتىپ ئۇتلۇق سادانى.

كېزىپ چىقسام ئەگەر دۇنيانى،
ھەممە ياقتا بار گۈزەل قىزلار،
بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئۈزلار،
گويا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار.
لېكىن نىچۇن كۆز ئاپاراتىمدا
ئۆز يۇرتۇمنىڭ قىزلىرىلا بار؟
دىلدا قوزغاپ شېرىن ئارزۇلار،
قىلار مېنى شۇنچە ئىنتىزار؟
نېمانچىلا خۇشتار بۇ قەلبىم
ئانا يۇرتنىڭ گۈزەللىرىگە؟

ئۇلارنىڭ شوخ ناخشا-ئۇسۇلى،
مۇقام، مەشرەپ بەزمىلىرىگە،
قوشاق، بېيت، غەزەللىرىگە؟

* *

ئېخ، ئانا يۇرت، دېسەم ھەمىشە،
يۈرىكىمدە سۆيگۈ بوستانى.
پەيدا قىلىپ يېڭى زىلزىلە،
چايقىلىدۇ گۈل-گۈلىستانى.
ئانا يۇرتۇم دېگەندە تىلىم
نىچۇن بېشىم كۆككە تاقىشار؟
چاقناپ گويا ئاپتاپتەك دىلىم،
ھېسسىياتىم پەلەكتىن ئاشار؟
ۋۇجۇدۇمدا ئىللىق بىر سېزىم
دەريا بولۇپ، دولقۇنلاپ تاشار؟

چۈنكى مېنىڭ ساپ كىندىك قېنىم
تۆكۈلگەنىكە ئانا تۇپراققا؛
شۇ تۇپراقتىن سۆيۈنۈپ تېنىم،
ئايلانغانچىقا قويۇچ-پولاتقا؛
مەرۋايىتتەك پېشانە تېرىم
شۇ تۇپراققا كەتكەنچە سىڭىپ؛

ئۇزۇق ئېلىپ ئەقىل-ئىدرىكىم،
يۇرت مېھرىدىن يېتىلگەچ چىگىپ.
شۇڭا يۇرتۇم تۇپرىقى بىلەن
قەلبىم مېنىڭ تۇتىشىپ كەتكەن.
ئاسمىنى ھەم ئۇپۇقى بىلەن،
ئۇنىڭ رەڭدار يوپۇقى بىلەن
بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن...

* *

شۇنچە كەڭدۇر، شۇنچە بىپايان
ئەزىز يۇرتىنىڭ ئالتۇن تۇپرىقى.
ئاسمان بىلەن تۇرار يانمۇيان،
كۆز يەتكۈسىز زەڭگەر ئۇپۇقى.
ئەتراپىنى ئاق چاچلىق تاغلار
ئوراپ تۇرار بولۇپ چوڭ قورغان.
قار-مۇزلاردىن سانسىز جىلغىلار
ھاسىل بولۇپ، ياسار چوڭ قىيان.
تاغ باغرىدا كۈمۈش بۇلاقلار،
بۇلدۇق-بۇلدۇق ئوخچۇيدۇ ھامان.
يەنە كۆكتىن شارقىراپ يامغۇر،
چېچىپ تۇرار ئۈنچە ۋە مارجان.

* *

ئانىسىدۇر دەريا-ئېقىننىڭ
تارىم، ئىلى، كۆنچى ۋە ئېرتىش.
جان تومۇرى يىراق-يېقىننىڭ،
بوستانلارنى قىلىدۇ پەرۋىش.
دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى
بۈك-باراقسان يېشىل بوستانلىق.
يېزا، سەھرا، كەنتنىڭ ھەر يېقى
ئەتلەس كەبى گۈل-گۈلىستانلىق.

چۆلنى بويلاپ توغراقلىق ئورمان،
چاتقاللىقلار سوزۇلۇپ ياتار.
قۇشلار سايراپ شادلىقتا يۇرتنىڭ
باھارىنى كۈيلەپ ئۈن قاتار.
كېچە بىلەن خوشلاشسا چولپان،
قۇياش كۈلۈپ، ئالتۇن تاڭ ئاتار.

* *

ھاياتلىقتا زۆرۈر، بىباھا
سۇ، تۇپراق، نۇر، ئىسسىقلىق، ھاۋا.
بۇ خىسلەتنى ئەسلى قىسمەتتە
ئاتا قىلغان تەڭرىمىز ساڭا.
سۆيۈك ئەلۋەك، تۇپرىقىڭ مۇنبەت،
ئاز بولغاچقا بۇلۇتلۇق كۈنلەر،
چۈشۈپ تۇرار كۈن نۇرى ھەيۋەت.
ئەتىياز، ياز، كۈز پەسلىڭ ئۇزۇن
بولغاچ ياشناپ تۇرار تەبىئەت.
كۈندۈز ئۇزۇن، بولغاچ قىسقا تۈن،
مۆجىزىلىك ھەر دەقىق، سائەت.
بۇ خىسلەتلەر ئاتا قىلىنغاندۇر
ساڭا ئامەت، بىھېساب نۇسرەت.

* *

زەڭگەر ئاسمان ئاستىدا گويا
چايقىلىدۇ ياپيېشىل دېڭىز.
دېڭىز ئەمەس، بەلكى گۈل-گىياھ،
پايانى يوق ئېكىنزار، ئېتىز.
بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، مايلىقدان
تۇپرىقىڭدا ئوخشايدۇ شۇنچە.
مەھسۇلاتنىڭ بولغاچقا چەندان
ئادەملەر توق ياشايدۇ سەندە.

ئۇزۇن تالا-داڭدار كېڭىزىڭ
داڭقى كەتكەن ئالەمگە پۈتۈن.
مەپتۇن قىللار پاختىكار قىزىڭ
ئېتىكىدە چاقناپ ئاق ئالتۇن.

* *

كۈندۈز ئىسسىق، كېچىسى سالقىن،
چۈشۈپ تۇرغاچ كۈن بويى ئاپتاپ؛
مېۋىلىرىڭ شېكەردەك شېرىن،
ئۇزۇقلۇقى شۇنچە مول ۋە ساپ.
دېھقانلارنىڭ ئۆيى ئازادە
ئۆزۈم-تاللىق باغ ھويلىسى بار.
بىر-بىرىدىن ئاتاقلىق، داڭلىق
ئالما، ئۆرۈك، ئەنجۈر ۋە ئانار...
جاھانغىمۇ كەتتى تەۋسىپى
شېرىن-شېكەر قوغۇنلىرىڭنىڭ.
گوياكى سەن جەننەتنىڭ ئۆزى،
نېمىتى مول ھەر مەۋسۇمىڭنىڭ.
مول بولغاچقا مېۋە-چېۋەڭمۇ،
ئادەملەرنىڭ كۆڭلى باياشاد.
بولغاچ ئۇندا شېكەرمۇ، قەنتمۇ،
قېرىلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، شاد...

* *

تاغلىرىڭ بار كۆككە تاقاشقان،
چوققىلىرى پەلەكتىن ئاشقان.
ئۈستى يايلاق، ئاستى مول مەدەن،
داڭ-تەۋسىپى تىللاردا داستان.
يايلىقىڭدا ئارچا، قارىغاي
قىش-ياز كۆكلەپ تۇرار باراقسان.
ئوت-چۆپلىرىڭ پايانسىز گىلەم،
خۇش پۇراقتا چۆمۈلگەن ھەريان.
يانباغىردا، سالقىن شامالدا
يەلپۈندۈ چىمەنلەر لەرزان.
بوتىلاقلار بۇلۇتتەك يەڭگىل
ئۇسسۇل ئويناپ قىلىدۇ جەۋلان.
ئارغىماقلار، تايچاقلار گويا
قويۇن بولۇپ كېزەر ھەر تامان.
كاللىلارنىڭ مۆرەشلىرىدىن
تاغ-ئېدىرلار ئويغاق ھەر زامان.
قوي-قوزىلار مەرىشىپ تىمەن،
كەڭ يايلاقتا كۆتۈرەر چوقان.

* *

تاقىر تاغلار گويا ئويقۇلۇق،
قىز-جوۋاندەك ياتسىمۇ نازلىق.
لېكىن ئۇنىڭ كۆكسىدە تولۇق
يەر بايلىقى قىلار دەمسازلىق.
ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ئۇران...
سۆز ئېچىلسا ئەگەر مەدەندىن.
مېندېلېيېڭىڭ جەدۋېلىدىكى
ھەممە ئېلېمېنت تېپىلار سەندىن.

زېمىنىڭنىڭ كۆپ قىسمى يەنە
بولسىمۇ گەر جەزىرە، قۇملۇق؛
تەكتى ئەكەن ئۇنىڭ خەزىنە
يەر يېغىغا — نېفىتكە تولۇق.
ئۈستى قۇملۇق بولغىنى بىلەن،
ئەكەن يەنە يەر ئاستى سۇلۇق.
ساقايمىغان ھەر خىل كېسەلگە
قۇم بارخىنى ئەكەن دورىلىق.

* *

تەرىپىڭنى سۆزلىسەم قانچە،
تۈگىمەيدۇ سېنىڭ خىسلىتىڭ.
پۈتۈلگەندۇر شۇڭا تارىخقا
گۆھەر زېمىن دەپ سېنىڭ ئىتىڭ.
پاراغەتنىڭ ئاساسى سەندە،
سائادەتنىڭ ئاساسى سەندە.
بۇ بايلىقنى سېخىي تەبىئەت
قىلغان ساڭا مەڭگۈ بەخشەندە.

مانا مۇشۇ گۆھەر زېمىننى
بۈگۈنكىدەك ياشنىتىپ، گۈللەپ؛
قالدۇرۇپتۇ بىزگە ئەجدادلار
جان-دىل بىلەن سۆيۈپ، قەدىرلەپ.
ئاسراپ ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك،
ئەتىۋارلاپ، ساقلاپ ئەزىزلەپ.

شۇ تەۋەررۈك زېمىننى بۈگۈن
گۈللەندۇرۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز.
ئىسلاھاتنىڭ مەشئىلى بىلەن
نۇرلاندۇرۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

ئانا يۇرتۇم، ئەي ئالتۇن دىيار،
سەندە ھەممە شارائىت تەييار.
ئۆزگە يۇرتتا تېپىلمايدىغان
ئەۋزەللىكىڭ، ئۈستۈنلۈكىڭ بار.
سۈيۈك مولدۇر، تۇپرىقىڭ مۇنبەت،
سەندە باردۇر تۈگىمەس بايلىق.
شۇنداق ئەۋزەل ئۈستۈنلۈك تۇرۇپ،
ياراشمايدۇ بىزگە گادايلىق.
بەلنى باغلاپ ياش-قېرى بارى،
ئەۋزەللىكنى قىلدۇرساق جارى؛
كېلەر چوقۇم يېڭى ئىستىقبال،

**تەلئەت ناسىرى**

# ئالتاي ئارمانلىرى

بۇ يىل مايدا مەملىكەت بويىچە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېزا-قىشلاقلارغا مەدەنىيەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا، مەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەك تەركىبىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغا باردىم. يېزا-قىشلاق تۇرمۇشى ماڭا كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلىدى.

## يايلاق ھىجرانى

كۆي كۈيلىدىم كەڭ يايلاقنىڭ باغرىدا،
ئاۋازىمنى جاراڭلاتتى كۆك ئاسمان.
چىمەنلەردە ئۇسسۇل ئويناپ قانمىدىم،
بېيىلىرىمنى ئېلىپ قالغىن بۈك ئورمان.

خىياللىرىم قاچماق بولۇپ يۈلقۇنار
تۇمانلارنى غىدىقلىغان چوققىغا.
تېپىرلايدۇ يۈرىكىمدە ئارمانلار
قاندۇرماستىن مېنى شېرىن ئۇيقۇمغا.

زۇقا ① كۆكتىن تاشقا ئۇرغان خەنجەردەك،
شارقىراتمىلار روھلىرىمنى چاقنىتار.
گۈلدار زېمىن تاراتقان خۇش پۇراقلار
يۈرىكىمنى باھار كەبى ئۈلگىتار.

① زۇقا — قازاق خەلقىنىڭ باتۇرى.

ئارچا ھەدى ئاشنا بولغان سابالار
نىچۈن مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالمايسەن؟
گۈل بەرگىدەك تىترەپ تۇرغان جىسمىمنى
بۆلجۈرگەنلەر قوچىقىغا سالمايسەن؟

خۇش ناۋالار ياڭراتقان تاغ قۇشلىرى
قوشۇپ ئالغىن مەرغۇللارغا بىر ئۈننى.
ناخشىمىزدىن ئېچىلغاندا، غۇنچىلار
بىللە سەيلى قىلايلى بىز ھەر كۈلنى.

تاشنى تاشقا ئۇرۇپ قاچقان سۇزۇك سۇ
كۆز تىككەنگە قايرىلىسمۇ باقمايسەن.
نىچۈن مۇڭلۇق خىيال باسقان يۈزۈمگە
ئەندىكتۈرۈپ مارجىنىڭنى چاچمايسەن.

بولماسمىدى رەڭدار گۈللەر-گىياھلار
ئاشىقلاردەك شوۋىرلاشىپ، سىرداشاق.
ناز-كەرەشمە، خۇلقلارنى شاخلىتىپ،
بەزەن يېنىپ، بەزەن ئۆچۈپ قىيداشاق.

ئوركومەڭلار بۇغا-مارال، كىيىكلەر،
يىقىپ ئالاي يۈزۈڭلەرگە يۈزۈمنى.
دىل مېھرىنى تىللىرىمدا ئاڭلىتاي،
چۈشەنمەستىن تۇرساڭلارمۇ سۆزۈمنى.

چوپان بولاي سىلەرگە ئەي، تايچاقلار
مەرەپ، كىشنەپ توسۇپ ئالغىن يولۇمنى.
پەريادلارغا تۇراقسىز مەن، ئاجىزمەن،
نالەڭلەرگە يەم قىلدۇراي زورۇمنى.

ئېيتقىن، ساڭا ئوغۇل كىرەك ئەمەسمۇ،
ئاق ئۆيلەرنىڭ تۆرىگە تاج چال ئاتا؟
مېنى ئالداپ ئېلىپ قالساڭ بولماسمۇ،
شوخ قىزىڭغا بولار ئىدىم دىلرەبا!

كەمپىر ئانا چېلىكىڭنى ماڭا بەر،
قازىنىڭنى تاغ سۈيىگە قاندۇراي.
كېلىنچەكلەر كۆلسە كۈلسۈن ئارقامدىن،
كۆلكىسىنى خىسلىتىمدە قالدۇراي.

قازاق قىزى قاراۋەرمە بېشىمغا،
ئاقلىرىدا ئاق كۆڭلۈڭنىڭ يازى بار.
پەرىشتىدەك سىلاش ئۈچۈن بېشىمنى
كەلسەڭ مەندە ئالتۇن سۆيگۈ نازى بار.

قورام تاشلار، تۇۋى يوق ھاڭ-قىيالار
كۆزلىرىمنىڭ كۆيۈپ تۇرغان يالقۇنى.
يۈرىكىمنى داپ چالدۇرماق بولساڭ گەر
يۈتار سېنى قەيسەرلىكىم شاۋقۇنى.

بولسام ئەگەر تۆگىلەرنىڭ ئۆركىشى
چوققىلارغا بەس سالاتتىم زېرىكمەي.
ئۆمرۈم بويى تاغ تىكلەيتتىم ئەجرىمدە،
يىغقانلىرىم چېچىلىسمۇ تېرىكمەي.

ئامالسىز مەن، يارامسىز مەن، يايلىقىم،
مېھمىنىڭنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ قال.
ئۆزگەن گۈلدەك قايتىم تىنجىق شەھەرگە،
ھىجرانلاردا سەنمۇ بىللە يېنىپ قال!

## بۈركۈت

تاغ-تاشلارنىڭ غوجىسى كىم، چاقىرسام،
كەلدى تاغدىن كىم-كىم، دېگەن سادالار.
ئېيسىل جاۋاب ئالدىم سېنىڭ قەھرىڭدىن
ئىرادىنى تاۋلايدىكەن جاپالار.

قاناتلىرىڭ بۇلۇتلارنى توزىتىپ،
سالار ئىكەن يەر-ئاسماننى لەرزىگە.

كۈن چاقسىمۇ كۆزلىرىمنى تىكلىپ،
قېتىپ قالدىم پەرۋازىڭنىڭ پەيزىگە.

چوققىلارنىڭ تاجىكەن، دەپ تەلمۈرسەم،
تاغنى تاشلاپ ئۇخچىدىڭ كۆك قەرىگە.
جاسارەتتە يەر-ئاسماننى قامدىغان
شاھ ئىكەنسەن بۇ ئىقلىمنىڭ بەرىگە.

كۆزلىرىڭدىن چاقنىغاندا ئۈمىدىم،
بولدى چېقىن تومۇرۇمدا ئاققاندەك.
ياتماي تەنگە خۇشاللىقىم، سۆيۈندۈم
گويا سەندىن ياشلىقىمنى تاپقاندەك.

شاماللارغا شاۋقۇن بەرگەن پەيلىرىڭ
يېتەر ئىكەن يالقۇنلارنىڭ دەردىگە.
قەيسەرلىكىڭ ئىرادەمنى تاش قىلىپ،
ئايلاندۇردى قەلىمىمنى نەيزىگە.

## ئاق قېيىن

ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان بىر ئاق ئورمان
ئارزۇلىرىم قۇچاق بولۇپ ئاقىدۇ.
ئاپئاق تاغلار ۋەسلى كەبى نۇر جىلۋەڭ
ئەسلىرىمدە سۈرەت بولۇپ ياتىدۇ.

شاخلىرىڭنى تارىغاندا شامماللار
ياپراقلىرىڭ بىر-بىرىنى ئۆپەركەن.
سەندە سۆيگۈ، ئىشتىياقنىڭ مەشئىلى
يۈرەكلەردىن يۈرەكلەرگە كۆچەركەن.

ئايدىڭلاردا گويا كۈمۈش سىياقىڭ،
ئايدىڭ كۆلنى خۇش كۆلدۈرەر ئاي بولۇپ.
ئۈن-تىنسىزلا سۆيۈشىدۇ ئاشىقلار،
سەندىن كۆچكەن ھېس-تۇيغۇغا باي بولۇپ.

داۋرىڭى يوق مۆجىزەڭنىڭ سېھرىدىن
كۆلشەندە گۈل دۇردانىسى ھەيرانە.
مۇشتاقلىقنى ئۇزاقلاردىن ئىزھار قىپ
سېغىنغانلار ھىجرانىڭدا سەرسانە.

تۇرقۇڭ كۆزۈم گەردىشىدە پەيمانە،
ئويلىرىمغا قېتىپ قالغىن ئاق قېيىن.
ئېلىۋالدى ھىجرىڭ ئەقلۇ ھوشۇمنى،
پاك زاتلارغا ئاق ۋەسلىڭدە باق قېيىن.

## ئالتۇن دىيار

چوققىلاردەك قىرلاپ بادام بۆكۈمنى،
ئەركىلەردەك سېنى دەسسەپ يۈرىمەن.
جىلۋىلەنسەڭ گويا ئالتۇن ئاپتاپتەك،
گۈللىرىڭنىڭ لەئلى، ياقۇت كۆزىمەن.

شاھزادىسى بولدۇم ئالتۇن ئوردىنىڭ
قەدەملىرىم ئىزسالغاندا باغرىڭغا.
ئىللىقلىقىڭ قۇچقاندا ھېس-تۇيغۇمنى،
ياتسىراشنى ئۇيات بىلدىم ئالدىڭدا.

قىرىندىشىم① ئۆتۈپتۇ بىر زامانلار
گۈل باغرىڭنى قىلىپ يۇرتى-ماكانى.

① قىرىندىشىم — ھەدەم خالىدە ناسىرنىڭ 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئالتايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

بۈگۈن كېلىپ قۇچىقىڭدا يايرىشىم
ساڭا بولغان ئامراقلىقىنىڭ داۋامى.

ئۆركەشلىگەن سۆزلىرىڭنىڭ شاۋقۇنى
سۆزلىرىمنى ئايلاندۇردى ناخشىغا.
سادىغىسى بولسۇن ياڭراق كۈيلىرىم
سەندە ئۆسۈپ، سېنى سۆيگەن بارچىغا.

تۇپراقلىرىڭ زەر، سۇمۇرگەچ قۇياشتىن
خەزىنىگە ئايلىنىپتۇ تاغلىرىڭ.
كېچىلەردە يۇلتۇزلارغا يار بولۇپ،
تولۇن ئايدەك ئۆتىدىكەن چاغلىرىڭ.

قاشلىرىڭدىن چاچراپ چىققان گۆھەرلەر
مېنى قانچە تارتمىسۇن ئۆز مەيلىگە.
تېگىشمەيمەن ئۇنى ھەرگىز دىلدىكى
شۇ سۆيۈملۈك ئالتايلىقلار قەدرىگە.

**ساداقەتجان ھاجى**

# ھەممىنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى ۋەتەن

## ۋەتەن قەسىدىسى

ئۇلۇغ سەن ئالەمدە، ئۇلۇغ شۇ قەدەر،
ھەممىنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى ۋەتەن.
سەندۇرسەن ئىشقىمنى بەخش ئەتكەن دىلبەر،
قەلبىمنىڭ شادلىقى، قايغۇسى ۋەتەن.

نېمە ئۇ گۈل دېگەن، سۈلىدۇ ئاخىر،
نېمە ئۇ نۇر دېگەن، ئۆچىدۇ يەنە.
نېمە ئۇ قاشتېشى، ئالتۇن، جاۋاھىر،
ھەممىدىن ئۇلۇغ بوپ تۇرۇپسەن ئەنە.

پارلىدى قۇياشمۇ، ئاخىرى پاتتى،
ئاينىڭمۇ نۇرلىرى شۇقەدەر خىرە.
سېنىڭسىز ئالەمدە قاچان تاڭ ئاتتى؟
ۋە بولدى چىرايلىق قايسى مەنزىرە؟

دېڭىزلار ئۇخلايدۇ دولقۇنلىيالماي،
دەريالار ئۇخلايدۇ چۆكۈپ قايغۇغا.
بۇلاقلار ئۇخلايدۇ بۇلدۇقلىيالماي،
سېنىڭسىز بۇ دۇنيا كېتەر ئۇيقۇغا.

سەن ئۈچۈن بەھەيۋەت تۇرىدۇ تاغلار،
سەن ئۈچۈن ئاسماننىڭ چېھرىدۇر پارلاق.
سەن ئۈچۈن ياشىرىپ تۇرىدۇ باغلار،
سەن ئۈچۈن قۇشلارنىڭ ناخشىسى ياڭراق.

سەن ئۈچۈن ھەممىنىڭ قەلبىدە ئىمان،
سەن ئۈچۈن ياشايدۇ جىمى مەۋجۇدات،
سەن ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئويغاقتۇر زامان،
سەن ئۈچۈن پىدادۇر قىممەتلىك ھايات.

ئۇلۇغ سەن ئالەمدە، ئۇلۇغ سەن مەڭگۈ،
بەختىڭنى ھېچكىممۇ قىلالماس خاراب.
مەن ئۈچۈن سەن گويا دىلرەبا سۆيگۈ،
ۋەسلىڭنى بىر ئۆمۈر قىلىمەن تاۋاپ.

## بەلكىم...

نېمىگە ئامراقسەن، نېمىدىن بىزار؟
نېمىگە ئۆچ بولدۇڭ ۋە نېمىگە زار؟
ئېيتمىساڭ بىلمەسمەن، بىلمىسەم ئەگەر
قانداقمۇ بولىمەن ساڭا غەمگۇزار؟

بەلكىم يامغۇر بولۇپ سەن تۆكۈلگەنسەن،
بەلكىم يامغۇر سىڭگەن زېمىندۇر قەلبىڭ.
بەلكىم شۇ زېمىندا گۈل بوپ ئۈنگەنسەن،
بەلكىم بىر كۈن گۈلدەك ئېچىلار ۋەسلىڭ.

بەلكىم ئارامىڭنى بۇزار ئويغاق تاڭ،
بەلكىم ئويغا سالار سېنى جىمجىت تۈن.
بەلكىم سېنى سۆيۈپ يۈرگىنىم بىلەن
سۆيگۈ ئەرزىمەستۇر بەلكىم سەن ئۈچۈن.

بەلكىم يوقتۇر سېنىڭ ئامراق نەرسەڭمۇ،
بەلكىم ئۆچ ئېلىشنى قالغانسەن ئۇنتۇپ.
بەلكىم چىن كۆڭلۈڭدىن كەتمەسسەن خالاپ،
بەلكىم ياشاي دېسەم غەمگۇزار بولۇپ.

بەلكىم ھېچنېمىنى ئېيتىپ يۈرمەسسەن،
بەلكىم شۇنچە تەستۇر سىرنى يوشۇرماق.
بەلكىم ھېچنېمىنى مەنمۇ بىلمەسمەن،
بەلكىم ھەر ئىككىمىز غەمكىن يوپۇرماق.

مەھەممەتجان سادىق

# ئاتام ئۆتكەن يۇرت، ئانام ئۆتكەن يۇرت

## كۆيۈۋاتقان قىزىل يۇلغۇن

غۇلجىدا قىز-يىگىت توي قىلغان كۈنى يارۇ دوستلىرى بىلەن بىللە خەلق باغچىسىغا كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىلىرىگە گۈل قويىدىغان ئادەت بارلىققا كەلدى.

كىملەرنىڭدۇر بۇ قەبرىلەر،
تىزىلغان چەكچىلەردەك
تۇرار يانمۇ يان.
ئالدى گۈل،
ئالدى باغ،
ئىلى ئالەم —
رىۋايەتتىكى بىر گۈزەل جاھان.
جىم
تىڭشىغىنە،
قانچىلىك دەردلىك مەجنۇن ناۋاسى،
ئالدىدا
يۈرەك كۆيىدۇ.
مۇھەببەت
ئالەمدە سىرلىق بىر قۇدرەت،
ئۆزىنى تىغلاۋاتقان،

ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقان،
يۈرەك كۆيىدۇ.
ئۆلگەنلەر بىلەن
تىرىكلەر رىشتىسى
ئۇلىنار بىر-بىرىگە
قەبرە ئالدىدا.
بولامدۇ ئۆلدى، دېگىلى،
ئۆلگەنلەر
ياشسا خۇددى تىرىكتەك
پەرزەنتلىرى يادىدا؟

قورقىتالمىدى جاپا ۋە ئۆلۈم،
ئاتقا مىندۇق،
غىلاپلاردىن چىقتى چاقماقلار...
ۋىژىلداپ ئوق ئۇچقان يىللار

تېخى يادىمدا.
قاشلىرى قارا،
كۆزلىرى قارا،
قىرقىما بۇرۇتى قارا
ئاشۇ بىر ئادەم
كۆز ئالدىمدا.
ئەل-يۇرتىنىڭ سۆيىدە ئېقىپ
ئوتىدا كۆيمە يمىدى
ئاشۇ بىر دانا
كېچە-كۈندۈز غېمىنى يەپ.
بېشى ئىشلىگەن تۆگمەندەك،
تىلى تاپمىغان تىنىم،
قەلىمى قەغەزدە ماڭغان كېچىلەپ
ئەركىنلىكنى دەپ...
كۆرۈنگەن ئاتامنىڭ كۆلكىسىدە،
ئانامنىڭ كۆلكىسىدە
بىز ئۆزدەپ جەڭگە چىققان
گۈلگۈن تاڭ-سەھەر.
باللار ئاستىدا ئات،
كۆكەرگەن تال-چىۋىقلار،
ئېچىلغان گۈل-چېچەكلەر،
ياڭرىغان ناخشىلار
جۇشقۇن شۇ قەدەر...

كىملەر بۇ؟
پىكاپلار قاتار تىزىلىپ
توختىدى قەبرىلەر ئالدىدا،
چۈشتى مەختۇم سۇلۇلار،
چىن تۆمۈرلەر يارىسىدىن
ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاق كۆڭلەك كىيىپ.
ئاق ياغلىق تاڭغان
گۈزەل پەرىزات،
تارقىلار جەننەت پۇرىقى
تېقىمدىكى چېچىدىن...
قەبرىدىكى قىرقىما بۇرۇتلۇق
داناغا قويۇپ قويغاندەك
ئوخشايدىغان.
گۈلى بارمانچىستىر دوپپىلىق
كېلەر يېنىدا.
كۆرگىلى بولسىدى شۇ دەم
يېرىپ تومۇرلىرىنى،
ئاقتىدىكىن قانداق بىر ھېسسىيات
بۇ قوشماق گۈلدەك
قىز-يىگىتنىڭ قېنىدا؟
قويدى گۈل قەبرىگە!
گۈل-كۆككۈلمۇ؟
گۈل-مۇھەببەتمۇ؟
گۈل-ناخشىمۇ
ياڭرىغان
ياشلىقنىڭ داۋىنىدا.
چېچەكلەيدۇ بۇ مۇھەببەت
كۆيۈۋاتقان قىزىل يولغۇندەك،
قالىسمۇ
ھاياتنىڭ دەشت-باياۋانىدا...
ئۈن-تىنسىز تۇرار ئالدىدا
قەبرىلەرنىڭ،
بىلمىدىم، نېمە دەۋاتقاندۇ
ھاياجانلىق يۈرەكلىرى؟
ھەر قەبرە، ئالدىدا گۈل-چېچەكلەر،
ھەر قەبرە ئالدىدا گۈلباھار،
ئەمەسمۇ بۇ
ۋاپادار ياشلىقنىڭ
چىرايلىق كۆرەكلىرى؟!
ھاي، ھاي، يۆلەن،
ناغرا-سۇناي ياڭراپ باراتتى،
ئىككى چېتى ئاق تېرەكلىك

www.uyghurkitap.com

يول ئارىسىدا.
ئابرالدىن ئۆرلىگەن ئالتۇن قۇياشنىڭ
ئالتۇن نۇرى
چاقنايدۇ ناخشا ئۇچقان
ئېلىمنىڭ دالىسىدا!

## ئىلى

ئاتام ئۆتكەن يۇرت، ئانام ئۆتكەن يۇرت،
كىندىك قانلىرىم تۆكۈلگەن ماكان.
يۈرىكىم مېنىڭ ھەمىشەملا ئوت،
جاھان ئىچرە ئۆزۈك بىر جاھان!
سەنچىلىك بارمۇ باغۇ ئېرەمى،
ئۆزۈك ئالەمدە يىگانە گۈلباغ.
چۈشىدۇ ھەتتا ئەرش سەنىمى
شاخ-شاخلىرىڭدىن شىرنە ئاققان چاغ...
گۈزەل تاغلىرىڭ پەرىشتە ھۆسنى،
بۇندا داغدىن ئايرىلاتتى ئاي.
ئەزىز ئانامنىڭ ئاق سۈتلۈك كۆكسى
بۇلاقلىرىڭدىن زەم-زەم ئاققان ساي.
شۇنچىلىك مۆنبەت دالا-تۈزلىرىڭ،
ئالسەن مېۋە تەرسەڭمۇ تاشنى.
يېشىل قارىغاي سېنىڭ سۆزلىرىڭ،
چىللايدۇ تويغا نۇرلۇق قۇياشنى...
ئانا ماكانىم،
ئاتا ماكانىم،
كىندىك قانلىرىم تۆكۈلگەن ئىلى.
يانار قۇياشتەك سۆيگۈ-ئارمانىم،
ھەمىشەم شېئىر ئوغلۇڭنىڭ دىلى!

## گۈللە يىتتى ھەتتا قارا تاش

كەلدى بۇ دۇنيادا ياقا سىقىشىپ
يول بەرمەي كۈن ۋە تۈن بىرىگە بىرى.
كېلىدۇ تېخىچە يېشىلمەي زادى
بۇ گۈزەل ئالەمنىڭ يوشۇرۇن سىرى.
بۇ ئالەم يامانىڭ، دەيسەن بەزىدە،
رەڭمۇ رەڭ،
ھەر قىسما ئويۇننى كۆرۈپ.
كۆڭلى ئاق ئادەمدە بىر ئىزگۈ ئارمان
يانىدۇ قۇياشتەك لاۋۇلداپ كۆيۈپ.
قالارمۇ يېشىلمەي ئالەمنىڭ سىرى،
يورۇتار تەسكەينى قاچانمۇ قۇياش؛
يورۇسا جاھاننىڭ بۇ پىنھانلىرى
گۈللە يىتتى چېچەكلەپ ھەتتا قارا تاش.

## شاۋقۇنلۇق سادا

كېچىچە ئۇخلىيالمىدى شاۋقۇنلۇق سادا،
كۈندۈزمۇ ئاسمان پەرىشتىسى قولاقلىرىدا.
ئاڭلايدۇ جىمجىت يېشىل ئاق تېرەك،
شۇ مەغرۇر ئاۋاز
كەڭسايىنىڭ ئوتلاقلىرىدا.
ئۇ ھامان يۇمالمايدۇ كۆز،
ئۇ ھامان يېيىلىدۇ
قوڭۇر يەر،
كۆك ئاسمان ئارىسىغا.
ئۇ گويا سوزۇلغان سامان يولى،
ئۇ گويا ئېقىۋاتقان جۇشقۇن ناخشا،
ئالەمنىڭ ئوي-چوڭقۇر دالىسىغا.
ئاقىدۇ توختىماي نەگە،
بارمىدۇ
يېتىدىغان
ھەسەن-ھۆسەندەك
گۈلگۈن مەنزىلى؟
ھايات ئۇ، ئەنە شۇنداق:
بۇ ۋادىدا
ئەنە ئوغلۇمنىڭ،

ئۆگۈنلۈككە نەۋرەمنىڭ
ناخشا، غەزىلى!

ماۋزۇسىز

ئايسىز كېچە،
قۇياشسىز كۈندۈز
كۆزسىز ئادەم كۆرگەن ئالەممۇ؟
بولمىسا، دىل-باغرىڭدا كۆز
بولمامدۇ كور كۆزلۈك ئادەممۇ؟!

* *

كۆڭلىمىز ئاپئاق سۈت تولغان پىيالە،
خۇش چاقچاق مىجەزىمىز-ئاپئاپلىق باھار.
ناخشا-ساز، ئۇسسۇلدىن چىرايلار لالە،
سۆيگۈمىز ساندۇقى خۇددى بىر ئانار.
بىز شۇنداق بىر يۇرتكى،
بىز شۇنداق بىر ئەل،
بىلمەيمىز زادىلا قۇۋلۇق، شۇملۇقنى.
كەتمەندە كۆكەرتىپ كەلدۇق ھەر مەھەل،
لاۋۇلداپ ئوت كۆيگەن چەكسىز قۇملۇقنى.
ئۆزگەرمەس زادىلا ھىيلە-مىكىردىن
بىزنىڭ ئاق كۆڭلىمىز،
مىجەز-خۇيىمىز
قۇياشتەك يالقۇنلۇق، گۈزەل پىكىردىن
بولماسمۇ گۈل ئېچىپ دەشتتە تويىمىز؟

مۇساجان يۇنۇس

# بۇ دۇنيا جەسۇرلارغا ئىجىل، ئامراق

## بۇ دۇنيا

سەھرى، زاۋالى بار ھەر بىر كۈننىڭ،
قۇزغۇنى، بۇلبۇلى بار باغلارنىڭمۇ.
يورۇقى، زۇلمەتى بار ھەر بىر تۈننىڭ،
قار-مۇزى، گۈللىرى بار تاغلارنىڭمۇ.

ھەر كۈنى سېخىي قۇياش كۈلۈۋەرمەس،
گاھىدا تۇسۇۋالار بۇلۇت، تۇمان.
ھاياتتا كۈندە بايرام بولۇۋەرمەس،
كېتەر گاھ يۈرەكلەرنى چېقىپ چايان.

ھەر كىمگە ئەمەس شادلىق مەڭگۈ باقىي،
كۈلگەنلەر يىغلايدىغان چاغلارمۇ بار.
سېمىزلار بولۇپ قالار گاھى داقى،
زىمىستان ئارقىسىدىن كېلەر باھار.

تۈنۈگۈن مەن كاتتا دەپ كېرىلگەنلەر،
بوپ قالار بۈگۈن بەلكىم قارا مالاي.
مىڭ ئۆلۈپ ئاران-ئاران تىرىلگەنلەر
ئاسماندا ئەتە بەلكىم پارلىغان ئاي.

ئامەتنىڭ، ئاسايىشنىڭ دۇردانىسى
رىيازەت قۇملۇقىغا كۆمۈكلۈكتۇر.
يورۇقلۇق، نۇر-زىيانىڭ پەرۋانىسى
لاۋۇننىڭ ئوكيانىغا چۆمۈكلۈكتۇر.

ھاياتتا ئازاب نۇرغۇن، كۈلكە نۇرغۇن،
ئېگىز-پەس ئەگرى-توقاي ئىنسان يولى.
جاھاننىڭ مېھرى نۇرلۇق (گاھى سۇلغۇن)
ھەرقاچان كېلىمىزدا ئەجەل قولى.

ھاجەتسىز ئازاب ئۈچۈن بۇقۇلداشلار،
بۇ دۇنيا جەسۇرلارغا ئىجىل، ئامراق.
غالىپتۇر ئەقىدىسى ئۆيۈلتاشلار،
كۈلكىلەر رىيازەتكە مەڭگۇ مۇشتاق.

## بىر نەرسەم كەم

بۇ ئالەمگە يىغلاپ تۇغۇلدۇم،
ئېمىگىدۇر بولۇپ ئىنتىزار،
ئۇغۇز سۇتى بەردى جان ئانام،
يىغام ئۆچتى (بېسىقتى خۇمار.)
تەسكىن تاپتىم پەقەتلا بىردەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

گۈلخان ياقتىم ئانام قەلبىگە
ئۇماق كۈلۈپ تايتاڭلاپ مېڭىپ.
گۆھەر، دېدى ئەزىزىم دادام
مېنى مەھكەم باغرىغا تېڭىپ.
قەدىردانلار كۆرسەتتى كەرەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ مىنىپ،
شاماللارنى قوغلىدىم تىنماي.
تۇرنىلارغا بۆكۈمنى ئېتىپ،
سۇ يۈزىدىن سۈزۈپ ئالدىم ئاي.
بىغەملىكتە بولدى كۈنلەر يەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىز نەرسەم.

بولۇپ قالدىم مۇڭلۇق، خىيالچان،
سىلاپ بېقىپ بۇرۇتلىرىمنى.
بىر كىملەرگە تىۋىنىپ پىنھان،
ھۆرۈپ چىقتىم دۇرۇتلىرىمنى.
ئۆز ئىلكىگە ئالدى مېنى غەم،
بىرنەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

قۇياش كۆچۈپ كەلدى كۆزۈمگە،
چىنار كەبى ئۆستى بويۇمۇ.
دەريا مەندىن قالدى ئەيمىنىپ،
دىلدار بىلەن بولدى تويۇمۇ.
مېنى سۆيدى مەن كۆيگەن سەنەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

ئاۋۇندۇردۇم كۆڭلۈم بىغىنى،
باغرىمغا چىڭ بېسىپ بالامنى.
چۆنتىكىمگە پاتمىدى پۇلۇم،
جۇدەتمىدىم قوي ھەم كالامنى.
ياشاش ئۈچۈن تاپتىم خىلى پەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

قولۇم يەتتى نەگىلا سۇنسام،
ئاسمانغىمۇ تاقاشتى بېشىم.
ئامەت ماڭا تاشلاندى شىردەك،
نەگە ئاتسام دەل تەگدى تېشىم.
ئاھ ئۇرىمەن يەنە دەممۇ دەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

ئارمانلاردىن تۇغۇلدى ئارمان،
ئارمان بىلەن جۇش ئۇردى قېنىم.
ئارمان بىلەن ئۆز ئىكەن جاھان،
ئارمانلارغا قانمىدى دىلىم.
ھاياتىمغا ئارمان بەردى تەم،
بىر نەرسەم كەم، يەنە بىر نەرسەم.

سۇلتان ھاشىم

# خەيىر-خوش، يەر شارى



(فانتازىيىلىك پوۋېست)

مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىشخانىغا كىرگەن نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ سالىمىغا:

— بىر مىنۇت كېچىكتىڭىز، — دېدى نارازى ھالدا سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — بىزنىڭ ئىشىمىز مىنۇتنى ئەمەس سېكۇنتنى بىرلىك قىلىدۇ، جۇڭشياۋ. سېكۇنت ئىچىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى سىزگە ناھايىتى ئېنىق، — ئۇ جۇڭشياۋنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل يۇمشىدى، — قېنى، ئولتۇرۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن كېچىكىشنى ئادەت قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋ دائىم قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سۈرلۈك باشلىقتىن كۆزىنى ئىتتىك ئۈزۈپ، ئورۇندۇق تەرەپكە قوزغالدى. كېتىۋېتىپ ئىچىدە بۇ ئادەم كۈلۈشنى بىلمەمدىغاندۇر، مۇنداق ئادەم بىلەن ئۆتكەن ئايالنىڭمۇ جېنىغا ۋاي، دەپ ئويلىدى.

— ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟

نۇرۇل جۇڭشياۋ خىزمىتىدىن ئىككى كۈندە بىر قېتىم دوكلات قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، باشلىقنىڭ ھەممىدىن ئوبدان خەۋىرى بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— جايىدا.

— سىز ئەمدى ئۇ يەرگە يۆتكىلىپ بارغانلىقىڭىزدىن نارازى ئەمەستۇرسىز؟

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ قىزىللىق ئەمدىلا تارقالغان يۈزى يەنە قىزاردى. باشلىق ئۇنىڭغا ئىككى ئاي بۇرۇن يەن تەتقىقات ئورنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇنىڭ بۇ يۆتكىلىشتىن رازى بولمىغانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ قويغانىدى.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

— مەن ئۇ يەردە ئادەم چۈشىدىمۇ كۆرمەيدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى

ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

— بىزگە مەلۇم بولغان ئالامەتلەردىن، ئۇ يەردە ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى، — باشلىق نۇرۇل جۇڭشياۋغا قارىماي، قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە كەڭ، ئازادە ئىشخانىدا ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. پولغا تولدۇرۇپ سېلىنغان قېلىن گىلەم ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاتمايتتى، — ئۇلار، — باشلىق تورۇسقا قاراپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ تاشقى پىلانېت ئادەملىرى دېگىنى ئىدى، — بىزنىڭ ئۇچار تەخسىگە تاقابىل تۇرالايدىغان قورالىمىز «شەپەق — 301» نىڭ لايىھەسىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن قولىغا چۈشۈرەلمىدى. سىز بۇ جەھەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ باشلىقنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سۆز قىستۇردى:

— كەچۈرۈڭ، مەن پەقەت تەۋەككۇل قىلىشقىلا جۈرئەت قىلالىدىم. ئادەملىرىنى قويۇپ بەرگىنىمگە ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن، تۇتۇپ تۇرغان بولساق خاتىرجەم بولاتتۇق.

— تەۋەككۇل قىلىشىڭىز كەسكىن پەيتتە ياخشى چارە دېيىشكە بولىدۇ. ئادەملىرىگە كەلسەك، بىر ھېسابتا قويۇۋەتكىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ، بولمىسا بىزگە يەنە خېلى ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەن بولاتتى، — باشلىق جۇڭشياۋنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە مېڭىشتىن توختاپ سورىدى، — سىز ئۇلارنىڭ ھېلىقى زەمرە ئىسىملىك مۇخبىر قىزى بىلەن، سىز «گۈلچى بوۋاي» دەپ ئاتىغان ئادىمى ھەققىدە بىرەر تىۋىش ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

نۇرۇل جۇڭشياۋ جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ، باشلىقنىڭ تاشقى پىلانېت ئادەملىرى بىلەن بولغان يوشۇرۇن ئېلىشىشنى ئەسلەپ ئۆتۈشى، ھەم كېيىنكى سوئالدىن، ئۇلار لايىھەنى ئوغرىلاشقا يەنە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالغانىدى. باشلىق ئۇنىڭ ئالدىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قولىنى كۆتۈردى:

— جىددىيلەشمەڭ، مەن بۇنى مۇنداقلا سوراپ قويدۇم. مېنىڭچە ئۇلار ھازىر «شەپەق — 301» نىڭ لايىھەسىنى ئوغرىلاشقا قارىغاندا، ئۇچار تەخسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا كۆپرەك باش قاتۇرىدۇ.

جۇڭشياۋنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ۋە تەشۋىش، ئۇنداق بولسا مېنى نېمىگە چاقىرتتىڭىز، دېگەن تاقەتسىز سوئالغا ئالماشتى.

— سىز نېمىشقا تېخىچە ئۆيلەنمەيسىز؟

جۇڭشياۋ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ قالالىدى. ئۇ، بۇ مۇز چىراي ئادەمنىڭ ئاغزىدىن تۇرمۇشقا دائىر گەپ-سۆز چىقىشىنى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى تۇيۇقسىز چاقىرتىلىشتىن مۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. بىراق ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ بىۋاسىتە باشلىقى ئىدى،

سورالغان سوئالغا خالىسىمۇ-خالىمىسىمۇ جاۋاب بەرمەي بولمايتتى.

— بىزنىڭ كەسپىمىزدىكى ئادەملەرگە كېچىكىپرەك ئۆيلەنگەن ياخشىمىكىن دەيمەن، — دېدى مۇجمەلرەك قىلىپ.

— توغرا ئويلاپسىز، بالدۇر ئۆيلىنىش ئۆز يۈتىنى ئۆزى چۈشكەن بىلەن باراۋەر.

نۇرۇل جۇڭشياۋ باشلىقنىڭ ئۇنى يوقلاش ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە چاقىرمىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتىدۇ. تەقى-تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن كىشىدە پەقەت ھەربىي بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك تەسىرات قالدۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ، مەيلى كىمگىلا بولمىسۇن تۇرمۇش توغرىسىدا سۆزلىگىنىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ياكى بۇ ئادەم يېشى چوڭايغانسېرى كۆڭۈلچەك بولۇپ قېلىۋاتامدىكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆيلىنىش توغرۇلۇق قىلغان بىر-ئىككى ئېغىز گېپى نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قاتتىق ئىرادە بىلەن ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتقان تۇنجى مۇھەببىتىنى ئېسىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقىنىنى چىداملىق بىلەن يېڭىپ چىرايىدىن بىلىندۇرمىدى. ئەگەر شۇ چاغلاردا قىز ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان بولسا، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئۆيلەنگەن بولاتتى. كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئۇ بىر نەچچە قىز بىلەن ياخشى كۆرۈشكەندەك بولۇپ ئۆتۈپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېلىقى قىزنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى...

— سىزنىڭ K شەھرىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بارغۇ-ھە؟

نۇرۇل جۇڭشياۋ چۆچۈپ كەتتى ۋە بۇنى باشلىق بىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. باشلىق ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن كۆڭلى تىنغان جۇڭشياۋ يېنىك نەپەس ئېلىپ جاۋاب بەردى:

— بىلىمەن، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزوردا بېرىلگەن بارلىق خەۋەرلەرنى تولۇق ئاڭلىدىم، ئىچكى خەۋەرلەرنىمۇ كۆرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان ئاچچىق كۈچەيدى. ئەمدى ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى، يۈزىگە تېپىپ چىققان قىزىللىق ۋە ئاچچىقتىن چىرايى سېرىلەرلىك پۈرۈشتى. يېقىن كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئۆزۈڭدىن يىراقتا بولسىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇش كۆڭلۈڭنى توق قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىن ۋىدالاشقانلىقىنى ئاڭلاپ قالساڭ ئازابلىنىسەن، خېلى ۋاقىتلارغىچە خۇددى بىر نېمەڭ كەمدەك بىئارام بولۇپ، يېگەن-ئىچكىنىڭ تېتىماي قالىدۇ. ئەرزىمەس بىر تەگىشىش نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس سىماسىنى قالدۇرغان ھېلىقى قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئادا-جۇدا قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ توي قىلغانلىقى، باللىق بولغانلىقى ۋە بەختىيار ياشاپ كېلىۋاتقىنىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرى توق ئىدى. ھەتتا بەزىدە ئۇ خىيالەن ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپمۇ قالاتتى. ئەنە شۇنداق ئويلاش، ئۇنى باشقا قىزلارغا

كۆڭۈل بېرىشتىن چەكلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاش نۇرۇل جوڭشياۋغا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى. قىزنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەر گۇرۇھى تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنىپ، ئاخىرى شۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئېرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىك ياسايدىغان ناھايىتى چوڭ يەر ئاستى زاۋۇتنى پارتلىتىپ قۇربان بولغانلىقى گېزىت-ژۇرنال ۋە تېلېۋىزورلاردا ئارقا-ئارقىدىن خەۋەر قىلىندى. ئەگەر ئۇ ماڭا تەگكەن بولسا مۇنداق پاجىئەگە يولۇقمىغان بولاردى، دېگەن بىر ئوي نۇرۇل جوڭشياۋنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىۋېتەتتى. تاشقى پىلانت ئادەملىرىنىڭ «شەپەق-301» نىڭ لايىھىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگىنى ئۈچۈن دەرىجە ئاتلىتىپ بېرىلگەن جوڭشياۋلىق ئۇنتۇۋانمۇ قايغۇسىنى يېنىكلىتەلمىدى. مۇشۇنداق كۆڭلەردە باشلىقنىڭ ئۇنى چاقىرتىپ، ساقايماس يۈرەك يارىسىنى تاتىلىغاندەك، ھەممە ئۈچۈن ئوچۇق-ئاشكارا بولغان بۇ ئىشنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشتىكى مەقسىتى نېمىكىن؟!

نۇرۇل جوڭشياۋ باشلىقنىڭ كەڭ، تولۇق، سەل ئېگىلگەن گەۋدىسىگە گۇمان بىلەن نەزەر تاشلىدى.

— بىلەمسىز، بىرقانچە دۆلەتنىڭ رازۋېتكا ئورگانلىرى شۇ قېتىمقى پارتلىتىشقا گۇمان بىلەن قارىماقتا، — باشلىق ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئاق ئارىلاش، ئۆسكىلەڭ قويۇق قاشلىرى دالدا قىلىپ تۇرغان سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن جوڭشياۋغا تىكىلدى. ئولتۇرۇۋېرىشنى ئەپ كۆرمىگەن جوڭشياۋ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ قەددىنى رۇسلىدى، — ئەلۋەتتە، پارتلىتىلغان ئورۇن مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق ئىنچىكە تەكشۈرۈلدى. لېكىن، قانداق پارتلىتىش دورىسى ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىقلانمىدى. 70 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىنى ۋەيران قىلىپ، «تاقىرتاغ» نىڭ بېلىنى ئۈشتۈۋەتكۈدەك مۇنداق زور پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە، يەر شارىنىڭ قايسى بۇلۇڭ-پۇشقىقىدا ياسالغان بولسۇن، ئۇنىڭ تەركىبىنى تېپىپ چىقالايتتۇق. ئەمما، تەكشۈرگۈچىلەر بۇ مەقسەتكە يېتەلمىدى، گۇمان مانا مۇشۇ يەردە.

— لېكىن، گېئولوگ مۇرات ئەپەندىنىڭ پارتلاشتىن ئۈزۈلگەن بىر پۇتى تېپىلغاندىن كېيىن ئەھۋال ئېنىقلانغاندۇ، — دەپ سۆز قاتتى جوڭشياۋ.

— توغرا، خىروئىن ئۇۋاقلىرى ھەم مۇرات ئەپەندىنىڭ بىر پۇتى تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىلدى. مۇرات ئەپەندى بىلەن دىلارا خېنىم بىزنىڭ قەھرىمانىمىز بولۇپ تونۇلدى. بىراق، مۇرات ئەپەندى مۇنداق كۈچلۈك پارتلىتىش دورىسىنى قەيەردىن تاپقان، ياكى قانداق ياسىغان؟

دىلارا خېنىم بىلەن مۇرات ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ يۈرگەن جوڭشياۋ، بۇ سوئال ئۈستىدە ئويلىنىپ باقمىغانىدى، شۇڭا جىم تۇرۇۋەردى.

— خەلقئارا رازۋېتكا باش ئىدارىسى بۇ ۋەقەگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتىدۇ،

ھەر خىل تەخمىنلەر بار، بۇنىڭ بىرى، قولغا چۈشمەي كېلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك گۇرۇھى تارتقان زىيىننى ئۆچ ئېلىش ئارقىلىق تولدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ دەپ قاراش. مېنىڭچە بۇ تەخمىن ئەمەلىيەتكە يېقىنراق.

— ئۇلارنىڭ شۇنداق خىيالى بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە قول سالغان بولاتتى.

— زور پارتلاش ھەم قاتتىق تەكشۈرۈش ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويغان، ئەمدى ۋاقىت ئۇزاردى.

— قول سالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، دېمەكچىمۇسىز؟

— سىزچە قەيەردىن قول سالار؟

— راستىمنى ئېيتسام بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقماپتىمەن، — دېدى خىجالەتچىلىكتە قالغان جۇڭشياۋ يەرگە قاراپ.

— خىجالەت بولماڭ، مەنمۇ ئويلىنىپ باقمىغانىدىم. باش ئىدارىنىڭ يوليورۇقىنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن سەگەكلەشتىم. باش ئىدارە ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى ھەرىكەتنى دىلارا خېنىمنىڭ ئانىسى نىگار خانىمغا قول سېلىشتىن باشلايدۇ. نىگار خانىمنىڭ يېنىدا بىزنىڭ قۇربان بولغان ئىككى قەھرىمانىمىزنىڭ يالغۇز پەرزەنتى — سەككىز ياشلىق رەنا قىزچاق بار.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئوي-پىكرى خۇددى شۇنداق بىر گەپنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئېچىلىپ كەتتى. ھەتتا ئۇ شۇنچىلىك ئاددىي بىر ئىشنى بۇرۇنراق ئويلاپ يېتەلمىگىنىگە ئۆزىدىن خاپا بولدى.

— مېنىڭچە بۇ تەخمىننى پەرەز دەپ قارىماي، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەپ جەزملەشتۈرۈش كېرەك، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — تاشقى پىلانت ئادەملىرى «شەپەق — 301» نىڭ لايىھىسىنى قولغا چۈشۈرەلمەي، ئاخىرى پروفېسسورنىڭ ئوغلى مالىكنى گۆرۈگە ئېلىۋالغانىدى؛ K شەھىرىدىكى بۇ قارا گۇرۇھمۇ، دىلارا خېنىمنى قىزى بىلەن گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ تەھدىت سالغانىدى. ئۇلارنى يەنە شۇنداق قىلمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

باشلىق ئويچان كۆزلىرىنى ئالدىدىكى كېلىشكەن قامەتكە ئىگە جۇڭشياۋغا تىكىپ، ئۇنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بېشىدىن-ئايىغىچە يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— مەن باش ئىدارىنىڭ تەستىقىنى ئالدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ھېچ ماسلاشمىغان بىر ھەرىكەت بىلەن ئېگىكىنى سىلاپ قويۇپ، — سىز K شەھىرىگە بارىسىز، ۋەزىپىڭىز نىگار خانىم بىلەن رەنا قىزچاقنى قوغداش، ھەم شۇ ئارقىلىق ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش؛ يەنە بىرى، پارتلاشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىش. ئىككىنچى ئىشقا سەل قارىماڭ، ئەگەر ئۇ ئېنىقلانمىسا، مۇنداق يېشىلمىگەن سىر بىزنىڭ بۈگۈن ھەم ئەتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك، مېنىڭچە

www.uyghurkitap.com



سىز بۇنى مۆلچەرلىيەلەيسىز.

نۇرۇل جوڭشياۋغا ھەممە ئىش ئايان بولدى. باشلىق ئۇنىڭ مىجەزىنى چۈشىنىپ قالغان. ئەگەر ئۇ ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا مەقسەتنى توغرىدىن توغرا ئېيتقان بولسا، سىرتقا چىقىرالمىسمۇ ئىچىدە ئايال خەقنى قوغداشقا باشقا بىرىنى ئەۋەتسىمۇ بولاتتى دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇنى ئالدىنقى قېتىم پەن تەتقىقات مەركىزىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇ قەغەز-قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئادەملەردىن ئۇنچىلا ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دەپ ئويلىغان، ھەم بىخۇدلىشىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى.

باشلىقنىڭ نۇرۇل جوڭشياۋنىڭ ئۆيلەنگەن-ئۆيلەنمىگەنلىكىنى سورىشى ۋە ئۇنىڭ باش-ئايىغىچە قاراپ كېتىشى، ئۇنى خەتەرلىك ئىشقا ئەۋەتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئىدى. نۇرۇل جوڭشياۋ قىسمەتنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن تاڭ قالدى. ئۇ دىلارانى ياخشى كۆرگەنىدى. بويىنى قاتتىقلىق قىلغاچقا، بۇنىڭ دەردىنى ئون بىر يىل تارتتى. لېكىن، ئاخىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بولدى. دىلارانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى تارتقان ئازابلىرى شۇنىڭ بىلەن بېسىلىپمۇ قالار. تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، شۇنىڭ ئۆزى باشقا ئىشلىرىغىمۇ يول تېپىپ بېرەر.

— ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ئۇ ھەربىيلەرگە خاس قەددىنى تىك تۇتۇپ، — قاچان يولغا چىقىمەن؟

— بۈگۈن كەچلىك ئايروپىلاندىن قالمايسىز، — باشلىق ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىش ئۈستىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، — خەلقئارا رازۋېتكا باش ئىدارىسىنىڭ ھازىرچە بۇ ئىشقا ساقچى ئورۇنلىرىنى ئارىلاشتۇرۇش نىيىتى يوق. باش ئىدارىنىڭ K شەھىرىدىكى شۆبىسى بىزنىڭ قارىمىقىمىزدا، سىز ئىدارە باشلىقى كومار ئەپەندى بىلەن تونۇشامسىز دەيمەن؟

— تونۇشىمەن.

— سىزنىڭ بارىدىغانلىقىڭىزدىن كومار ئەپەندىنىڭلا خەۋىرى بار، ئۇ سىزگە ياردەملىشىدۇ. قورال ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالسا، ساقچى ئورۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىمىز، ئۇلار سۆزسىز بىزگە ھەمكارلىشىدۇ. ھوشيار بولۇڭ، ئىگىلىگەن ئەھۋالنى پەقەت ماڭىلا دوكلات قىلىسىز. ئىشنى قەيەردىن باشلاش كېرەكلىكىنى بارغاندىن كېيىن بەلگىلەڭ!

باشلىق تارتمىدىن بىر باغلام ماتېرىيالنى ئېلىپ قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن نۇرۇل جوڭشياۋمۇ ئۈستەلگە ئېگىشتى.

## 2

ئايروپلان K شەھرگە سەھەر سائەت ئۈچتىن 47 منۇت ئۆتكەندە يېتىپ كەلدى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئېھتيات يۈزسدىن ماشنا ئادەم ھەيدگەن كرا ماشنسغا ئولتۇردى. شەھەر ئويقۇغا چۆمگەن، لېكن كۈندۈزدكدەك يورۇق ئدى. بۇ شەھەردە ئۈچ يىل ھەربىي تەلىم ئالغان نۇرۇل جۇڭشياۋ شەھەرنڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلرىنغچە ياخشى بلەتتى ۋە كۆزىگە چېلىققان ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ دىلارا بىلەن ئۆتكەن بەختىيار چاغلرىنى ئەسكە چۈشۈرەتتى. ئۇ، دىلارانڭ روھى قورۇنۇپ قالمسۇن دەپ، ئۇنڭ بىلەن بولغان ئەرزىمەس تەگىشىشنى ئويلماسلىققا تىرىشتى. خىيالغا كېلىپ قالسىلا بۇ تەگىشىشكە ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك بىر تۇيغۇ پۈچىلانغان قەلبنى ئۆرتەپ تېخىمۇ قىنايتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ ياش ئوفېتسرنىڭ مجەزى چۈس بولۇپ، ئۆزىنى تولىمۇ مەغرۇر تۇتاتتى. قىز بالا قوپاللىقنى، ئارتۇقچە تەكەببۇرلۇقنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سلىق مۇئامىلە قىلغان، كەچۈرۈم سورىغان بولسا، بۇ ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان ئېچىنىشلىق پۇشايماننى كۆتۈرۈپ يۈرمىگەن بولاتتى. خەير، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئۇ ئەمدى دىلارانڭ قەبرىسنى زىيارەت قىلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدۇ، ئۇنڭ جېنىغا قەست قىلغانلاردىن ئۆچىنى ئېلىپ، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنى ئاقلايدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ چوڭقۇر تىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى: شۇ ھامان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئاجايىپ گۈزەل بىرقىزنڭ چېھرىسى نۇرلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ كۈلۈمسىرىدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا — ئۆزلىرىگە نۇرغۇن پاراكەندىچلىك تېپىپ بەرگەن مۇخبىر قىز زەمىرە خېنىم بىلەن تاكاللىشىۋاتقاندا ئۇنڭ يېڭىلىشمىسام سىز نۇرۇل شاڭۋېي بولسىزغۇ دەيمەن، دەپ كۈلۈمسىرىگىنىنى پات-پاتلا ئەسلەپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار رەقىبلەردىن ئىدى. بىرى تارتىۋالماقچى بولاتتى، يەنە بىرى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويغانىدى. ئۇنڭ ئۈستىگە مۇخبىر سىياقىغا كىرىۋالغان بۇ قىز تاشقى پىلانىت ئادىمى ئىدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ بۇ قىز توغرىسىدىكى بىمەنە خىياللىرىدىن كۈلۈپ ساراڭ بولدۇممۇ، قىز تېپىلمىغاندەك تاشقى پىلانىت قىزلىرىنى ئويلاپ كەتكىنىمنى قارا دەپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانىدى. شۇنىڭغا قارىماي...

— ئەپەندى، بىر ماشىنا ئارقىمىزدىن قالماي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرغان شوپۇر.

نورۇل جۇڭشياۋ كەينىگە ئۆرۈلدى. بىر ماشىنا 30 مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قايسى كوچىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا ئىتتىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆز يۈگۈرتتى. ئاندىن ئارقىدىكى ماشىنىنى كۆزەتمەكچى بولۇپ يەنە كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، ماشىنىنىڭ ئوقتەك تېز يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كېچىككەنىدى، زەرب بىلەن ئۇرۇلغان سوقۇلۇشتىن ماشىنا قاتتىق سىلكىندى، جۇڭشياۋ يان قورالىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئالدىدىكى ئىككى ئورۇندۇقنىڭ ئارىلىقىغا دۈم يىقىلدى. بۇ يىقىلىش ئۇنى يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوقتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ماشىنا ئۆزاپ كەتكەنىدى. جۇڭشياۋ ماشىنىنى قوغلاش دېمەكچى بولۇپ شوپۇرغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. شوپۇرنىڭ كىيىملىرى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ تىتىلىپ كۆيۈشكە باشلىغانىدى. ئارقا مېڭىسىگە يان تەرەپتىن تەگكەن ئوقتىن ئېچىلغان تۆشۈكتىن پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئېغىر زەخىملەنگىنىگە قارىماي، ماشىنىنى يولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ھىلال ئاي شەكلىدىكى رولنى ناھايىتى تەسلىكتە باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. نۇرۇل جۇڭشياۋ مۇنداق ماشىنا ئادەم شوپۇرلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ئېلېكترون مېڭىدىكى بۇيرۇققا تايىنىپ، ماشىنىنى ئەڭ بىخەتەر سۈرئەتتە ھەيدەيتتى.

— ئەپەندى، ئەھۋال خەتەرلىك، — دېدى شوپۇر ئادەم ئاۋازىغا ئوخشمايدىغان بىر غۇڭغۇلداش بىلەن. جۇڭشياۋ ئۇنىڭ ئاۋاز سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدى، — خەۋەرلىشىش سىستېمام كاردىن چىقتى، ئىككى مىنۇت بەرداشلىق بېرەلەيمەن. دەرھال چۈشۈپ كېتىڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، ماشىنا پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن.

ماشىنا توختىدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ:

— سىز قانداق قىلىسىز، ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دېدى ماشىنا بىلەن بىللە پارتلاپ كېتىدىغان بۇ ماشىنا ئادەمنىڭ تەقدىرىگە خۇددى ئىنسان بالىسىغا ئېچىنغاندەك ئېچىنىپ.

جاۋاب بولمىدى. جۇڭشياۋ ماشىنا قوزغىلىپ، بۇرۇلۇشتىن ئەگىپ كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى، ئاندىن قارشى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىنى توسۇپ ئولتۇردى. شوپۇرغا، ئۆزى ئۈچۈن ئالدىن ئېلىپ قويۇلغان مېھمانخانىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتماي، شەھەر سىرتىدىكى باشقا بىر مېھمانخانىنىڭ نامىنى ئېيتتى. ئۇ ھېلىلا ئۇچرىغان سۇيىقەستتىن ئورنىنى ئۆز گەرتىۋېتىشنى توغرا تاپقانىدى.

جۇڭشياۋ ئەسلىدە مېھمانخانىغا بېرىپلا يۇيۇنۇۋېلىپ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشنى باشلىماقچى ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇنىڭ پىروۋىلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. كۆپ يىللىق تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۇيىقەستنى ھەرگىز تاساددىپىلىق دېيىشكە بولمايتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان، ئايروپىلان K شەھىرىگە قونۇشى بىلەنلا ئىزىغا چۈشكەن، خالىبراق يەرگە كەلگەندە قول سالغان. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ساقچى باشلىقى ئىشەنچلىك ئادەم. ئۇنداق بولسا سۇيىقەستچىلەر ئۇنىڭ

كېلىدىغان ئېنىق ۋاقىتنى كىمدىن ئاڭلىغان، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى؟

نۇرۇل جوڭشياۋ مېھمانخانىغا كېلىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بولغان ئەھۋالنى باشلىققا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ پەۋقۇلئاددە خادىملار ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قول سائىتىنىڭ يانىدىكى كونۇپكىسىنى باستى. سائەت سىيپىرلىرى ئۆچۈپ، ھاسىل بولغان سۇت رەڭ ئېكراندا، كەچلىك كىيىم كىيگەن ئويچۇلۇق چىراي پەيدا بولدى، باشلىق ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى.

— نېمە، سىز ماڭا ياتاققا ئورۇنلىشىۋالغانلىقىڭىزنى مەلۇم قىلىپ قويماقچىمۇ؟

جوڭشياۋ يولۇققان ھادىسىنى سۆزلەپ بەردى. باشلىقنىڭ قاشلىرى ھېمىرىلدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن، — دېدى ئۇ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، — ئەھۋال جىددىي ئىكەن، بۇ بىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— ئەتىگەندە ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتماقچىمەن. بەلكىم ئۇ بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر يىپ ئۇچىنى بىلەر...

— نېمە بولدىڭىز، جوڭشياۋ، — باشلىق ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئەگەر ئۇ يىپ ئۇچىنى بىلىدىغان بولسا بىزنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماسمىدى، بولمىغاندا ئالدىڭىزغا ئادەم چىقارغان بولاتتى. لېكىن بۇ ئىشلار بىزنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشىمىزغا ئاساس بولالمايدۇ. نىگار خانىمنىڭ ئۆيىگە سىزنى ساقچى باشلىقى بىللە ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇپ قويمىسا، خانىم سىزگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. يولدا ئۇچرىغان ۋەقەنى ساقچى باشلىقىغا تىنماڭ.

— مېھمانخانا ئۆزگەرتكەنلىكىمنى سوراپ قالسىچۇ؟

— خەۋىرىم يوق ئىكەن دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ.

— سىزدىن سوراپ قالغۇدەك بولسا...

— نېمە دېيىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. دىققەت قىلىڭ، بۇ ئىش بىز ئويلىغاندىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇچرىغان ھەرقانداق مەسىلىنى دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ، يېرىم كېچىدە بولسىمۇ مەيلى...

سۆزلىشىش تۈگىدى. ھارغىنلىق يەتكەن جوڭشياۋ كىيىملىرىنى يەشمەيلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ ئويلىماقچى، پىكىر يۈرگۈزمەكچى بولاتتى، لېكىن سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي ئاخىر ئۇنىڭغا ئەسىر بولدى.

ئۇ يۈزىگە چۈشكەن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىنىڭ قىزىتىشىدىن كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۇڭدا ياتقىنىچە ئەتراپىغا خامۇشلۇق بىلەن كۆز يۈگۈرتتى.

ئۆي ئىچىدە قۇياش نۇرىنىڭ قىزغۇچ رەڭگىگە چۆمگەن تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى. تۇمان يېنىك دولقۇنلىنىپ ئۆزگىرىدە، ھەسەن-ھۈسەندەك جۇلالىنىپ، ئالىيجىل نۇر

www.uyghurkitap.com

تامچىلىرىنى تۆكەتتى. يىراقتىن، ناھايىتىمۇ يىراقتىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش رەڭ چېكىت پەيدا بولدى. ئۇ بارغانسېرى نۇرلىنىپ ھەم يوغىناپ، سۇمۇرغقا ئوخشىشىدىغان بىر قۇشقا ئۆزگەردى. قاناتىنىڭ يەلپۈشىدىن تۇمان دولقۇنلاندى، ئاسماندىن مەرۋايىت ياغقاندەك ئەتراپ چاقنىغان نۇر بىلەن تولدى. يېقىنلاپ كەلگەن قۇش ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلاندى. جۇڭشياۋ قىزنىڭ: مەن سىزنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلىپ كەلدىم، دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇ نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ باغرىغا ئۆزى ئاتماقچى بولغاندەك، قوللىرىنى كېرىپ ناھايىتى تېز ماڭاتتى، لېكىن زادىلا يېقىنلىشالمايتتى. تاقەتسىزلەنگەن جۇڭشياۋ ئۆزى ئالدىغا بارماقچى بولۇپ جەينەكلەندى، ئۇنىڭ قوزغىلىشىدىن تۇمان شامال سوققاندەك كۈچلۈك تەۋرىنىپ كەتتى، قىزمۇ تۇمانغا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى. زەمىرە! دەپ ۋارقىرىۋەتتى نۇرۇل جۇڭشياۋ قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، نە تۇمان، نە ئالىيېشىل نۇر تامچىلىرى كۆرۈنمىدى. قۇياش نۇرى ئىشكاپتىكى ئۇزۇن بويۇنلۇق خروستال رومكىلار، ئالىي دەرىجىلىك ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىدا ئەكس ئېتىپ چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئايروپىلانغا ئولتۇرغانلىقى، ماشىنا سوقۇلۇپ ئوق ئېتىلغانلىقى... بىر-بىرلەپ ئېسىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ تامامەن ئۆزىگە كەلگەنىدى.

— يەنە شۇ بىمەنە خىيال، — دېدى ئۇ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ، چۆچەكلەردىكىدەك سېھىرلىك دۇنياغا غەرق بولۇپ كەتكىنىگە غودۇڭشۇپ.

جۇڭشياۋ ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىشقا تەييارلاندى. ساقال-بۇرۇتىنى ئېلىپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئون بەش مىنۇت كەتتى. تېلېۋىزورلۇق تېلېفون ئارقىلىق كۈتكۈچىگە ناشتىلىق بۇيرۇپ قويۇپ، ئۇدۇل تامدىكى تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويدى، دېكتور ئەتىگەنلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىۋاتاتتى:

«... سەھەر سائەت تۆتتىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، باغچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 180 مېتىر يىراقلىقتا بىر ماشىنا كۆيۈپ كەتكەن. دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ماشىنىغا ئوق ئېتىلغان، سەۋەبى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ماشىنا ئادەم شوپۇرلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورۇننىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ماشىنىدىكى يولۇچىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئالامەت بايقالمىغان...»

ئېكراندا كۆيۈپ قارىداپ، غۇجمەك بولۇپ قالغان ماشىنا كۆرسىتىلدى. نۇرۇل جۇڭشياۋ ئۆزىنى، ماشىنا بىلەن بىللە كۆيۈپ، كۆمەچكە ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغان قىسمەتكە ئىچ-ئىچىدىن مىننەتدار بولدى. لېكىن ئۇ، K شەھىرىدە ئۆتىدىغان كۈنلىرىنىڭ سىرات كۆۋرۈكىدە ماڭغاندەك قىل ئۈستىدە قالغانلىقىنى ئويلاپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. رەقىبلىرى ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدى، پۇرسەت تاپسىلا بىر پاي

ئوق بىلەن جىنىنى جەھەننەمگە ئۇزىتاتتى.

مۇنداق خىيىم-خەتەرلەردىن قانچە قېتىملاپ ئامان قالغان جوڭشياۋ سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە قەدەم ئېلىشىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

## 3

ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى — بوغداي ئۆڭ، كۆزلىرى چوڭ ھەم قارا، ئوتتۇرا بويلۇق، كۆكرەك مۇسكۇللىرى تار كۆينىكىدىن بۇرتۇپ چىقىپ تۇرغان كومار ئەپەندى نۇرۇل جوڭشياۋنى خۇش چىراي قارشى ئالدى:

— ناھايىتى خىجىلمەن، ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم، — دېدى ئۇ كۆچىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك جوڭشياۋنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ، — ئادەملىرىمىز تۈنۈگۈن كېچىدە بىر ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى. ھەرىكىتىمىزدە ئۇيلىمىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئورنۇمدىن ئايرىلالمىدىم. ئەتىگەندە ياتىقىڭىزغا تېلېفون بەرسەم، كۈتكۈچىلەر، مېھمانخانىدا مۇنداق ئادەم يوق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن باشلىقتىن سوراپ باقاي دەپ تۇراتتىم. قەيەرگە چۈشتىڭىز ياكى ئەمدى كېلىشىڭىزمۇ؟

كومار ئەپەندى ئۇنى دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، جوڭشياۋ كاتىپ قىز سۇنغان قەھۋەنى ئېلىۋېتىپ:

— دېگەن ۋاقتىدا كەلدىم، مېھمانخانا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىڭىزدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن، توغرا كەلگەن بىرىگە چۈشۈۋەردىم، — دېدى.

— باشلىق ئۆزى ماڭا بۇيرۇغانىدى.

— ماڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك.

كومار ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدىن جوڭشياۋنىڭ جاۋابىدىن گۇمانلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان غەلىتە بىر نۇر لىپ قىلىپ يېنىپ ئۆچتى، جوڭشياۋ بۇنى بايقاپ قالدى. ئىچىدە، ئۇ چوقۇم باشلىقتىن سورايدۇ، باشلىق بىلەن ئالدىن سۆزلىشىۋالغىنىممۇ ياخشى بولغانىكەن، دەپ ئويلىدى.

— مەن سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە كېپىلمەن، مەسئۇلىيەت دائىرەم بويىچە تۇرار جايىڭىزنى بىلىشىم كېرەك. قايسى مېھمانخانىغا چۈشتىڭىز؟ — كومار ئەپەندىنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەردى، — ئەتىگەنلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانسىز، ھازىر مۇنداق ئىشلار كۆپىيىپ قىلىۋاتىدۇ.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، مېنىڭ ئۇ مېھمانخانىدا تۇرۇپ قېلىش نىيىتىم يوق، — جوڭشياۋ ئىنىق جاۋابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سائەتكە قارىدى، — ئىشنى

www.uyghurkitap.com

باشلىساقمىكىن دەيمەن. ئاۋۋال نىگار خانىم بىلەن تونۇشسام، قالغان گەپلەرنى كېيىنرەك قىلىشساق قانداق دەيسىز؟

— ھازىرلا ماڭامدۇق، بىرەر يېرىم كۈن ھاردۇق ئېلىۋالامسىز؟

— ھاردۇق ئالدىغان ۋاقىت چىقىپ قالار.

— ئىختىيارىڭىز. سىزگە ياردەملىشىشكە ھەر قاچان تەييارمەن.

نىگار خانىمنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بۇرۇن بىنا قىلىنغان ئائىلىكلەر رايونىدا ئىدى. شەھەر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ ياشىنىپ قالغان ئايال، قىزى بىلەن كۆيئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەر باشلىقىنىڭ شەھەر مەركىزىدىن بەرگەن كەڭ، ئازادە ئۆيلىرىگە كۆچۈشنى خالىماي، ھازىرمۇ شۇ قەدىمىي جايىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى.

ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن باشقۇرۇلىدىغان پىكاپتا كېتىۋاتقان كومار ئەپەندى، يېتىپ بارغىچە يىگىرمە ئىككى مىنۇت كېتىدىغان بۇ ئارىلىقتا، نىگار خانىم ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى بىلىپ ئالدىرىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— نىگار خانىم خانىشلاردەك خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. كۆزىتىشىمىزدىن قارىغاندا، ھازىرغىچە قارا قوللارنىڭ ئۇنىڭغا قول سوزۇشىدىن دېرەك بېرىدىغان شەپە سېزىلمىدى. بۇ موماي زەھەرلىك چېكىملىك گۇرۇھىدىكىلەرنى قىزىقتۇرالمىغاندەك قىلىدۇ، بولمىسا ئۇلار ئاللىقاچان قول سالغان بولاتتى. خۇدا ساقلىسۇن، موماي بىلەن نەۋرىسى گۇرۇھقا ئېلىنىپ كېتىلسە، خەلق تەۋرەپ كېتىدۇ، بىز قاتتىق بېسىم ئاستىدا قالىمىز. ئىش ئۇنىڭدىن كېلىپ قۇتقۇزۇپ چىقالىساقمۇ ياخشى، بولمىسا خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىمىز، بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىمىز، — كومار ئەپەندى خۇددى شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ چارىسىز قالغان ئادەمدەك قوللىرىنى يېيىپ قويدى، — ھەرقانداق ئىشنى يامان تەرىپى بىلەن ئويلىغان تۈزۈك، ناۋادا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغىنىمىز ياخشىمىكىن دەيمەن. ئەكس ھالدا موماي بىلەن نەۋرىسىنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش بەكمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئەندىشە قىلىدىغان يېرىمۇ مۇشۇ ئىدى. سەھەردە بولغان ۋەقە مۇندىن كېيىنكى بولىدىغان يوشۇرۇن ئېلىشىشلارغا بېرىلگەن سىگنال بولۇپ، نىگار خانىمنى ھوغداشنىڭ قىيىنلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ كومار ئەپەندىنىڭ «كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» ئۇسۇلىنى ئېغىزدىن چىقارغىنىغا ئىچىدە ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، پىكرىنى ئوچۇق ئېيتماي گەپنى ئۆزگەرتتى:

— پارتلىتىش ھەققىدە يېڭى گەپلەر بارمۇ؟

— يوق، تەكشۈرۈشلەرمۇ ئاخىرلاشتى، تەكشۈرگۈچى، تەھلىل قىلغۇچىلارغا ئوخشاش، مەنمۇ بۇ زور كۆلەمدىكى پارتلاشقا گۇمان بىلەن قارايمەن...

پىكاپ ئائىلىكلەر رايونىنىڭ كەڭ ئارىلىق قالدۇرۇپ سېلىنغان ئېگىز قەۋەتلىك

بىنالىرى، گۈللۈك، چىمەنلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ توختىدى. نۇرۇل جوڭشياۋ ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئېسىدە ساقلىنىپ كەلگەن يول، ئەگىلىش، گۈللۈك ۋە يول ياقىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم تەقلىدىدىكى چىراغلارغا قاراپلا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەندى. كومار ئەپەندىنىڭ قېنى، ماڭايلى، دېگىنىمۇ قۇلىقىغا كىرمەي، گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان بۇ ئالقاندەك مۇھىتقا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر قوش قاناتلىق ئەينەكلىك ئىشىكنى ئېچىپ كىرىدۇ. كەڭ پەلەمپەيلەرنى بېسىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندىن كېيىن، زەڭگەرەڭ ئىشىك ئالدىدا توختايدۇ. دېمىنى ئېلىپ ئەمەلىيەتتە تىپچەكلەۋاتقان يۈرىكىنى تىنچلاندۇرۇپ، قولىنى ئىشىك قوڭغۇرىقىغا ئۇزىتىدۇ. دىلارانىڭ ئىشىك كۆزىدىن مارىلاپ، ئىشىكنى بىردىنلا يوغان ئېچىۋېتىپ، ئۇنى چۆچۈتىۋېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ...

— جوڭشياۋ، نېمىگە شۇنچە قادىلىپ كەتتىڭىز؟

نۇرۇل جوڭشياۋ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن:

— ئەتراپ بىلەن تونۇشۇپ قويغۇم كەلدى، — دەپ قويدى.

ئۇلار پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ زەڭگەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى. كومار ئەپەندى قوڭغۇراقنى باستى، ئۆي ئىچىدىن شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن يەنە باستى. جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى، مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپمۇ باقتى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى.

نۇرۇل جوڭشياۋنىڭ خىيالىغا سەھەردىكى ۋەقە كىرىۋېلىپ، يۈرىكى ئۆيغاندەك بولدى.

— ئېچىڭ! — دېدى ئۇ قانداق قىلىمىز دېگەندەك قاراپ تۇرغان كومار ئەپەندىگە.

ساقچىلارلا ئېلىپ يۈرەلەيدىغان ئۇنىۋېرسال ئاچقۇچ قولۇپ تۆشۈكىگە سېلىندى، شىرىق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.

ئىككىسى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆيگە كىرىشتى، ئادەم كىرگەنلىكنى بىلىندۈرۈش ئۈچۈن يۆتىلىپ قويۇشتى، ئاندىن ئىشىكى ئوچۇق خانىلارغا بويۇنداپ قاراشتى، ئادەم يوقلۇقىنى بىلىپ ھەر ئىككىلىسى جىددىيلىشىپ قالدى.

— بۇلار نەگە كەتكەندۇر؟ — دېدى جوڭشياۋ مېھمانخانا تېمىدا ئېسىقلىق تۇرغان دىلارانىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە قاراپ قويۇپ.

— موماي مۇنداق ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپمۇ كەتمەيدۇ، — دېدى كومار ئەپەندى جاۋاب ئىزدىگەندەك ئۆپچۆرىسىگە قاراپ، — باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تۈنۈگۈن چۈشكە يېقىن بۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتكەندىم، مومايمۇ، نەۋرىسىمۇ بار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— كارىۋاتقا قاراڭ، ئورۇن سېلىقلىق تۇرىدۇ. يوتقاننىڭ بىر چېتى قايرىلىپ قالغىنىغا قارىغاندا، ياتقان ئادەم شۇ تۇرۇپ كەتكىنىچە قايتىدىن ئورۇنغا كىرمىگەندەك قىلىدۇ.

— ياستۇق ئىككى ئىكەن، موماي نەۋرىسى بىلەن بىللە ياتقان بولۇشى كېرەك. بۇ چەتتىكى يوتقانمۇ قايرىقلىق تۇرىدۇ.

ئىككىسى ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپ چىقىشتى. ئۆيدىكى جاھاز، قاچا-قۇچىلار شۇ پېتىچە تۇراتتى. ھەتتا مومايىنىڭ نەۋرىسى — دەرس تەييارلىغان بولۇشى كېرەك — ئۈستەل ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتاب-دەپتەرلەرمۇ، ئۇ خۇددى دەرس تەييارلاپ بولۇپ، ھېلىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندەك شۇ پېتىچە تۇراتتى.

— نىگار خانىمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بارمۇ؟

كومار ئەپەندى ئېگىكىنى سىلاپ ئويلاندى:

— كۆپ ئەمەس. ئىگىلىشىمىزچە نىگار خانىمنىڭ ئېرى دىلارا خېنىم ئون بەش ياش ۋاقتىدىلا ماشىنا ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن. خانىمنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر سىڭلىسىدىن باشقا يېقىن تۇغقىنى يوق.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى نۇرۇل جوگشياۋ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىر ئارىغا كېلىپ، — بۇ يەردىكى ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە دېيىش قىيىن. سىز نىگار خانىمنىڭ تۇغقانلىرى، يېقىن تونۇشلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ. مەن ھەر بىر سائەتتە بۇ ئۆيگە بىر قېتىم كېلىپ تۇراي، ئىككىمىز خەۋەرلىشىش ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرايلى.

قوشنىلار، تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ھېچقايسىسى خانىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. پەقەت سىڭلىسىنىڭ «ئاخشام سائەت توققۇزدا ئىككىمىز تېلېفوندا سۆزلەشكەن، ھەدەم رەنانىڭ دەرس تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن» دېگەن گېپى، خانىمنىڭ كېچە سائەت ئون ئەتراپىدا ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۆتكىچە داۋاملاشقان بۇ تەكشۈرۈش نۇرۇل جوگشياۋنى ھەم سەگەكلەشتۈردى، ھەم روھىنى چۈشۈرىۋەتتى. شەھەرگە ئەمدىلا قەدەم قويغاندا كىملەرنىڭدۇر ئۇنى قەستلەشكە ئۇرۇنۇشى، نىگار خانىمنىڭ نەۋرىسى بىلەن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى — ھە دېگەندىلا يولۇققان بۇ ئوڭۇشسىزلىق ئىچى كۆچلۈك جوگشياۋغا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

نۇرۇل جوگشياۋ ئىستىراھەت بېغىنىڭ ئالدىدىن كېتىۋاتقاندا، ماشىنىسىنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— بىر ئاز يالغۇز ئايلانغۇم بار، — دېدى ئۇ كومار ئەپەندىنىڭ سوئاللىق نەزىرىگە قاراپ قويۇپ.

كومار ئەپەندىنىڭ شۇئان چىرايى ئۆزگەردى:

— كەچۈرۈڭ، سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن، جوگشياۋ. مېنىڭ شۇنداق

دېيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.
كومار ئەپەندى بۇگۈن بىر قانچە قېتىم «سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە مەن كېپىلمەن» دېگەننى تەكرارلاپ، سەن مېنىڭ ھامىيلىقىمدىكى ئادەم دېگەننى پۈرىتىپ قويۇشى، نۇرۇل جوڭشياۋنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. چۈنكى ئۇ يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن پەۋقۇلئاددە خانىم ئىدى، دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، ھەر قانداق بىر دۆلەتتىكى خەلقئارا رازۋېتكا شۆبىلىرى ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى پەۋقۇلئاددە خادىملارغا تەلەپ قويمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايتتى.
نۇرۇل جوڭشياۋ ئاچچىقلىنىشىنىڭ ئورنىغا كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. كومار ئەپەندى ئۇنىڭ قارىشىدىكى مەنىنى چۈشىنىپ:
— كەچۈرۈڭ، مەن پەقەت ياخشى كۆڭۈل بىلەن... — دېدى تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، — ئىختىيارىڭىز، مۇمكىن بولسا سىز بىلەن قانداق ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام...
—ئۆزۈم خەۋەر بېرىمەن.
جوڭشياۋ باغچىغا كىردى. باغچىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى — رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، گۈل بىلەن چىقىرىلغان ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەر چېكىش خىياللارغا چۆمگەن جوڭشياۋنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇنى K شەھىرى ناھايىتى سوغۇق قارشى ئالغانىدى. باشلىقتا بىر قېتىم دوكلات قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمدى يەنە، بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم دوكلات قىلىپ يولىيورۇقنى ئېلىشى كېرەكمۇ؟ يوقالغان ئىزلارنىڭ ئىچىدىن ئىز تېپىپ يول ئاچالىغان ئادەملا رازۋېتچىك بولالايدۇ. ئۇ، كومار ئەپەندى نىگار خانىمنىڭ تۇغقانلىرىدىن سوراپ بېقىش ئۈچۈن كەتكەندە، ئۆزى يالغۇز خانىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ھەممە يەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ چىقتى، بىر ئەمەس ئىككى قېتىم شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىچە، ئۇ ئۆلتۈرگەن ماشىنا ھوجۇمغا ئۇچراپ كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەر ئۇنى ئۆلدىگە چىقىرىپ، ياكى ئۇلارنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىسى نىگار خانىمنىڭ ئۆيىگە ماڭغان. مومايىنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرگەن-دە، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي مومايىنى نەۋرىسى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. خانىمنىڭ كېچە سائەت ئونلاردا ئۆيدە ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، سەھەردە ئۇنى قەستلەش بىلەن مومايىنى ئالداپ ئېلىپ كېتىش ئوخشاش ۋاقىتتا بولغان. جوڭشياۋ ئۆزىنى ئەيىبلىمەي تۇرالمايتتى، ھەتتا كەچۈرمەيتتى. ئەگەر ئۇ ئامان قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، ئۆزى بىلەن بولۇپ كەتمەي نىگار خانىمنىڭ ئۆيىگىلا ماڭغان بولسا، بەلكىم مومايىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈلگۈرگەن بولار ئىدى...
ئۇنىڭ پۈتنىڭ ئۇچىغىلا رەڭلىك بىر پومزەك دومىلاپ كېلىپ توختاپ قالدى. جوڭشياۋ پومزەكنى ئېلىپ ئۇدۇلىدا بىر قىزچاقنىڭ ئۆزىگە ھېيىقىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. دىلارانىڭ قىزىمۇ مۇشۇ قىزچاقچىلىك باردۇر، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە چىرايىغا

uyghurkitap.com

كۆلكە قوندۇرۇپ، شوخ بىر ھەرىكەت بىلەن پومزەكنى قىزغا تاشلاپ بەردى، قىزچاق يۇگۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئىككى كىشلىك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى دىلارا بىلەن باغچىغا كىرىپ قالسا، دىلارا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇق ئىدى. دىلارا بۇ ئورۇندۇقتا ئادەم بولۇپ قالسا، باشقا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشنى خالمايتتى. جۇگشياۋ بۇ شەھەرگە بىر قانچە قېتىم كەلدى، ھەر قېتىم كەلگىنىدە باغچىغا مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش ئۈچۈنلا كىرەتتى. باغچىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاۋۋال، ئۇ دىلارانى ئويلىمىغان، پەقەت بىردەم يالغۇز ئايلىنىپ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەسىمەنمۇ، بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئازابلىنىپ ئۆتەرمەنمۇ، دەپ پىچىرلىدى جۇگشياۋ بىر يېرى ئاغرىغاندەك تەرىنى تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تار يولنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر قىز كېلىۋاتاتتى. باغچىدا ئادەم شالاڭ بولغانلىقتىن، قىزىل-يېشىل ئارىلاشقان رەختتىن تىكىلگەن مودىلىق كۆڭلەك قىزنى يول ئۈتتۈرىسىدا ئېچىلغان گۈلدەك روشەن، جەزبىدار كۆرسىتەتتى. نۇرۇل جۇگشياۋ قىزغا ئىختىيارسىز تىكىلىپ قاراپ قالدى، قىز ئۇنىڭغا قەيىرى بىلەندۇر تونۇشتەك بىلىندى. قىز يېقىنلاشتى، جۇگشياۋ ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك ئاق، پارقىراق چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشنى ئېنىق كۆردى. قىز كېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.

— جانابىي شاگۋېي، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟!

نۇرۇل جۇگشياۋ توك تېيىۋەتكەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇ، يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان مېيىت تىرىلىپ بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا مۇنچىلىك قورقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان بولار ئىدى. ئۇ مۇخبىر قىز زەمىرە خېنىمنى كۆرگەنىدى.

— سىزگە نېمە بولدى، جانابىي شاگۋېي، — زەمىرە خېنىم يول ياقىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ جۇگشياۋنىڭ ئالدىدا توختىدى، — تونۇماي قېلىۋاتامسىز، ياخشىراق قاراڭ، مېنى ئۇنتۇپ قالدىغانلىقىڭىزغا زادىلا ئىشەنمەيمەن.

جۇگشياۋ قېتىپ قالغان تىلىنى كۈچىنىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ زۇۋان چىقىرالىدى:

— زەمىرە خېنىم...

قىز تاتلىق كۈلدى:

— ناھايىتى خۇشالمەن، رەھمەت. مېنى ئۇنتۇماپسىز، ھەتتا ئىسمىمنىمۇ خاتىرىڭىزدە بار ئىكەن.

— سىز بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟

— سىزنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلەتتىم.

نۇرۇل جۇگشياۋنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئۇ ئەسلەشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بۇ سۆزنى

ئۇ تېخى يېقىندىلا ئاڭلىغانىدى، قەيەردە ئاڭلىۋىدىكىن، چۈشىدە ئەمەس ئوڭىدا ئاڭلىغانىدەك قىلغانىدى. توختا، ھە ئەمدى ئېسىگە كەلدى. بۈگۈن ئەتىگەندە ئويقۇدىن كۆزىنى ئېچىپلا زەمرە خېنىمنىڭ قىزغۇچ تۇمان ئىچىدە قۇشتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن، قىز ئۇنىڭغا: مەن سىزنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلەتتىم، دېگەنىدى.

بىردىنلا ئۆرلىگەن غەزەپ جۇڭشياۋنىڭ ھوشىنى يىغدى.

— ئەگەر سىز راستىنلا مەن كۆرگەن زەمرە خېنىم بولسىڭىز گېپىمنى ئاڭلاڭ — دېدى ئۇ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ھېلىلا قىزغا ئېتىلىدىغان ئەلپازدا، — سىز تاشقى پىلانىت ئادىمى، بىزگە مەلۇم بولمىغان قايسىدۇر بىر سەييارىنىڭ ئەركە خېنىمى. سىزنىڭ يەر شارىدا قايتىدىن پەيدا بولۇشىڭىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىز ئەمدى سىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىمىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئۇچار تەخسە بىلەن كېلىپ ئىنسانلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەرگەن بۇ قىزنىڭ قىيا بېقىپ كۈلگەن سىياقىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىغان، كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان بۇ خىيالىي مۇھەببەتنى بىمەنە ئارزۇ دەپ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىز ئالدىغا كەلگەندە مۇنداق قوپال مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىشنى ئويلىمىغانىدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ ئىنسان ئىدى، ئىنسانلارنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن سۇغۇرۇلغان يۈرىكى، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سالىدىغان ھەر قانداق غەيرىي كۈچكە يول بەرمەيدىغان ۋىجدانىنى يېتىلدۈرگەنىدى.

— شاڭۋېي ئەپەندى، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىز ماڭا شۇنداق دېيىشكە ھەقلىق، — دېدى قىز جۇڭشياۋنىڭ گېپىنى ئېغىر ئالماي، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن «شەپەق-301» نىڭ لايىھىسىنى ئوغرىلاشقا كەلمىدىم. بۇ ئىشتا سىلەر غالىب كەلدىڭلار. بىز سىلەرنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، تەرەققىياتىڭلار بىز ئويلىغاندىنمۇ ئاستا بولدى. بۇ قېتىم «شەپەق-301» نى ياساپ، بىزنىڭ سىلەرگە سىرلىق بولۇپ تونۇلغان — سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا «ئۇچار تەخسە» نى چېكىندۈرگىنىڭلار، بىر ھېسابتا بىزنى خۇشال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە، بۇ كەشپىياتىڭلار بىزنىڭ سەگەك تۇرۇشىمىزغا بېرىلگەن سىگنال بولدى. بىزنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىشىمىز ھەرگىز باشقا بىر پىلانىتتىكىلەرنى تالان-تاراج قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. بىزمۇ تىنچلىقنى خالايمىز، بىزدىمۇ سىلەردىكىگە ئوخشاشلا ۋىجدان بار. بولمىسا ئوسمان ئەپەندى ھەم پروفېسسورنىڭ ئوغلى مالىكنى ئوت ئىچىدە قالدۇرۇپ كېتىۋەرگەن بولاتتۇق، — نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ نەزىرىدىكى بۇ تاشقى پىلانىتنىڭ ئەركە خېنىمى بىردەم تۇرۇۋېلىپ، جۇڭشياۋنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ كەتتى، — مەن سىزنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، —

www.uyghurkitap.com



دېدى كۆزلىرىنى ئۇزمەستىن گېپىنى داۋام قىلىپ، — سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىنسان دەپ ئاتىغان بولساڭلار، بىزمۇ ئۆز تىلىمىزدا ئۆزىمىزنى ئىنسان دەپ قارايمىز. بىزمۇ ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىمىز. گۆش-قېنىمىزدا ئاز-تولا ئوخشاشماسلىق بولسىمۇ، ياراتقۇچى كۆڭۈلنى ئوخشاش قىلىپ ياراتقان شاگۇيىي ئەپەندى، سەييارىمىزدىكى قىزلارنىڭ گەپىنى ئوچۇق قىلىش ئادىتى بار. مېنى يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ نامراتلىقى، كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان ئۇرۇش خۇمارلىقى قىزىقتۇرۇپ كەلتۈرگىنى يوق. مەن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەلدىم.

تاشقى پىلانىت قىزىنىڭ ياساللىقتىن خالىي گەپلىرى نۇرۇل جۇڭشياۋغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تۈرۈلگەن مۇشتلىرى بوشىشىپ، قىزغا قىزىقىش بىلەن قارىدى. قەلبىدىكى قىز ياندۇرۇپ قويۇپ كەتكەن ئوچقۇن كۆچىيىپ، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن جىسمى قىزىدى، ئۆزىدە ۋۇجۇدىنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان يېقىملىق بىر تىترەكنى ھېس قىلدى. لېكىن قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كەسپىي ھوشيارلىق يەنە ئۈستۈنلۈككە چىقىپ، ئۇلغىيىۋاتقان ھېسسىياتىنى تىزگىنلىدى.

— مېنى سىزنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىڭىزگە ئىشىنىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز خاتا قىلغان بولىسىز، زەمىرە خېنىم، — دېدى ئۇ سىلىقراق سۆزلەشكە تىرىشىپ، — مۇنداق سۆزلىرىڭىزگە ئوسمان ئەپەندى ئىشەنگەن، ئاخىرىدا خۇدىنى يوقىتىپ، جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغانىدى.

— ئادەم بەزىدە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ھېچقانداق زۆرۈرىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كەلمىدىم.

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن. نامرات ھەم ئۇرۇشخۇمار ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كېلىشىنى خالىغان ئىكەنسىز، بۇ يەردە چوقۇم سىلەرنى قىزىقتۇرغان ياكى چالا قالغان بىر ئىش بار.

— سىز مېنى راستىنلا چۈشەنمەيۋاتامسىز ياكى چۈشەنسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئەتەي چۈشەنمىگەنگە سېلىۋاتامسىز، — قىز دىلى رەنجىگەندەك ۋە بۇ رەنجىشنى سۈكۈت ئارقىلىق تارقىتىۋەتمەكچى بولغاندەك يەرگە قاراپ بىردەم شۈك بولدى. ئالدىدىكى ئادەمدىن كۆڭۈلگە يارىشا گەپ چىقمىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئۆزى ئېغىز ئاچتى، — سىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا باشقىچە بىر مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇشخۇمار دېگەن سۆزۈم غورۇرىڭىزغا تەگكەنلىكىنى بىلدىم. سىلەردە ئەبەدىي تىنچلىقنىڭ بولۇشىغا يەنە ئۇزۇن ۋاقىت بار، سىلەر بۇ بۈيۈك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتىسىلەر. كۈرەش بولىدىكەن ھاياتلىققا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولۇش قىيىن. قىلىۋاتقان ئىشىڭىز سىزنى ھەر كۈن-ھەر سائەتتە ھايات-ماماتلىق بىلەن ئويىنىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بىلمەيمەن، سىزنى ئۇچراتقىنىمدىن بىرى، سىزنىڭ ھايات يۈرۈشىڭىز ماڭا

ناھايىتى مۇھىمدەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈمدە دايىم بىر ئەنسىزچىلىكنى سېزىمەن. بۇنى مۇھەببەتمىكىن دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويىمەن. دېيدىمغۇ، ئارىمىزدا مۇنداق باغلىنىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىز باشقا-باشقا پىلانىتلارنىڭ ئادىمى، — زەمىرە خېنىم ئۈنچىدەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى — سىز مېنى نېمىشقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايسىز.

قىزىرىپ كەتكەن جۇڭشياۋ قىزنى ئالدىراپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ نېمە دېيىشنى ۋە بۇ قىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ خام خىياللىرى رېئاللىققا ئايلاندى، ئەمدى ئۇ بۇ تاشقى پىلانىت قىزىغا ئىشىنىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بارلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن تىنىغمۇ تىنىغ تۇرغان بۇ قىزنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە بەكمۇ ئەجەبلىنەتتى.

لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن، كۆز ئالدىغا كەلگەن ئۆتكەن ئىشلار بۇ قىزغا ئىشىنىشكە قارىغاندا ئىشەنمەي تۇرۇشنى ئەسكەرتكەندەك قىلاتتى.

## 4

نۇرۇل جۇڭشياۋ ساقچى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا، كاتىپ قىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— جۇڭشياۋ ئەپەندىمۇسىز، — قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن كۆرۈشۈشكە قول ئۇزاتتى، — باشلىقنى ئىزدەپ كەلدىڭىزمۇ، مەرھەمەت. كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ.

تولۇق، چىرايلىق كەلگەن كاتىپ قىز ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، ئارقىسىدىن ئۆزىمۇ كىردى.

— يېڭىلا تەييارلاپ قويغان قەھۋە بار، كۆڭلىڭىز تارتامدۇ؟

جۇڭشياۋ كاتىپ قىزنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ-قاراپ قويۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانلىقىنى سەزدى. كاتىپ قىزلارنىڭ كۆپ ئىشلاردىن خەۋەردار بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان جۇڭشياۋ ئۇنى گەپكە سالماقچى بولدى.

— بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنسىز، تونۇشۇپ قويايلى دېگەن سۆزنى ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولغاندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراپ.

— ئاشۇرۇۋەتكەن بولسىڭىزمۇ چىرايىمغا نەزىرىڭىزنىڭ چۈشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇم، — قەھۋە قۇيۇۋاتقان قىزنىڭ ئاپئاق يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى، — مېنى ئاددىيلا قىلىپ «كاتىپ قىز» دەۋېرىڭ. ئالاھىدە خادىملارنىڭ ئالدىدا ئىسمىمنى ئاتاپ تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىمەيمەن.

www.uyghurkitap.com



— مېنىڭ ئالاھىدە خادىملىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئوھوي جۇڭشياۋ، بۇنىڭ يوشۇرغۇدەك نېمىسى بار. سىزنىڭ تاشقى پىلانىت ئادەملىرى بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىز گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ئەڭ قىزىقارلىق خەۋەر بولۇپ تارقىلىپ كەتتىغۇ. قىزلارنىڭ سىنچى بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— شۇنداقمۇ، مەن بۇنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

— بۇ يەردە قانچە ۋاقىت تۇرىسىز؟

— بىرەرىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالغىنىمغا ئىشەنگەن بولسام، كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ھەرقانداق چاغدا ۋاقىت چىقارغان بولاتتىم.

قىز قەھۋەنى سۇنۇۋېتىپ يەر ئاستىدىن نازلىق بېقىپ كۈلۈمسىرىدى.

— قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇستا ئىكەنسىز، قەيەرگە چۈشتىڭىز؟

جۇڭشياۋ چاقچاق قىلغاندەك قوللىرىنى يايدى:

— ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، بۇ مېنىڭ مەخپىيىتىم.

— ۋاي-ۋۇي، — قىز زاڭلىق قىلىپ نېپىز لەۋلىرىنى پۈردى، — خالىسام، شەھەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئون مىنۇت ئىچىدە سىز بىلەن سۆزلىشەلەيمەن.

— دېمەك، بىز خالىغان ۋاقىتتا سۆزلىشىپ تۇرالايدىكەنمىزدە...

ساقچى ئەمەلدارنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى پاراڭنى ئۈزۈۋەتتى. جۇڭشياۋنىڭ ئالدىدىلا تۇرغىنىدىن ھودۇقۇپ قالغان قىز، باشلىقتا قورققاندەك قاراپ قويۇپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان جۇڭشياۋ، كومار ئەپەندىنىڭ ئوچۇق چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ئەكس ئەتكەن سالقىنلىقنى كۆرۈپ، كاتىپ قىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقىنى بىلدى.

— نىگارخانىمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدۇق، — دېدى ئۇ جۇڭشياۋدىن قىسقىچە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، — تەكشۈرمىگەن يېرىمىز قالمىدى، پەقەت بىرلا ئېھتىمال — گۆرۈگە تۇتۇپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا، يەنە بىرنەچچە كۈن كۈتمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق.

جۇڭشياۋمۇ بۇ ئېھتىمالغا ئىشىنىپ قالغانىدى. گۆرۈگە ئېلىۋالغۇچىلار قارشى تەرەپنىڭ سەۋرى چېكىگە يېتىپ، ھەرقانداق تەلەپكە شەرتسىز ماقۇل دېگۈدەك ھالەتكە يەتكۈچە تاقەت قىلىپ كۈتەلەيتتى.

— ئىزدەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمايلى. گۆرۈگە تۇتۇپ كېتىلگەن بولسا، بەلكىم ئۇزۇن كۈتۈشكە توغرا كەلمەس، — دېدى جۇڭشياۋ ئۆزىنىڭمۇ بىرەر تەدبىر قوللىنالمىغىنىغا خىجالەت بولغاندەك كومار ئەپەندىنىڭ چىرايىغا قارىماي.

— بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇڭ.

— مەن دىلارا خېنىمغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپنى كۆرۈپ چىقاي دېۋىدىم.

— ھازىرلا ئېرەكمۇ؟

جۇڭشياۋ بېشىنى لىڭشىتتى.

كومار ئەپەندى تېلېفون قىلدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن كاتىپ قىز سەرەڭگە قېپىسىلىك چىرايلىق، ئېپىز قاپلىق ماگنىتلىق دېسكىنى باشلىققا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئارخىپ سىزنى قانائەتلەندۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭدا دىلارا خېنىم ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكرام ئىسىملىك تالانتلىق ياش پروفېسسورنىڭ ئوت ئىچىدىن بىر بوۋاقنى قانداق قۇتقۇلدۇرۇپ چىققانلىقىدىن تارتىپ، تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان ياش پروفېسسورنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان ئابىدىگە دىلارا خېنىم يازغان يادنامىسىچە ھەممىسى خاتىرىلەنگەن.

جۇڭشياۋ رەھمەت ئېيتىپ ئارخىپنى يانچۇقىغا سالدى.

— ئېنىقسىز يەرلىرى ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، قولۇمدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىمايمەن، — دېدى كومار ئەپەندى جۇڭشياۋنى ئۇزىتىۋېتىپ تەكەللۇپ بىلەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، كۆپ رەھمەت سىزگە.

نۇرۇل جۇڭشياۋ كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل مېھمانخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئارخىپ كۆرۈشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. بەزىدە ئارخىپتىكى قانچە قېتىم قانچىلىغان كۆزلەردىن ئۆتكەن بولسىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆز، بەلگە ۋە سۈرەتلەردىن يىپ ئۇچى ئۈزۈلۈپ، سىرلىق تۇسكە كىرىپ قالغان ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ تېخىمۇ يوشۇرۇنغان ئىزلىرىنى بايقاۋالالايتتى.

ئۇ كاتىپ قىزنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ سىز بىلەن ئون مىنۇت ئىچىدە سۆزلىشەلەيمەن، دېگەن گېپى خىيالىدىن كېچىپ، بىردەمگە ئېچىلغان چىرايى شۇ ھامان تۇتۇلدى. ئادەتتە مېھمانلارنىڭ قايسى مېھمانخانا، قايسى ياتاققا چۈشكەنلىكىنى مېھماننىڭ رۇخسىتىسىز سۈرۈشتۈرۈشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى. سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ رۇخسىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار خالىغان چاغدا خالىغان ئادەمنى سۈرۈشتە قىلالايدىكەن-دە، — دەپ ئويلىدى جۇڭشياۋ ئىچىدە، — كاتىپ قىزنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا كىم رۇخسەت بەرگەن؟ ئۇنداقتا ئاخشامقى ۋەقەنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇلار مېھمانخانا خوجايىنىنى ئالداپ كىرىۋالغانمۇ ياكى ئالاھىدە رۇخسەت بىلەنمۇ؟

ئۇ تۇنۇگۈن باغچىدا زەمرە خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، K شەھىرىگە كېلىپ ئون تۆت سائەت ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارنى ئويلاپ ھارغان، قورسىقى ئاچقان ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەنىدى. شۇنچە چارچىغىنىغا قارىماي ياتىقىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىمىدى. كۈتكۈچىگە تاماق بۇيرۇپ قويۇپ يۇيۇندى. چېچىنى تاراۋېتىپ ئەتىگەندە چالا ئوقۇپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويغان گېزىتكە كۆزى چۈشتى-دە، تاماق كىرگىنچە ئوقۇماقچى بولۇپ گېزىتكە قول ئۇزاتتى. شۇ چاغدا قولىدىكى سائەت خەتەرنى بىلدۈرۈپ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سىگنال

www.uyghurkitap.com



بەردى. ئۇ جايىدىن قىمىرلىماي سائەتنى قولىدىن چىقاردى-دە، يوتقان يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ چىقتى. سىگنال بىر پەسىيىپ بىركۇچىيەتتى. ئۇ دائىرىنى بەلگىلىۋېلىپ، يوتقاننى ئېھتىيات بىلەن قايرىدى. يەنە تەكشۈرۈپ، ئاستىغا سېلىنغان يۇمشاق چۈشەكنىمۇ شۇنداق ئېھتىيات بىلەن قايرىدى. بۇ ھەرىكە تنىڭ يېنىك، زورىقىش تەلەپ قىلىنمايدىغانلىقىغا قارىماي، پېشانە-بويۇنلىرىدا تەرتامچىلىرى يالتىرىدى. ئۇنىڭ كۆزى چۈشەكنىڭ ئاستى يۈزىگە چاپلانغان — ئۇنىڭغا تونۇش بولغان تۈگمىدەك چوڭلۇقتىكى ئاق نەرسىگە چۈشتى. كەشىپ قىلىنىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۇرنىنىڭ دەسلەپكى يىغىنىدىلا، بىر كىلوگراملىق بېسىم ياكى ئۇنىڭ قوزغىتىشىدىن يېرىلىپ، ئىچىدىن چىققان پۇراقسىز زەھەرلىك گازنىڭ تەسىرىدىن، ئادەمنى ئون بەش سېكۇنت ئىچىدە ئۇخلىتىپ ھاياتىدىن جۇدا قىلىدىغان، ئالىملار شۇ يىغىنىدىلا «ئەزرائىل» دەپ نام بەرگەن بۇ كەشپىيات ئىشلىتىشتىن قەتئىي چەكلەنگەنىدى. ئۇنى ياساپ چىقىرىدىغان ئۇسكۇنىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش توغرىسىدا كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. قارار ۋە بۇيرۇق قانچىلىك كۈچلۈك ھەم كەسكىن بولمىسۇن، «ئەزرائىل» يوشۇرۇن ياسىلىپ ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولماقتا ئىدى...

ئۇ «ئەزرائىل»نى سويۇپ ئېلىشتىن چۆچۈپ، ئەتراپىنى قايچا بىلەن كېسىپ چىقىرىۋالدى، ئاندىن گۇمان قىلغان جايلارنى تەكشۈرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىنلا ياتقانىدى.

نۇرۇل جوڭشياۋنى تونۇغۇن سەھەردە قەستكە ئۇچراشتىن باشلاپ، كەچتە يەنە قەستلىمەكچى بولغانغا قەدەر، كۆچىيىپ بېرىۋاتقان بىر سوئال قىينىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ K شەھىرىگە كېلىشىنى بىۋاستە باشلىقى بىلەن K شەھىرىنىڭ ساقچى باشلىقىدىن باشقىسى بىلمەيتتى، بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنى باشقىلار بىلىۋالغان، بىلگەندىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلگەن. نىگار خانىمنىڭ ئۇنىڭ كېلىشى بىلانلا يوقاپ كېتىشى، بۇ ئۇلارنىڭ ئالدىراپ قالغانلىقىنى، ئىز قالدۇرمىغانلىقى ناھايىتى تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

نۇرۇل جوڭشياۋ شۇلارنى ئويلاپ مېھمانخانىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ياتىقىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئىشخانىسىدىكى جىددىي خىزمەت قىزغىنلىقىدەك بىر روھلىنىش بىلەن ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ ئارخىپتىكى سۆزلەرنى، رەسىملەرنى زېرىكمەي، بەزى جايلىرىنى قايتا ئاڭلاپ، ھەم كۆرۈپ چىقتى. ئۇ ئون بىر يىل ئاۋۋال K شەھىرىدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دىلارانىڭ ئىكرام ئىسىملىك ياش پروفېسسورنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، رەشكتىن يۈرىكى تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ، قانچە كۈنلەرنى ئۇيقۇسىز تولغىنىپ ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن بۇ ياش پروفېسسورنىڭ ۋاپات بولغانلىقى تېلېۋىزوردا خەۋەر

قىلىندى. شۇ چاغدىكى ياش ئوفىتسېر نۇرۇللا، پروفېسسورنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇشالمۇ بولدى. ئۇ دىلاراغا بىرپارچە خەت يازغان، خەت دىلارانىڭ سۇنغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرىدىغان سۆزلەر بىلەن تولغانىدى. يەنە بىر مەنىدە، دىلارانى چېكىپ بېقىش مەقسەت قىلىنغان بۇ خەتكە جاۋاب قايتۇرۇلمىغاندىن كېيىن، بۇنى قاتتىق هار ئالغان مەغرۇر ئوفىتسېر ئىككىنچىلەپ خەت يازمىدى، هەم بۇ شەهەرگە كەلسىمۇ قىزنى ئىزدەپ بارمىدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دىلارانىڭ مۇرات ئىسىملىك گېئولوگ بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا دىلارانى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا تەن بەردى، هەم ئىچ-ئىچىدىن ئۆكۈندى.

ئۇ ئېكراندا پروفېسسور ئىكرامنىڭ بىرنەچچە پارچە سۈرىتىنى بىر-بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئۇ قاملاشقان يىگىت ئىدى. لېكىن كۆزلىرى بىر قارىماققا ئالىملارغا خاس ئويچانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك، سىنچىلاپ قارىسا، ئادەمگە هېسسىياتسىز، سوغۇق نەزەردە تىكىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا گېئولوگ مۇرات ئەپەندى هەر بىر پارچە رەسىمدە كۈلۈپ تۇراتتى، كىشىدە خۇش خۇي، چىقىشقاق ئادەمدەك تەسىر قالدۇراتتى.

جۇڭشياۋ نى دىلارانىڭ دەپنە مۇراسىمىدا تارتىلغان تۆت پارچە سۈرەت جەلپ قىلىۋالدى. پروفېسسور ئىكرامغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يىگىت تۆت پارچە سۈرەتنىڭ هەممىسىدە مۇرات ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئىدى. مۇرات ئەپەندىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، هەسرەتلىك ئىدى. هېلىقى يىگىتنىڭ چىرايى ئىپادىسىز، كۆزلىرى ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۆزىگە هېچ بىر ئالاقىسى يوقتەك هېسداشسىز پارقىراپ تۇراتتى. مۇرات ئەپەندىدىن ئايرىلماي يۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم مۇرات ئەپەندىنىڭ يېقىن ئادىمى، — دەپ پىچىرلىدى جۇڭشياۋ، — لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇرات ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا كۆرۈنمەيدۇ؟ ئۇ پروفېسسور ئىكرامنىڭ سۈرىتى بىلەن هېلىقى يىگىتنىڭ سۈرىتىنى يانمۇيان كەلتۈرۈپ قاراپ، ئىككىسىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاشلىقىدىن تاڭ قالدى. نىگار خانىم بولغان بولسا بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئاسان ئىدى، شۇنداقتىمۇ مۇرات ئەپەندىنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. نۇرۇل جۇڭشياۋ گېئولوگىيە ئىدارىسىگە بېرىپ ئېنىقلاپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئېكرانىنى ئۆچۈردى.

ئۇ ئارخىپ كۆرۈپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن باشقا يېڭىلىق تاپالمىدى. لېكىن كەتكەن ۋاقتىغا ئۆكۈنمىدى. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى يېڭىباشتىن كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ كېيىنكى ئىشلارغا پايدىسى تېگىپ قالاتتى.

جۇڭشياۋ سائىتىگە قارىدى، زەمرە خېنىم بىلەن كېچىلىك كۈلۈپتا ئۇچرىشىشقا بەرگەن ۋەدىسىگە يەنە ئىككى سائەت بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ

www.uyghurkitap.com



ھاردۇق ئېلىشىپلىشىغا يېتىپ ئاشاتتى.

## 5

كىچىلىك كۆلۈپتا زەمىرە خېنىمنىڭ تۈگمەس سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرغان جۇڭشياۋ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان كاتىپ قىزنى كۆرۈپ قالدى. قىز ئەڭ يېڭى مودىدا قورچاقتەك ياسانغانىدى. ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق كۆكسى، شىشىدەك سۈزۈك يالىڭاچ مۈرىلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

— ئوھوي جۇڭشياۋ ئەپەندى، — دېدى قىز كونا تونۇشلاردەك ئۇلار ئولتۇرغان ئالدى ئوچۇق خاس خانىگە كىرىپ، — سىزنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىڭىزنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمنى ئىزھار قىلىشقا ئالدىرىدىم. سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىجازەتسىز كىرگەنلىكىمنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋ تەننى چۈشەندى. قىز ئۇنىڭغا، سىز بۇ شەھەردە يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالمايدىكەنسىز، دېگەننى بىلدۈرگەنىدى.

— بىزنى ئىنتايىن خۇش قىلدىڭىز، خېنىم. سىز بىلەن بىللە بولساق ۋاقتىمىزنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى جۇڭشياۋ قىزلارغا ياقىدىغان خۇشامەتكۇيلارچە ئاھاڭدا، — قېنى، مەرھەمەت، بۇ ياققا كېلىڭ، خېنىم. كەچۈرسىلەر، سىلەر تونۇشمايسىلەرغۇ دەيمەن.

جۇڭشياۋ كاتىپ قىزنى تونۇشتۇرۇشقا قىستاپ، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىسمىنى بىلىۋالماقچى ئىدى.

ئىككى قىز چىرايلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، قىزلارغا خاس سىنچىلىق، سەندىن نەرىم كەم دەيدىغان تەكەببۇرلۇق بىلەن، بىر-بىرىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئىنتىك كۆز يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— رەھمەت، جۇڭشياۋ ئەپەندى، — كاتىپ قىز زەمىرە خېنىمدىن كۆز ئۈزۈپ جۇڭشياۋغا قاراپ كۈلدى، — مەن سىلەر بىلەن بىللە بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن. كەچلىك سورۇن كېلىشكەن جورىلار بىلەن كۆڭۈللۈك، خەير، بىز يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

جۇڭشياۋ ئېغىز ئاچقۇچە، قىز ئىنتىك بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، قىز كۆلۈپنىڭ كەڭ، ئەينەكلىك ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.

— غەلىتە قىز ئىكەن، — دېدى زەمىرە خېنىم ئولتۇرۇۋېلىپ.

— مىجەزى شۇنداقراق.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىچىدە، ياخشى بىر پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى، زەمىرە خېنىم بولمىغان بولسا، كاتىپ قىزنى گەپكە سېلىپ بەزىبىر ئەھۋاللارنى

بىلىنىۋالغان بولاتتى.

يەنە بىر سائەتچە ۋاقىتنى تەستە ئۆتكۈزگەن جوڭشياۋ، قايتايلى دېگەننى بىلدۈرۈپ سائىتىگە قاراپ قويىدى. زەمىرە خېنىممۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇنچۇقماي ئورنىدىن قوزغالدى.

— مېنى شۇنداق كۆڭۈللۈك ئورۇنغا تەكلىپ قىلغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، — دېدى زەمىرە ئۇلار سىرتقا چىققاندا، — ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. قاراڭ، بۇ كېچە نېمىدېگەن گۈزەل. بىردەم كوچا ئايلانساق قانداق دەيسىز؟

نۇرۇل جوڭشياۋ خالىمىسىمۇ كەيپىياتىنى بىلىندۈرگىسى كەلمەي:

— چارچاپ قالمىغانلا بولسىڭىز، — دېدى سۇسقىنا.

— كۆپ ئەمەس، يېرىم سائەتلا.

نۇرۇل جوڭشياۋ زەمىرە خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن بۇيان، ئۆزىنى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان بىر خەۋپ-خەتەر كۈتۈپ تۇرغاندەك جىددىي ھەم بىئارام سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. يەر شارىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىشنى ئىنسانلار ئۆزلىرى بىرتەرەپ قىلالايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبكارلىرى باشقا پىلانىتلارغا قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئىنسانلار بولسا تاشقى پىلانىت ئادەملىرىنىڭ قانداق ۋە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ناھايىتى قىيىنغا توختايتتى.

نۇرۇل جوڭشياۋنى زەمىرە خېنىمنىڭ كىچىلىك كۆلۈبتا ناخشىنى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈدەك ھېسسىيات بىلەن ئېيتىشى، ئۇسسۇلنى نازۇك تۇيغۇلارنى قوزغايدىغان ماھارەت بىلەن ئوينىشى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇ كېچىنىڭ چولپىنىغا ئايلاندى. يىگىتلەر ئۇنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلىدىن كۆرە، ئاجايىپ گۈزەللىكىگە شەيدا بولۇشۇپ يېنىدىن ئەگىپ كېتەلمەي قېلىشتى. ئەگەر شۇ چاغدا نۇرۇل جوڭشياۋ ئۇلارغا: ھەي بۇرادەرلەر، سىلەر سەجدە قىلغۇدەك يەرگە يەتكەن بۇ گۈزەل قىز، ئىنسانلارغا قورقۇنچ سالىدىغان تاشقى پىلانىت ئادىمى، بۇنى مەن بەش قولۇمنى بىلگەندەك ياخشى بىلىمەن، دېگەن بولسا، ئۇلار ئىشەنمىگەن، نۇرۇل جوڭشياۋنى مازاق قىلىپ كۈلگەن بولاتتى. تاشقى پىلانىت ئادەملىرى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق ئادەم گۇمان قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە نىقابلىنىپ يۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئادىمى بىزنىڭ ئىچىمىزدە يۈرگەندۇر، — دەپ ھەسرەت بىلەن ئويلىدى جوڭشياۋ، — بىلمەيمىز، بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، كەم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ مەخپىي ھەربىي ئورگانلىرىمىزدا، مۇھىم تەشۋىقات ئاپاراتلىرىمىزدىمۇ باردۇر. نۇرۇل جوڭشياۋ زەمىرە خېنىمنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەلگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا، زەمىرە خېنىم بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپلا، ئۇنى كۆزدىن نېرى قىلماسلىق ئۈچۈن، ھازىرچە قىزنىڭ رايىغا بېقىپ يۈرۈش


www.uyghurkitap.com

قارارىغا كەلگەنىدى.

— پاراڭ قىلغاچ ماڭسىڭىزچۇ، — دېدى زەمىرە خېنىم جۇڭشياۋنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ.

— مەن قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيمەن. سىزدەك ساھىبجامال قىزغا گەپنى نېمىدىن باشلىشىمنى تېخىمۇ بىلمەي قېلىۋاتىمەن، — دېدى جۇڭشياۋ قىزغا قاراپ كۈلۈپ.

— بوپتۇ، گەپنى مەن باشلاي. سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى ئىدىم، جاۋاب بېرىشنى خالىمىسىڭىز ھەرگىز رەنجىمەيمەن.



— قېنى، ئاڭلاپ باقاي.

— سىز بىزنىڭ ئۇچار تەخسىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان «شەپەق — 301» نى ساقلاپ قېلىپ كاتتا ئىش قىلدىڭىز. ئېيتىڭا، جانابىي شياڭۋېي، سىزنىڭ شۇ قەھرىمانلىقىڭىز ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىڭىز سىزگە نېمىلەرنى قىلىپ بەردى؟

— سىز قانداق ئويلىغانىدىڭىز؟

— بىزنىڭ بىر ئادىتىمىز مۇقەددەس سەييارىمىزغا سىرتتىن كېلىدىغان بىرەر خەۋپنى ئالدىن سېزىپ ئاگاھلاندۇرغان، ياكى سىزدەك خەۋپنى توسۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا، بىر ئۆمۈر باياشاد ياشاش شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئاۋازلىق كۈلۈۋەتتى:

— مېنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىم سىزگە ياقماپتۇ-دە، شۇنداقمۇ؟

— مېنىڭ كۆڭلۈم ناھايىتى تۇيغۇن. شۇنچىلىك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىڭىزمۇ، بىخەتەرلىكىڭىز كاپالەتكە ئىگە قىلىنماپتۇ. خەۋپ-خەتەر ئىچىدە يۈرۈشتىن قۇتۇلالماپسىز.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى جۇڭشياۋ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — مۇكاپاتلاش — شۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. يۈزۈمگە سالدى دەپ ئويلاپ قالماڭ. سىلەر توغرا مۆلچەرلەپسىلەر، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز سىلەرنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن. بۇنى بىزمۇ قىياس قىلالايمىز. بىزمۇ سىلەردەك

ئەبەدىي تىنچلىقتا، كەم-كۈتىسىز باياشات تۇرمۇشتا ئىگە بولغىنىمىزدا، ئادەملىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەشنى بىلىمىز، بىز شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. ھازىرچە، بىز دېگەندەك چوڭ ئىنئاملارغا ئىگە بولالمىساقمۇ، خەلقىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلىسەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇكاپات.

— بايىقى خېنىم سىزنى جۇڭشياۋ دەپ ئاتىدى، ئىككى ئاي بۇرۇن سىز شاڭۋېي ئىدىڭىز، ئېھتىمال بۇ...

نۇرۇل جۇڭشياۋ باشقا گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدى. زەمىرە خېنىم بۇ گەپنى ئىنچىكىلەپ كېتىشنى خالىمىدىمۇ، جىم بولۇپ قالدى. جۇڭشياۋ مۇشۇ ئارىلىقتا پەيدا بولۇپ ئۆزىنى ۋەسۋەسىگە سالغان بىر سوئالنى سوراشتىن ئۆزىنى توختىتالمىدى.

— زەمىرە خېنىم، مەنمۇ سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي دېۋىدىم. ئالدىن ئېيتىپ قوياي، سوئالىم ئورۇنسىز بولسا جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

زەمىرە خېنىم شوخ بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— قېنى، مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي.

— سىلەرنىڭ، سىزگە ئوخشاش بىزنىڭ سەييارىمىزغا كېلىپ-كېتىپ يۈرۈۋاتقان ئادىمىڭلار خېلى كۆپمۇ دەيمەن.

بۇ قېتىم زەمىرە خېنىم ئاۋازلىق كۈلۈۋەتتى:

— ئەگەر مەن سىزدىن «شەپەق — 301» نىڭ لايىھىسىنى قەيەرگە يوتكەپ يوشۇرۇپ قويدۇڭلار دەپ سورىغان بولسام، سىز قانداق جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز؟

— قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىم سىزگە ئايان.

— پارىڭىمىز گۈزەل ئايدەك كېچىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇگۈنگە شۇنچە كۆڭۈللۈك ئوينىغانلىقىمىز، مۇشۇنچىلىك پاراڭلاشقانلىقىمىز كۇپايە قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— مەنمۇ سىزنى ئۇزىتىپ قويىمەن.

— رەھمەت، قاچان ماڭا ئىشەنچ قىلالىسىڭىز شۇ چاغدا ئۇزىتىپ قويارسىز.

نۇرۇل جۇڭشياۋ زەمىرە خېنىم بۇرۇلۇشتىن ئەگىپ كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا بۇ قىزنىڭ ئۆزى يالغۇز، كىرا ماشىنىسىغىمۇ ئولتۇرماي مېڭىشى ئەجەبلىنەرلىك بىلىنمىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئاشقى پىلانت قىزىنىڭ خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىماي كېتەلىشىگە ئىشىنەتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋنىڭ ئاشقى پىلانت ئادەملىرىنىڭ يەنە پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشلىقىغا مەلۇم قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. مەلۇم قىلمايمۇ بولمايتتى. لېكىن، جۇڭشياۋ ئۆزىگە بېرىلىدىغان قاتتىق جازانى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇ ئىككىلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ، زەمىرە خېنىمنى قايتا ئۇچراتقاندىن بۇيان، قەلبىدە قۇرۇپ قېلىۋاتقان مۇھەببەت بولقۇنىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ،

www.uyghurkitap.com

بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆيگۈ تەشنالىقىنىڭ شاۋقۇنىنى سەزمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ گۈزەل تاشقى پىلانىت قىزىنىڭ ئۇنى دەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە ئىشەنچ تۇرغۇزالمايۋاتاتتى.

ئالدى تەرەپتىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلارمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، كوچا ئايلىنىپ يۈرگەنلەردىن بولسا كېرەك. مېڭىشى بەكمۇ ئاستا ئىدى. كېچىنىڭ پەيزىدىن ھۇزۇرلىنىپ كېلىۋاتقان جۇڭشياۋدا كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان تاماكا خۇمارى قوزغالدى. ئۇ تاماكىسىنى ياندۇرۇۋېتىپ، كەينىدىن — ئەللىك قەدەمچە نېرىدىن قوللىرىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ تۈگۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. جۇڭشياۋنىڭ تېنى يېنىك جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى، كوچىدا ئۇلاردىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى.

ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئىككى ئادەم ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى.

— كېچىڭىز خەيرلىك بولسۇن، ئەپەندى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، ئاھاڭىدىن مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەرگىمۇ خەيرلىك كەچ، ئەپەندىلەر، — دېدى جۇڭشياۋ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ.

— ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، تاماكىمىزنى ياندۇرۇۋالغان بولساق...

نۇرۇل جۇڭشاۋ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكىنى بىلىپ قالدى. ئادەتتە، ئالدى-ئارقىسىدىن كېلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالىدىغان — «قىسماق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۇسۇل كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، گۇرۇھ بولۇپ ھەرىكەتلىنىدىغان كەسپىي قاتىللار، مۈشۈك چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ قىيناپ ئوينىغانغا ئوخشاش، ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تىترىشى، جان قايغۇسىدا قاقشاپ نالە قىلىشىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىناتتى. تەجرىبىلىكلىرى ئىشنى دەرھال تۈگىتىپ غايىب بولۇشقا ئالدىرايتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ يانچۇقىغا قول سېلىپ گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىكى تاماكىسىنى تەڭلىدى. ئادەتتە، ھۇجۇم قىلغۇچى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، كۆرەڭلىك بىلەن مۇھىم پەيتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. جۇڭشياۋ ھەش-پەش دېگۈچە بوش قولى بىلەن ئۇنىڭ تاماكىغا سۇنغان قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئالقىنىغا تاماكا ئوتىنى بېسىپ ياقتى. ئاندىن كۆيۈك ئاغرىقىغا چىدىماي ۋارقىراپ كەتكەن بۇ قان خۇمارنىڭ چاتىرىقىغا كۈچەپ تەپتى. جانسىزلانغان گەۋدىنى يىقىلىشقا قويماي ياقىسىدىن سىقىپ تۇتۇپ ئۆرە قىلدى-دە، قورالىنى چىقىرىپ ئېتىشقا تەمشەلگەن يەنە بىرىگە قارىتىپ ئىتتەردى، ئوق ئېتىلدى. ئۇ ئۆز ئادىمىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن ئىككىنچى قاتىلنىڭ تەمتىرەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جۇڭشياۋ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قوراللىق قولىنىڭ بېغىشىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى تەمكىنلىك بىلەن ۋاقتىدا قىلىپ ئۈلگۈردى، چۈنكى ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىدىغان ئۈچىنچى قاتىلنىڭ ئوق چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا قولىدىن تۇتۇۋالغان قاتىلنى بىرلا كۈچەپ ئالدىغا ئېلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا

ئېتىلغان ئوق ئىككىنچى قاتىلغا تەگدى. جۇڭشياۋ قوچىقىدىكى قاتىلنىڭ يىقىلىشىغا قويماي، قورالنى ئېلىۋالماقچى بولدى. ئەمما، ھالسىزلانغان قاتىل جان ئاچچىقىدا قولىنى سىلكىگەندى، قورال قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئۈچ مېتىرچە يىراققا سىيرىلىپ كەتتى. جۇڭشياۋ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئىككىنچى قاتىلنىڭ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش ئۈچىنچى قاتىلغا قاراپ ئىتتەردى. ئارىلىق يىراقراق بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۆلۈك ئۈچىنچى قاتىلغا سوقۇلماي، گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلدى. جۇڭشياۋ بۇنى قورالغا قاراپ موللاق ئېتىپ ئېتىلغاندا كۆرۈپ قالدى. ئەگەر ئۆلۈك قاتىلغا سوقۇلۇپ ئۇنى ئىككى سېكۇنت ئارىسالدا قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ قورالنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن بولاتتى.

يانپىشىنىڭ چىدىغۇسىز كۆيۈپ ئاغرىشى نۇرۇل جۇڭشياۋنى قوزغىيالماس قىلىپ قويدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ مۈرىسى ئوتتا قىزدۇرۇلغان زىخنى تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئىككى غېرىچ نېرىدىكى تاپانچىنىڭ قول سوزالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. قاتىل قورالنى تەڭلەپ ئاستا يېقىنلىشىۋاتاتتى. نۇرۇل جۇڭشياۋنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئۇ تەرلەپ كەتتى. تامىقى قۇرۇپ لەۋلىرىنى يالىدى، ياردەم تىلىگەندەك ئىككى يېنىغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارىدى. دىلارانى ئويلىدى، ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدارلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇندى. كۆز ئالدىغا زەمىرە خېنىم كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگىنىگە ئۆكۈندى.

قاتىل ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. قاتىل جۇڭشياۋنىڭ چىرايىدىكى ئۆلۈم ھەسرىتىنى كۆرۈپ ھىجايغىنىچە قورالنى ئاستا كۆتۈرۈپ توغرىلىدى. جۇڭشياۋ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز «زەمىرە» دەپ پىچىرلايتتى. ئوق ئېتىلدى. ئۇ قاتتىق بىر سەسكىنىپ، ئاندىن قىمىر قىلماي يېتىپ قالدى.

— نۇرۇللا... نۇرۇل ئەپەندى، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!...

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئاجايىپ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى ئاچماقچى بولدى، لېكىن قاپاقلىرى چاپلىشىپ قالغاندەك زادىلا ئاچالمىدى. ئۇ دۇنيانىڭ قىزلىرى ئادەمنى شاپىلاقلاپ ئويغىتامدىكىنە، دەپ سەل رەنجىپمۇ قالدى.

— نۇرۇل ئەپەندى، كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ، نېمە بولدى سىزگە، بۇ، مەن — زەمىرە...

كېيىنكى شاپىلاقلاش ئالدىنقىلىرىدىنمۇ قاتتىقراق ئىدى. ئۇ مەڭزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشىدىن چىرايىنى پۈرۈپ، كۆزىنى مىڭ تەستە غۇۋا ئاچتى. ئىچىدە زەمىرەگە ئاچچىقلىناتتى: ئۇرغىنى نېمىسى، ئويقۇسى ئېچىلغۇچە ساقلاپ تۇرسا بولمامدىكىنە.

— ئاھ، خۇداغا مىڭ شۈكرى... مەن ھەرھالدا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىۋاتقان، باش-كۆزىنى سىلاپ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇرغان زەمرە خېنىمنى ئاران تونۇدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەنىدى، لېكىن قىمىرلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى.

— بىردەم چىداڭ... دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمەن، مانا ھازىرلا...

جۇگشياۋ قىزنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولۇپ، قولنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋېدى، مادارى يەتمىدى، زەمرە خېنىم ئۇنىڭ گەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ ئېگىشتى.

— ئۇ يەردىمۇ ساق قويمايدۇ... خالىي يەرگە... ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىگە...

ئۇ ئارتۇق گەپ قىلالماي ئۆزىنى لەسسىدە تاشلىۋەتتى.

نۇرۇل جۇگشياۋ ھوشىغا كېلىپ ئەتراپىغا سەپسالدى. ئۇ كارىۋاتتا ياتاتتى، بېشىدا ماموق ياستۇق، ئۈستىگە ئاپئاق كىرلىك تارتىلغان نېپىز يوتقان يېپىقلىق ئىدى. باش ئۈستىدىلا قورام تاشنىڭ پارچىلاشتىن ھاسىل بولغان قىرلىق يۈزى كۆچلۈك چىراغ يورۇقىدا خىروستالدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئەمەس غارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يەردە ياتقانلىقىدىن قاتتىق ھەيران بولدى. ئۇ يەرگە قارىدى، يەرگە قىزىل گۈللۈك گىلەم سېلىنغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ تاڭ قالدۇردى. ئەتراپتا ئۇ ياتقان كارىۋات ۋە سېلىنغان گىلەمدىن باشقا جاھاز كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىكىن!؟ نۇرۇل جۇگشياۋ بارلىق سەزگۈلىرىنى يىغىپ ئەسلەشكە ئۇرۇندى. توغرا، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقانىدى. ئۇ، ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ ئىككىسنى يەر چىشلەتتى. كېيىن يانپىشى، مۈرىسىگە ئوق تېگىپ قىمىرلىيالمىدى. قاتىل ھجىيىپ كېلىپ قورالىنى تەڭلىگەن، ئوق ئاۋازىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغان، بۇ ئۇنىڭ ئۇخلىدا كۆرگەنلىرى. كېيىن زەمرە خېنىم كەلگەنىدەك قىلدى، ياكى بۇ ئۇنىڭ چۈشىمۇ.

ئۇنىڭ باش تەرىپىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ساڭا ئىنسان بالىسىنى بىزنىڭ مەخپىي تۇرالغۇمىزغا باشلاپ كېلىشكە كىم رۇخسەت بەردى. بۇ ئىشنى ئالىي قۇماندا نىمىز ئاڭلاپ قالسا، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ!؟

نۇرۇل جۇگشياۋغا بۇ بوم، بوغۇق ئاۋاز تونۇشتەك قىلدى، لېكىن قەيەردە ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى.

— ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن.

بۇ زەمرە خېنىمنىڭ ئاۋازى ئىدى، قارشى تەرەپ ئاچچىقىدىن ياناي دېمەيتتى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، بىزنىڭ ئارىلىشىشقا ھەققىمىز يوق. سەن قايتىپ كېتىشكە تەييارلان.

— دادا، مېنى چۈشىنىڭ، مەن ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. ئۇ خەتەر ئىچىدە، ياردەم قىلىڭ، دورىلارنى بەرسەم ساق ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

— زەمرە، ئوبدان قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا. سېنىڭ ئىنسان بالىسى بىلەن بىللە

ئۆتۈشۈك مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا قانۇنىمىزمۇ يول قويمايدۇ. سەن بۇ خام خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمەن دەۋاتقىنىم يوق، بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلمەن. لېكىن ئۇنىڭ هايات بولۇشى مەن ئۈچۈن مۇھىم.

قارشى تەرەپ قۇشلارنىڭ ۋىچىرلىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تىل بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن سۆزلىشىش ئاخىرلىشىپ، زەمىرە خېنىم كارىۋات يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ جۇڭشياۋنىڭ كۆزى ئوچۇق ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— هوشىڭىزغا كەپسىز، بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدىم، خەتەر ئۆتۈپ كەتتى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ قىزغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ دېدى:

— سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن، زەمىرە خېنىم. سىز بولمىغان بولسىڭىز بۇ چاغقىچە ئۆزۈمنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا كۆرگەن بولاتتىم.

— ئەسلىدە سىزنى ئۈزتىپ قويغان بولسام بولاتتىكەن. كېتىۋېتىپ كۆڭلۈم ئۇيغاندەك بولدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆلگۈرۈپ بارالدىم. ماڭا ئىشەنمىدىڭىز، نۇرۇل ئەپەندى، راست گەپ قىلمىدىڭىز. ماڭا سىزنىڭ بۇ شەھەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىشىنىڭ هاجىتى يوق، سەيلى-ساياھەتكە كەلمىگەنلىكىڭىز ئېنىق. بۇنى ئۈچ ئادەمنىڭ سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

— كەچۈرۈڭ، زەمىرە خېنىم، — خىجالەت بولغان جۇڭشياۋ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، قىرلىق تاشلاردىن پۈتۈلگەن تورۇسقا قارىۋالدى، — گېپىمنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. دۈشمەنلىك هالەتتىن بىردىنلا دوستانە هالەتكە ئۆتۈش، ھەم ئۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك.

زەمىرە خېنىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سائەت قانچە بولغاندۇ؟

— تېخى ئەتىگەن، تاڭ سۈزۈلمىدى.

— مەن قەيەردە تۇرۇۋاتىمەن. بىلىشىمگە بولارمۇ؟

زەمىرە خېنىم جاۋاب بېرىشكە قىينالغاندەك ئويلىنىپ قالدى.

— سىز هازىر مېنىڭ سۆزلەشكىنىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى قىز جۇڭشياۋنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

نۇرۇل جۇڭشياۋ يوشۇرمىدى.

— ئاڭلىدىم. ھەتتا سىزگە ئاچچىقلانغان ئادەمنىڭ ئاۋازى ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى، بىراق ئېسىمگە ئالالمىدىم.

زەمىرە خېنىمنىڭ چىرايىدا شوخ كۈلكە ئوينىدى:

— ئۇ، سىز «گۈلچى بوۋاي» دەپ ئاتىغان ھېلىقى ئادەم، يەنى مېنىڭ دادام بولىدۇ. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەممۇ شۇ.

جۇڭشياۋ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— سىز ياتقان بۇ يەر، بىزنىڭ يەر شارىدىكى تۇرالغۇمىز بولىدۇ. بۇ يەرلىك سىلەرنىڭ بىلمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى. دادام شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ئاچچىقلانىدى. لېكىن، ئۇ، سىزنىڭ ئىككى سائەت ئىچىدە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشىڭىزگە پايدىلىق دورىلارنى ئېيتىپ بەردى.

— كۆپ رەھمەت، زەمىرە خېنىم، — نۇرۇل جۇڭشياۋ يۈرىكىدىن چىققان بۇ سۆز بىلەنلا بولدى قىلماي، قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىلىدى. زەمىرە خېنىم قولىنى تارتىۋالمىدى.

6

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئىشتىن چۈشۈشكە ئونبەش مىنۇت قالغاندا ساقچى مەھكىمىسىگە كىرىپ كەلدى. ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرغان كومار ئەپەندى ئۈن-تىنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈشكە قول ئۇزارتتى، تۇرقىدىن جىددىيلەشكەنلىكى، ھارغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ.

جۇڭشياۋ يۇمشاق دىۋاننىڭ، تونۇگۈن ئەتىگەندە كاتىپ قىز بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا ئولتۇرغان يېرىگە كېلىپ جايلاشتى.

— چارچىغاندەك قىلىسىز، — دېدى ئۇ گەۋدىسىنى يۆلەنچۈككە تاشلاپ.

كومار ئەپەندى ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى:

— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئاخشام سائەت ئون بىر يېرىمدا ئەتراپىدا «بوستان» كوچىسىدا ئۈچ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. نەق مەيداندىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوقىدىن ئۆلگەن، ئۈچىنچىسى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىلغان. ئوق تەگكەن تۆتىنچى شەخس — سۈيىقەستكە ئۇچرىغۇچى بولسا كېرەك — بىرمېتىرچە سۆرىلىپ ماڭغان. يارىلانغىنىغا، قان كۆپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇمۇ غايىب بولغان.

— ئۆلگەن ئۈچ ئادەمنى تونۇيالىدىڭلارمۇ؟

— ئۆزلىرىگە قاتتىق ئىشەنگەن چېغى، نىقابمۇ تارتمىغانىكەن. ھەرئۈچىلىسى چەتئەللىك، يېنىدىكى قورالدىن باشقا، ئېنىقلىغۇدەك نەرسە تېپىلمىدى.

— سۈيىقەستكە ئۇچرىغۇچى سۆرىلىپ ماڭغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا ئىزى بولۇشى كېرەكقۇ؟

— شۇنداق، قان ئىزى بولۇشى كېرەك ئىدى، — كومار ئەپەندى سوغۇق كۈلۈپ قويدى، — پۇراش سېزىمى ئەڭ ياخشى ئىتلىرىمىزمۇ بەش مېتىردىن نېرىغا ئۆتەلمىدى. قان ياكى قان ئىزى ئەمەس، ئاياغ ئىزىمۇ قالمىغان.

نۇرۇل جوڭشياۋ زەمىرە خېنىمنىڭ ياردىمىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بولمىغان بولسا، بۈگۈن ئۇ كۈننىڭ سىرىنىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى — ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسان بالىسى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ۋە يەتتە قەۋەت يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ھالەتتىمۇ، كومار ئەپەندى ئۇنى تېپىۋالالايتتى. ئۇنداق ئىككى يېرىدىن يارىلانغان قان كۆپ چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. زەمىرە خېنىم ئۇنى ئىككى سائەت ئىچىدە ئورنىدىن دەست تۇرغۇزدى، بەدىنىدە جاراھەت ئىزىمۇ قالمىدى، ئۆزىنى كەم ماغدۇر ئەمەس، كۈچ-قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك تېتىك، روھلۇق ھېس قىلدى.

—بۇ ۋەقەنى نىگار خانىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ قاراشقا بولارمۇ؟ — سورىدى جوڭشياۋ.

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى كومار ئەپەندى ئويلانغان ھالدا، — بىرنېمە دېيىشكە تېخى بالدۇر. مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىساق، بۇ ئىشتىن پەقەت ئىككىمىزنىڭلا خەۋىرى بار، لېكىن ئىككىلىمىزلا ساق-سالامەت تۇرۇپتىمىز.

نۇرۇل جوڭشياۋ كومار ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، سەن يارىلانغان ياكى ئۆلگەن بولاتتىڭ دېمەكچى ئىكەنلىكىنى، مۇنداق دېسە بەكمۇ قوپال كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى قوشۇپ ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى.

— ئېغىر كۆرمىسىڭىز، بىر يۇتۇم قەھۋە بۇيرۇتقان بولسىڭىز بەكمۇ ياخشى بولاتتى — دېدى جوڭشياۋ گەۋدىسىنى دىۋان يۆلەنچۈكىدىن ئاجرىتىپ، — ئۇسسۇغاندەك قىلىمەن، كۈنىمۇ بەك ئىسسىق.

— تەكەللۇپ قىلماڭ، مانا ھازىرلا.

كومار ئەپەندى بىرىپ تۇرۇپكىنى ئالدى، ئۇ جوڭشياۋغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى، جوڭشياۋنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ شىمىنىڭ پۈچقىقىنى قاققان بولۇپ ئېگىشتى، دىۋاننىڭ ئاستىغا قول تىقىپ بارماقنىڭ يېرىمىدەك كېلىدىغان نېپىز، قارا بىر نەرسىنى ئېلىپ مەيدە يانچۇقىغا سالدى. ئۇ بۇ ئىشنى ناھايىتى چاققان، ئۈچ سېكۇنتنىڭ ئىچىدە ئورۇنداپ بولدى.

— كاتىپ قىز كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى كومار ئەپەندى تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ، — يېڭىدىن دەملىتىپ بىرەي دېۋىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈم...

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، بارىنى قويۇۋېرىڭ، بىرلا يۇتۇم...

جوڭشياۋ قەھۋەنى ئىچىپ، ھوزۇرلانغاندەك تامشىپ قويدى:

— نىگار خانىم توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم، لېكىن يىپ ئۇچى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. مەن سىزگە ئەسكەرتكەنىدىم، بۇ ھازىرغىچە قولغا چۈشمەي كېلىۋاتقان، كۈچلۈك قوراللانغان گورۇھ. گىئولوگ مۇرات ئەپەندى پارتلاتقان ئورۇن ئۇلارنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

تارمىقى. نىگار خانىمنىڭ شۇلارنىڭ قولىدا بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلار شەپە بەرمىگىچىلىك بىزنىڭ يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇشىمىز بەكمۇ تەس.

— كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك دېمەكچىمۇسىز؟

كومار ئەپەندى قوللىرىنى يېيىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. ئەمما كۆزلىرىدىن، كەلگەندىن بۇيان سەن نېمە قىلالىدىڭ، دېگەن مەسخىرىنى ئوچۇق چۈشەنگىلى بولاتتى.

— بەلكىم سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرىدۇر، — دېدى جۇڭشياۋ، — نىگار خانىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدا تۇيۇقسىز يۈز بەردى. بۇرۇنراق ئويلاشقان بولساق مۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالمىغان بولاردۇق. قېنى، كۈتۈپ باقايلى، لېكىن بىزمۇ بوشىشىپ قالمايلى.

نۇرۇل جۇڭشياۋ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

كومار ئەپەندى كۆزى بىلەن ئەمەس ئېغىزى ئارقىلىق سىز نېمىلەرنى قىلىۋاتىسىز، جۇڭشياۋ ئەپەندى، دەپ سوراپ قالغان بولسا، جۇڭشياۋ ساقچى باشلىقىدىن يامانراق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى. نىگار خانىمنى نەۋرىسى بىلەن بۇرنىنىڭ ئاستىدىن ئالداپ ئېلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق دېرەك يوق؛ ئۈچ قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى، ئەلۋەتتە، رازۋېدچىك ئۈچۈن ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ پەم-پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە، جىددىي بىر ئىش. ئۇ بۇ ئۈچ قېتىملىق سۇيىقەستتىن دۈشمەنلىرىنى ئىنىدىن چىقارغىنىغا خۇشال بولغانىدى، بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى كېيىنرەك بىلىپ قالدى؛ كۈتۈلمىگەندە تاشقى پىلانىت قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنىدى، قىز ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۆزىنى ئىشەندۈردى. مانا مۇشۇ ۋەقەلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى. ئۇنى K شەھىرىگە كەلگەندىن بۇيان بىر سوئال قىيناپ ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭ K شەھىرىگە كېلىشىنى ساقچى باشلىقى كومار ئەپەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. كەلگەندىن بۇيانقى ئۇچرىشىش ۋە بولغان ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرۇل جۇڭشياۋ كومار ئەپەندىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. گۇمانى يېشىلمىگۈچە ئارام تاپمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان جۇڭشياۋ، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە كاتىپ قىز قەھۋە قۇيۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېۋاننىڭ ئاستىغا مىكرو تىڭشىغۇچ ئۈن ئالغۇ چاپلاپ قويىدى. بۇ ئۈنئالغۇ ئاۋازنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھەرىكەتلىنەتتى، ئاۋاز بولمىسا ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالاتتى. ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئىشخانىسىغا يوشۇرۇنچە ئۈنئالغۇ قويۇپ قويۇش قارامىلىق ئىدى، ئەمما جۇڭشياۋ باشقا ئامال تاپالمىدى. ئۈنئالغۇنى ئۇزۇن ۋاقىت قويۇپ قويۇشمۇ خەتەرلىك ئىدى.

جۇڭشياۋ مېھمانخانىغا كېلىپ، ياتىقىنى تەكشۈرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن،

ئۇنئالغۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك تەڭشەپ ئولتۇردى.

ئۇنئالغۇ لېنتىسى قىرىق مىنۇتتا توگەيتتى، لېكىن جۇڭشياۋ ئۇنى قايتا-قايتا ئاڭلاشقا ئىككى يېرىم سائەت ۋاقتىنى سەرپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىككى قېتىملىق تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىشنى تۆۋەندىكىدەك ئەينەن خاتىرىلىۋالدى:

« ساقچى ئەمەلدارىغا ئۇرۇلغان تېلېفون:

... سېغىزغاننى ئۇركىتىپ قويدۇڭلار دەمسىز... مەن بۇنى ئەسكەرتكەنىدىم... بىز كېلىشكەن... مەجبۇر قىلالمايسىز... مەن تېخى ۋىجدانىمنىڭ يېرىمىنى يوقىتىۋەتكىنىم يوق...

كاتىپ قىزغا ئۇرۇلغان تېلېفون:

... ھە... ‹ ۋېنىرا › ... ئەقلىڭىزدىن ئادىشىپ قالدىڭىزمۇ... بۇ يەرگە تېلېفون بېرىشكە ھەددىڭىز يوق... كەچتە !؟ قاراپ باقاي...»

نۇرۇل جۇڭشياۋ مۇنداق مەخپىي سۆزلىشىش، شەرتلىك بەلگىلەر، ھەتتا سان-سىفىرلار بىلەن قىلىنغان سۆزلىشىشلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىشتە ئانچە قىينىلىپ كەتمەيتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئۇنى « سېغىزخان » دەپ ئاتىغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار « سېغىزخان » نىڭ ئەھۋالىنى ساقچى باشلىقىدىن سوراپ ئۇرغان، ساقچى باشلىقى « سېغىزخان » نى ئۇركىتىپ قويغانلىقتىن ئۇلاردىن خاپا. قارشى تەرەپ بىلەن ساقچى باشلىقى ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم بار، قارشى تەرەپ ئۇنى كېلىشىمدە بولمىغان نەرسىنى بېجىرىشكە مەجبۇرلىغان، ساقچى باشلىقى ۋىجدانىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۇرۇنداشتىن باش تارتقان.

كۆپ ئويلانغان نۇرۇل جۇڭشياۋ ساقچى باشلىقى كومار ئەپەندىدىن گۇمانلانغانلىقىنىڭ توغرا چىققانلىقىنى جەزم قىلدى. كاتىپ قىز توغرىسىدا ئۇ تېخى ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنى « ۋېنىرا » دەپ ئاتىشى، بەلكىم، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىتىلغاندۇر ۋە ياكى ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتىشىدىغاندۇر. ئەمما، قىزنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق، تېلېفون بەرگۈچى ئۇنى رەنجىتىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. كەچتە !؟ نۇرۇل جۇڭشياۋ ئۇنى كېچىلىك كۇلۇبتا ئۇچرىتىپ قالغاندا، كاتىپ قىز جۇڭشياۋنىڭ يېنىدا ئۆزىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلغاندەك قىيداپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى بىرى كۇلۇبقا تەكلىپ قىلغان، قىز ئاچچىقلىنىپ قاراپ باقاي، دېگەن بولسىمۇ بارغان. جۇڭشياۋ كاتىپ قىز كېتىپ تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن قەستكە ئۇچرىدى. بۇنى كاتىپ قىزنىڭ كېچىلىك كۇلۇبقا بارغانلىقى بىلەن باغلاشقا بولامدۇ؟!

نۇرۇل جۇڭشياۋ بۇ گۇماننى ئۆزىدىن نېرى قىلدى.

ئۇ ئەمدى باشلىققا دوكلات قىلىشى كېرەك ئىدى. سائەت ئىكرانىدا ئۇنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلگەن سوغۇق چىرايى كۆرۈندى:

— سۆزلەڭ، — دېدى قىستىلا قىلىپ.

نۇرۇل جوڭشياۋ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىدى. لېكىن خىزمەت مەجبۇرىيىتى ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تاشقى پىلانىت قىزى زەمرە خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ ئېيتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچ ئادەمنىڭ قەستلىمەكچى بولغانلىقى زەمرە خېنىم ئارىلاشمىغان، ئۇنىڭ بىرەر يېرىمۇ زەخمىلەنمەي قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەن ۋەقە بولۇپ سۈرەتلەندى.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى باشلىق ئادەتتىكىدەك ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئالدىن ئېيتماي.

نۇرۇل جوڭشياۋ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ساقچى باشلىقىنىڭ ئادەملىرىگە تايىنىشقا بولمايدۇ. بىر گۇرۇپپا ئالاھىدە ئەترەت ئەۋەتىلىشى كېرەك. ئۇلار شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، خالىي بىر جايدا (جوڭشياۋ جاي ئىسمىنى ئېيتتى) كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن ئىككى ئادەم كومار ئەپەندى ئىشتىن چۈشۈشتىن ئون بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. مەن بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، ئىشخانىغا ئۇلاردىن بەش مىنۇت بۇرۇن يېتىپ بېرىپ ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇرىمەن. ئىش ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن تەڭ، بىز كومار ئەپەندىنى ئېلىپ ماڭىمىز، بۇ ھېچكىمدە گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇ نىگار خانىمنى گۆرۈگە ئېلىۋالغۇچىلار، ھەم ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بەرسە، بۇ قارا گۇرۇھنى قانداق يوقىتىش كېرەكلىكى ئۈستىدە يەنە مەسلىھەتلىشىمىز. مېنىڭچە، كومار ئەپەندىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان»، ئۇ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ. ئىش ئوڭۇشلۇق بولسا، كېيىنكى ھەرىكەتتە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن پايدىلىنىمىز.

— قوشۇلىمەن. ھەرئېھتىمالغا قارشى مەن يەنە بىر گۇرۇپپا تولۇق قوراللانغان ئەترەتنى تەييار قىلىپ قويىمەن. سىز ئىككى ئىشقا دىققەت قىلىڭ. بىرىنچىسى، نىگار خانىم بىلەن نەۋرىسى قولىمىزغا ساق-سالامەت قايتىپ كېلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، سىزنى خالىغان ۋاقىتتا تېپىپ سۆزلىشەلەيدىغان ھېلىقى كاتىپ قىزنىمۇ ئىشخانىدا تۇتۇپ تۇرۇڭ. ئۇمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن، بولمىسا خەۋەر تارقىلىپ كېتىپ، ئىشىمىزغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئېھتىيات قىلىڭ، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

نۇرۇل جوڭشياۋنى زور ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئالدىدا بولىدىغان خۇشاللىق ئارىلاش جىددىيلىك ئىگىلىۋالدى. ئۇنى يەنە خەلقئارا رازۋېدكا بىرلەشمىسىنى جەلپ قىلغان دېلونى ئېنىقلاپ، قازىنىدىغان شۆھرەتمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى ئاي بۇرۇن تاشقى پىلانىت ئادەملىرى بىلەن تۇتىشىپ «شەپەق — 301» نى ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۇنى تونۇپ كەتتى. مانا ئەمدى، جاھىل زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنى تارمار قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ

ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشسا ئۇنى پۈتۈن دۇنيا تونۇپ كېتىدۇ. بەلكىم ئۇ خەلقئارا رازۋېدكا بىرلەشمىسىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپمۇ قالار.

ئىشىك چېكىلدى. خۇشاللىقتىن باللاردەك قوللىرىنى ئىشقىلاپ، ئۆي ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن جوڭشياۋ قاتتىق چۆچۈپ، جايىدا شىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ بۈگۈنكى ھەرىكەت ئاخىرلاشقىچە بىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى زادىلا خالىمايتتى. بۇ شەھەردە ئۇنى ياتقىغا ئىزدەپ كېلىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى.

ئۇ پۈت ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ ئىشىك كۆزىدىن قارىدى. زەمىرە خېنىم! ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئايال زاتى بىلەن ئۇچرىشىشنى، بولۇپمۇ تاشقى پىلانىت ئادىمى بولغان بۇ خېنىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئەسلا خالىمايتتى.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقنى كۆرگەن زەمىرە خېنىم:

— مېھماننى شۇنداقمۇ سوغۇق قارشى ئالامسىز؟ — دېدى ئىشىكتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىۋېتىپ.

جوڭشياۋ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، سوغۇق ئىچىملىك قويۇپ بەردى. لېكىن، ئۆزىنى ئەركىن-ئازادە تۇتۇشقا قانچە ئورۇنمىسۇن، گەپ-سۆزى يىرىك، ھەرىكىتى تەبىئىي ئەمەس ئىدى.

— سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟

— رەھمەت، ئۆزۈمنى ئەسلىدىكىدىنمۇ ياخشى سېزىۋاتىمەن. قىلغان ياردىمىڭىزگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ.

— نېمە بولدىڭىز نورۇل ئەپەندى. مەن بۇ يەرگە قايتا-قايتا ئېيتىلغان تەشەككۈرلارنى ئاڭلىغىلى كىرگىنىم يوق، — زەمىرە خېنىمنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — يوقلاپ تۇرۇش ئەڭ ئەقەللىي بىر ئىشقۇ. سىزنىڭ بۇ شەھەردە مەندىن باشقا يېقىن ئادىمىڭىز يوق كەچۈرۈڭ، كەيپىياتىڭىز ناچار ۋاقتىدا كىرىپ قاپتىمەن. ئېھتىمال، بۇ مېنىڭ سىز بىلەن ئاخىرقى كۆرۈشۈشۈم بولۇپ قالار. سىزنى ئىشەندۈرەلمىدىم، ئىشەندۈرەلمىگىنىم بويىچە قايتىدىغان ئوخشايمەن.

نورۇل جوڭشياۋ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ زەمىرە خېنىمنىڭ بۈگۈنكىدەك جىددىي پەيتتە — ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، تويۇقسىز كېتىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ راستتىنلا كېتىپ قالارمۇ؟ جوڭشياۋ ئۇنىڭ لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى سايە تاشلىغان شەھلا كۆزلىرىدىن خاپىلىق ئۇچقۇنداپ تۇرغان مەرمەردەك سۈزۈك چىرايىغا قارىدى. قىز ھەقىقەتەنمۇ خاپا بولغانىدى. ئۇ جوڭشياۋغا قارىماي، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىغا ئەپسۇسلانغان بىر تەرىزدە، تامدىكى قاپارتما نەقىشلەرگە قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ، ئۇ نەرسىلەرنى كۆرمەيتتى، نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ناھايىتىمۇ يىراقتىن ئۇنى دەپ كەلگەن بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرىدىغان

چىن سۆزىنى ئېيتمىسا، قىزنىڭ ئىشىنىش ئەمەس، قىلغان ئەقىدىسىگە ئۆكۈنۈپ رەنجىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دېگەن خىيال جۇڭشياۋنىڭ بەدىنىنى جۇغۇلدايتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ ئۆزىگىمۇ غەلىتە بىلىنگەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا. قىزنىڭ تۇرقى ئۆزگەرمىدى، — ناھايىتى جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋاقتىمدا كىرىپ قالدىڭىز. سىز بىلەن بۈگۈن كەچتە كۆكسى-قارنىمدىكىنى تۆكۈپ مۇڭداشماقچىدىم. ماڭا ئىشىنىڭ زەمىرە خېنىم، چىن گېپىمنى دەۋاتىمەن. ئەگەر سىز ھازىرلا كەتمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئۇچرىشىش مەن ئۈچۈنمۇ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىز كۆڭنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ يۈرەلەيسىز، مەن سەللا ئېھتىيات قىلمىسام، قاراڭغۇلۇق ماڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ.

زەمىرە خېنىم يالت قىلىپ قاراپ جۇڭشياۋنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىنى، ئايرىلىشقا قىيمىغان پەرىشان چىرايىنى كۆردى.

— نېمە! بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! — دېدى ئۇ چۆچىگەن بىر قىياپەتتە.

نۇرۇل جۇڭشياۋ ئاچچىق كۈلدى:

— سىز مېنىڭ بۇ شەھەرگە ساياھەتكە كەلمىگەنلىكىمنى ئېيتقانىدىڭىز.

زەمىرە خېنىم ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە قاراپ كېتىپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى.

— راست، مەن شۇنداق دېگەنىدىم، سىزنى ئويلاپ ئۆزۈمنىڭ ماكانىدىمۇ خاتىرجەم يۈرەلمىگەنىدىم، — ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى-دە، ئاسمانغا قاراپ قوللىرىنى يېيىپ نالە قىلدى، — ياراتقۇچى ئىگەم، مېنى نېمە ئۈچۈن ئىمكانى يوق بىر كويغا سېلىپ قويغانسەن. مېنى ئىككى سەييارىنىڭ ئارىلىقىدا ئەنسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاتراپ يۈرۈپ، ياشلىقىمنى خورىتىشنى راۋا كۆردۈڭمۇ؟! ئىلاجسىزمەن، قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ساڭا سېغىنىمەن، ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنىڭ ئاھۇ-زارىغا قۇلاق، سال، ئۆزۈڭ سىلىغان كوينىڭ داۋاسىنى ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ بەر، — ئۇ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يۈزىنى ئاسمانغا قاراتقىنىچە بىردەم جىم تۇردى، كېيىن ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قايغۇلۇق چىرايى بىلەن جۇڭشياۋغا يۈزلەندى، — ماڭا راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭ، جۇڭشياۋ، — دېدى تەلەپچان بىر ئاھاڭدا، — راست گېپىڭىزنى دەڭ. سىز نېمە قىلماقچى، سىزنى ھايات كۆرەلەمدىمەن-يوق!؟

قىزنىڭ نالىسى جۇڭشياۋنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىگە شۇنچە مېھرى-مۇھەببەت بىلەن كۆيۈنگەن قىزنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋالدى.

— مەن، قىلماقچى بولغان ئىشىمنى سىزدىن ۋاقتىنچە سىر تۇتۇشنى توغرا كۆرگەنىدىم. مەن توغرۇلۇق باشقىچە ئويدا بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، ئەمدى ئېيتمىساممۇ بولمىغۇدەك. قۇلاق سېلىڭ، بۇ مۇنداق ئىش، — جۇڭشياۋ K شەھىرىگە

كېلىشتىكى مەقسىتىنى قىسقىغىنا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا، — بىز چوقۇم غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك، غەلىبە قىلىش ئارقىلىقلا، ئادەمنى زەھەرلەپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتقۇزىدىغان زەھەرلىك پىلان ئۈۋىسىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتەلەيمىز، — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— مەن بۈگۈن كەچتە قايتمىسام بولمايدۇ، نۇرۇل ئەپەندى. بىزنىڭمۇ قائىدە-تۈزۈملىرىمىز بار، كېچىكسەم ماڭا بېرىلىدىغان جازانى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. گېپىڭىزدىن قارىغاندا پىلان ناھايىتى پۇختا ئىكەن، كۆپ ۋاقىت كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. سىزدىن تەلىپىم، مېنى مۇنداق رەزىل مەخلۇقلارنى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىدىغان بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتۇرۇڭ. مەن سىزدىن ئايرىلىپ تاقەت قىلىپ ئولتۇرالمايمەن.

— غەيرىتىڭىزگە رەھمەت، — دېدى جۇڭشياۋ، — لېكىن تەلىپىڭىزنى ئورۇندىيالمايمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قوماندانىمىزنىڭ رۇخسىتى بولۇشى كېرەك. مەن سىزنىڭ، يەنى تاشقى پىلانەت ئادىمىنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىكەنلىكىنى بۇرچۇمغا زىت ھالدا تېگىشلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بېرىلىدىغان ھەرقانداق جازاغا تەييارلىنىپ قويدۇم. ئەگەر ئۇلار سىزنى بىلىپ قالسا، چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان پاتپاراقچىلىقلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالىسىز، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز بۈگۈنكى ھەرىكەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايمىز.

قائىدە-تۈزۈم بېكىتكۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان زەمىرە خېنىم، ئالدىدىكى ئۆزىگە ئوخشاشلا خىلاپلىق قىلغۇچىغا ئوتلۇق بېقىش بىلەن قاراپ:

—بۇ تۈزۈملەردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز، — دېدى كۆلۈمسىرەپ.

— بىر ئىلتىماسىم بار، مەن قايتىپ كەلگۈچە ياتاقتا تۇرۇپ تۇرغان بولسىڭىز.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مۇھىم ماتېرىياللار بار، يېنىمدا ئېلىپ يۈرەلمەيمەن. ناۋادا قايتىپ كېلەلمىگۈدەك بولسام بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە تاپشۇرۇپ بېرىسىز.

— ياتىقىڭىزدا سىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرەلەيمەن. لېكىن، قۇتلۇق ئىشقا ئاتلانغان ئادەم ئاغزىنى ئۇششۇتمەسلىكى كېرەك. مەن قۇدرەتى ئۇلۇغ ئاللادىن، سىزنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كېلىشىڭىزنى تىلەيمەن.

نۇرۇل جۇڭشياۋ كومار ئەپەندىگە كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىش بارلىقىنى تېلېفوندا ئېيتىپ قويۇپ، تاكى ۋاقىت توشۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتكۈچە زەمىرە خېنىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن گۇمانسىرىماي، كۆڭلىدىكى پاك تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرىنى بايان قىلىشقان سۆھبەت بولۇپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

نۇرىيە ئابدۇكېرىم




(ھېكايە)

بۇ كېچە شۇنداق جىمجىت، شۇنداق سېھىرلىك ئىدىكى، ئۆتكەن ئىشلارنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالاتتى.

ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى قوش كىشىلىك كارىۋاتتا 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت غەمكىن كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە جىمجىت ياتاتتى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئەرپات ئىدى. ئۇ شۇنداق خىيال سۈرۈپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدا غەمسىز ئۇخلاۋاتقان قىزىغا قاراپ قويدى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەدىيالنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن ئاسمان شۇ قەدەر گۈزەل بولۇپ كىشىنى چوڭقۇر خىياللارغا يېتەكلەيتتى. ئەرپات خىيالغا پاتتى. بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئەرپات بىر خىزمەتدىشىنىڭ تويىدا باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق نادىيە ئىسىملىك بىر ئاكۇشېر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەرپاتنى نادىيەنىڭ غۇنچىدەك نازۇك قامىتى بىلەن گۈزەل ھۆسنى جامالىلا ئەمەس، بەلكى يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرىدىكى تەبىئىي تارتىنچاقلىقىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

ئۇلار تونۇشۇپ توپتوغرا بىر يىلدىن كېيىن، ئەرپات ئۇنىڭ گىلاستەك لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ تۇرۇپ بەرگەن «ماقۇل» جاۋابىنى ئالدى. شۇ كۈنىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراسلاپ تۇرغان سېھىرلىك كېچە ئىدى...

ئەرپات ئېغىر ئۇھ تارتىپ سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى 11نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. پەلەمپەيدە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەرپات قۇلاق سالدى. بىراق بۇ ئۇ كۈتۈۋاتقان ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشىمايتتى. دېگەندەك ھېلىقى تىۋىشلار ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى ۋە بىر ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ يېپىلغانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ يەنە خىيالغا چۆمدى.

نادىيە ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر كۈنى ئەرپات ئىككىسى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئارقىسىدىكى سۇ ئۈستى باغچىسىغا كىردى. ئۇلار كۆلنى بويلاپ يانمۇ يان مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتىن قولتۇقلىشىپ ئىككى قىز چىقىپ

كەلدى. ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشكەچ، زىلۋاغىنە كەلگەن چىرايلىق بىرى مۈرىسىگە تۇماندەك يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى يېنىك بىر ھەرىكەت بىلەن سىلكىگىنىچە شوخلۇق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— ياخشىمۇسىز ئەرپات!

— ۋۇي، ياخشىمۇسىز. بۇياقلارغا كېلىپ قاپسىزغۇ؟!

— ھەدەمنىڭكىگە كەلگەن. ھەدە تونۇشۇپ قويۇڭلار، — ئۇ قىز يېنىدىكى ياش ئايالغا بۇرۇلدى، — بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئەرپات.

— ياخشىمۇسىز، — ئايال ناھايىتى سىپايىگەرلىك بىلەن ئەھۋال سورىدى، — يۈرۈڭلار ئۆيگە باشلاي، ئۆيىمىز مۇشۇ يەردىلا.

— رەھمەت. كېيىنچە كېلەرمىز. مەنمۇ سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، — ئۇ يېنىدىكى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن نادىيەگە قارىدى، — بۇياقنىڭ ئىسمى نادىيە. بىز پات يېقىندا توي قىلماقچى.

— سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، — ئىككى قىز تەڭلا شۇنداق دېيىشتى. ئاندىن خوش ئېيتىپ كېتىپ قېلىشتى. نادىيە بولسا تېخىچىلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوغۇق قاراشلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— يۈرۈڭ كېتەيلى.

ئەرپات شۇنداق دېگەچ نادىيەنى قولتۇقلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنى قىزغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چەكسىز سۆيۈندى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى تۈگىمەس بەختسىزلىكىنىڭ كۆڭۈلسىز كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ گېدەيگىنىچە، قاڭشىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ مېيىقىدا كۈلۈمسىرىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تويى بولدى. ئۇلار بىر يىلغىچە سەن-پەن دېيىشمەي چىرايلىق ئۆتتى. بۇ بىر يىل جەريانىدا نادىيە ھەر قېتىم ئەرپاتنى مەكتەپ قورۇسىدا ئايال ئوقۇتقۇچىلار ياكى قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈپ قالسا خۇددى سۇ ئۈستى باغچىسىدىكىگە ئوخشاشلا تاتىرىپ كېتەتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن ئەرپات ئۆيگە كىرگەندە بولسا چىشىنى يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى، ئەرپات بولسا دائىملا نادىيەنى خاتىرجەم قىلىشقا، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئايال زاتىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى ۋە ئائىلىسىدىن پەخىرلىنەتتى. بىراق بۇنداق ھېسسىيات پەقەت نادىيەنىڭ كۆزى يورۇغىچىلا داۋاملاشتى. نادىيە دوختۇرخانىدا بوشانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەرپات ئۇنى ئېپچىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماشىنا تېپىپ كەلگىلى چىقىپ كېتىپ ئىككى سائەتچە ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ ماشىنا تېپىپ كەلگەندە، ئۇنى ئايالى گۇمان قاپلىغان سوغۇق كۆزلىرى بىلەن قارشى ئالدى ۋە سىپايىلىك بىلەن تېخى ھېلىلا ئىنىسىنىڭ ماشىنا تېپىپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەرپات مىڭ بىر جاپادا تېپىپ كەلگەن ماشىنىنى قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي قايتۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئىنىسى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىغا چۈشۈپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئەرپاتقا ئۇنىڭ ماشىنىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، ئۆزىمۇ شۇ

ماشىنا بىلەنلا كېتىپ قالغىلى تاس قالدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى قېيىن ئاپىسىنىڭ قولىدىكى ئاپئاق يۆگەكتىكى كىچىككىنە جانغا چۈشكەندە بولسا، يەنە بۇنداق قىلىشقا رايى بارمىدى.

ئەرپات كۈندە دېگۈدەك گۆش ۋە مېۋە-چېۋە ئېلىپ قېيىن ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى ھەم مەكتەپتىكى ئالدىراشلىقلار تۈپەيلى بىرەر كۈن بارماي قالسىلا ئايالىنىڭ كۈندەشلىككە ولغان خۇمار كۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ەشتەردەك قادىلاتتى. ھەتتا بوۋاققا ئىسىم قويىدىغان كۈنمۇ مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى.

ئەرپات ئاكىسىنى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگىچە دېيىشكەن ۋاقىتتىن ئازراق ئېشىپ كەتتى. ئىشنىڭ چوڭى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە قىز تەرەپنىڭ دادا، ئاكىلىرى تەييار بولۇپ بولغان، قويۇلىدىغان ئىسىممۇ ئىمام ئاخۇنۇمغا ئۇقتۇرۇلۇپ بولغانىدى. ئەرپات بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ قويغان ئىسىمنى ئېيتتى.

— دادا، قىزنىڭ ئىسمىنى ئامانگۈل قويساق قانداق؟

— بۇمۇ بولاتتىكەن بالام. بىراق نادىيە ئۆزى ئاپىسىغا ئەزىزە قويايلى دەپ ئېيتىپتىكەنغۇ؟ بىز ئىمامغىمۇ ئۇقتۇرۇپ بوپتۇق.

ئەرپات ئالدىراپ ئايالى ياتقان ئۆيگە كىردى.

— نادىيە بىز مەسلىھەتلەشكەنغۇ، قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى...

— بولدى ئەرپات. دائىملا ۋاقتىدا كەلمەيسىز. ئۇنىمۇ ماڭا ئوخشاش خارلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئەزىزە قويدۇق.

— نېمە؟ — نادىيەنىڭ تەتۈرلىكى ئەرپاتنىڭمۇ ئوغىسىنى قايناتتى، — سىز بۇ ئۆيدە خارلىنىپ قېلىۋاتامسىز؟

— بۇ ئۆيدە ئەمەس، — نادىيە ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى، — سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە، بىسىزنىڭ...

ئەرپات جىددىيلەشكىنىچە، كېلىپ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاستىراق نادىيە، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاستىراق، سەت بولىدۇ.

— پاھ، ئەجەب سەتنى بىلىدىكەنسىز! ئەمىسە نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسىز؟ تايىنلىق ھېلىقى مەمەدان ستۇدېنتكىلىرىڭىز بىلەن يۈرگەنسىز؟

— بۇ گەپ قانداقلارچە ئاغزىڭىزغا پېتىنۋاتقاندۇ نادىيە؟ — ئەرپاتنىڭمۇ ئاۋازى ئۆزى بىلمەي يۇقىرىراق چىقىپ كەتتى، بىراق ئۇ يەنە دەرھال نېرىقى ئۆيدىكى قېيىن ئاتىلىرىنى ئەسكە ئالدى-دە، پەسكويغا چۈشتى، — تۇۋا مۇشۇ گەپلەر سىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتىدۇ-ھە!؟

— نېمە ئەمدى مېنى مەسخىرە قىلاي دەمسىز؟ — نادىيە تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى، — سىزدەك دەيسىزغۇ؟ مەن قانداقكەنمەن؟! راست دەيسىز، مەن دېگەن سىزدەك داشۆسىنىڭ ئەمەس. ئارانلا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن. مېنىڭ ئىدىيەم قالاق، شۇنداق چۈشەنمەيمەن.

شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا مېنى ئالدىڭىز، يا مەن سىزگە يېپىشۋالمسام...

— ياق، نادىيە ياق، — ئەرىپات ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىققان كىچىككىنە گەپنىڭ بومبىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياققان سەرەڭگىدەك تەسىر قىلغىنىدىن تېگىرقاپ قالدى ۋە ئامالسىز ئۇنى بەزلەشكە باشلىدى، — ماڭا قاراڭ نادىيە، ئەگەر سىزلا خۇشال بولسىڭىز مەيلى، بالىمىزنىڭ ئىسمىنى ئەزىزە قويايلى. بىراق سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئىشىنىڭ. مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ستۇدىنتكىلارمۇ سىزچىلىك قەدىرلىك ئەمەس. بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم.

ئەرىپات ئىشەنچلىك نەزەرىدە نادىيە-گە تىكىلدى. نادىيەمۇ ئەمدى ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئەرىپاتقا باقتى. لېكىن يەنىلا ئۇ گۇمانسىراپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— راستمۇ؟

— راست جېنىم، راست، — ئەرىپات ئايالىنىڭ ئۆزىنى چەكسىز ياخشى كۆرىد-دىغانلىقى سەۋەبىدىن تېزلا ئېرىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۇنى يەنىمۇ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى، — ئەمدى تېخىمۇ خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. مەن ئارزۇلۇق پەرزەنتىمىزنىڭ قەلبىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى مەڭگۈ قىلمايمەن.

بۇ سۆزلەر بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭلا قەلبىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، خۇددى شامدەك ئېرىپ كېتىشتى. نادىيە ئەرىپاتنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن چىڭ سىقتى.

شۇنداق قىلىپ بالىنىڭ ئىسمى ئەزىزە قويۇلدى. ئاخىرى قىرىق كۈنمۇ توشۇپ نادىيە ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۆيگە كېلىپلا نادىيەنىڭ كونا كېسلى يەنە قوزغالدى، ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنىمۇ گۇمان تولغان كۆزلىرى بىلەن ئاختۇرۇپ چىقتى، ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئەتىر، يۈز مايلارنىڭمۇ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ چىقتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئەرىپات جىمجىت ئولتۇرۇپ سەپ سالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قەلبىدە بىر يىل ئىلگىرىكىدەك نادىيەنىڭ قىزغىنىشلىرىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى بىزارلىق ئىگىلىدى...

* *

ئەرىپات ئۆرۈلۈپ قىزىغا قارىدى. ئەتە ئۇنىڭ ئۈچ ياشقا تولغان كۈنى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئالدى، لېكىن تۇتاشتۇرماي يەنە سېلىپ قويدى. چۈنكى نادىيە ئۇنىڭغا بالىنىڭ يېنىدا قەتئىي تاماكا چەكمەسلىكنى، چەككۈسى كەلسە تالاغا چىقىپ چېكىشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى.

بۇ ئۈچ يىلدىن بېرى نادىيە ئۇنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ بولاي دەپلا قالدى. ئۇ ھەدېسلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ئەرىپات بىلەن ئۇرۇشاتتى، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئەرىپات ھەر قېتىم ئۇنىڭ گەپلىرى يۈرىكىگە قاتتىق تەگكەن چاغلاردا، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپلا قۇتۇلۇش قارارىغا كېلەتتى-يۇ، يەنە يۈرەك پارىسى ئەزىزەنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىگە باققىنىدا بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالاتتى. تىرىك يېتىملىك ئەرىپاتنىڭ يۈرىكىنى لەختە-لەختە

قىلىۋەتتى. ئەمدى كېلىپ ئۇمۇ بالىسىنىڭ كۆڭلىنى ئىككىگە بۆلسۇنمۇ؟ ياق، ياق، يېتىملىك دەردىنى ئەرپىياتنىڭ تارتقىنى يېتەر، ئۇ ئەمدى بۇ ئاجىزەنىڭمۇ قەلبىگە ھىجران ئۇرۇقى سالمىسۇن.

ئەرپىيات تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا تولغان يىلى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى نېمە سەۋەبتىندۇر ئاجرىشىپ كېتىشتى. ئاكىسى ئەزىمەتنى دادىسى، ئەرپىياتنى ئاپىسى ئالدى. ھەر ئىككىسىلا ئاجرىشىپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن قايتا توي قىلىشتى. شۇنىڭدىن تارتىپلا تاكى ئەزىمەت ئون توققۇز ياشقا، ئەرپىيات ئون يەتتە ياشقا كىرگىچە ھەر ئىككىسىلا ئۆگەي ئۆيگە بارسا ئاپىنىڭ تاپا-تەنە-سى، بۇ ئۆيگە كەلسە ئۆگەي دادىنىڭ دەھشەتلىك ھومىيىشلىرىدىن قورقۇپ بىچارىلەرچە كۈن ئېلىشتى. ئەرپىيات ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى بولسا ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى قىمار ئويناپ قولغا چۈشۈپ قېلىپ، قاماققا ئېلىندى ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپىسى بىلەن ئاجراشتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا باللار ئازادلىققا چىقىپ قالدى. ئەزىمەتمۇ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. بىچارە ئانا ئۆزى ئىشلەپ تاپقىنى بىلەن ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش راسخوتى ۋە ئۈچ جاننىڭ قورسىقىنى ئارانلا قامدايتتى. ئۇلارنىڭ دادىسى بىر تىيىنلىقمۇ ياردەم قىلمايتتى. شۇڭا ئەزىمەت ئوقۇشتىن چېكىنىپ، ئوقەتكە كىرىشىۋالدى. مانا ھازىر ئۇ شۇنداق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جاي ئېلىپ ئۆي سالدى. توي قىلىپ ئاپىسىنىمۇ ئۆز يېنىغا ئاپىرىۋالدى. بىراق ئۇلار بۇ كۈنگە يېتىش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدى، يېتىملىكنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىدى.

ئەرپىيات مۇشۇلارنى ئويلىغاچ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزى چۈشەككەن بولسا كېرەك ئۈمچىيىۋاتاتتى. ئەرپىيات ئېگىشىپ ئۇنى ئاستاغىنە ئەللەيلىدى.

تام سائىتىنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى. سائەت 12 بولغانىدى. ئەرپىيات-نىڭ تاقىتى چېكىگە يەتتى. ئۇ قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ تەكىينىڭ ئاستىغا پىچاقنى باستۇرۇپ قويۇپ، ئىشىكنى ئېتىپ سىرتقا چىقتى. بىراق ئۇ زالدىن چىقىپلا توختاپ قالدى. قانداقلا بولمىسۇن بالىنى بۇ كېچىدە يالغۇز قالدۇرۇش ياخشى ئەمەستە. شۇڭا ئۇ بىنا ئالدىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخلەر ئوتتۇرىسىدىكى يولدا بىنا تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئايدىڭدا نادىيەنىڭ ئاپئاق كاستيۇم-يۇپكىسىنى تونۇدى. ئەر-پىياتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

نادىيەمۇ بىنا ئالدىدا كۆرۈنگەن قارا گەۋدىدىن ئەرپىياتنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ھەم ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالدى.

— ئاپلا، يولدىشىم...

ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىت چۆچۈپ كەتتى.

نادىيەنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ قاپلاپ تۇرۇپلا قالدى. يىگىتنىڭ چىرايىدا دىلغۇللۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ئەرپىياتمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەسلىدە ئۇ بارغان پېتى نادىيەنى سوراققا تارتماقچى،

ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىماقچى ئىدى. بىراق، ئۇ بىردىنلا نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى ئۇ ئاياللىنىڭ مەيلى قانچىلىك كەچ قالمىسۇن، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئالدىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئەجەب كەچ قالدىڭىزغۇ، — ئۇمۇلايىم ئاۋازدا سوراپ يىگىتكە قول تەگلىدى، — ياخشىمۇسىز!

نادىيە تېگىرقاپ قالدى. ئۇ ئەرپاتنى مۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ھەم ئۇنى ئۈچ يىلدىن بۇيان قىلغانلىرىمىنىڭ ھەممىسىگە بۈگۈن تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ نېمە دېيىشنىمۇ بىلمەي قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ ئورنىدا يىگىت جاۋاب بەردى.

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن كېچىدە ئاياللىنى دوختۇرغا ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۇنىڭ قان بېسىمى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەچكە بارلىق دوختۇر، سېستىرالار جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى، — يىگىت يېنىك تىن ئېلىپ قويدى، — ئاخىرى ئاياللىم تېخى بايىراقلا ساق سالامەت يەنگىۋالدى. شۇڭا، بەك كەچ كىرىپ كەتكەچكە، بۇ دوختۇرنى ئۆزۈم ئەكىلىپ قويۇۋشۇم.

— ھەممىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەر كېلىپ ئېپكىتىشتى، سىز بالا بىلەن بارالمىغاچ، بۇياق مېنى ئەكېلىپ قويدى، — نادىيە ئالدىراپ ئىزاھلىدى.

— ھە، رەھمەت سىزگە، — ئەرپات يەنە شۇنداق سەممىمي ئاھاڭدا دېدى، — سىزنى ئاۋارە قىپتۇق-ھە! ئۆيگە كىرىڭ.

— رەھمەت، رەھمەت، — يىگىت ئەرپاتنىڭ بۇ ئىشنى توغرا چۈشەنگىنىدىن ئەندىشىلىرى تارقاپ دېدى، — ئەسلىدە مەن بۇ دوختۇرلارغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. ئەمدى دوختۇرخانىغا باراي.

— ئەمدى خەتەرلىك پەيت ئۆتۈپ كەتتى، خاتىرجەم بولۇڭ، — نادىيە خۇددى يولدىشىنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك يىگىتكە يەنە بىر قېتىم تەسەللى بەردى. ئەرپات ھېچنېمە بولمىغاندەك خۇش خۇي ھالدا يىگىتنى ئۇزىتىپ قويدى. بىراق نادىيە خۇددى ئەرپاتنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ خوش دەۋاتقان يىگىتكە خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆز خىيالى بىلەن تۇراتتى.

— نادىيە، يۈرۈڭ كىرىپ كېتەيلى — ئەرپاتنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق مۇلايىم چىقىۋاتاتتى، — بالا يالغۇز قالدى.

— ھە، — نادىيە چۈشىنىكسىز ب قىياپەتتە قاراپ قويدى، — بالا يالغۇز دېدىڭىزما؟

ئۇلار ئۆيگە يېنىپ كىرىشتى. نادىيەنىڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەرپاتقا نېمە دەپ گەپ قىلىشنى، ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قاراشنى بىلمەيتتى. ئەگەر بۈگۈن ئۇنىڭ ئورنىدا ئەرپات شۇنداق كەچ قالغان بولسا، چوقۇم تاڭ ئاتقۇچە بۇ ئۆيدە جېدەل-ماجىرا بېسىقمىغان، يەنە تېخى بىر ھەپتىگىچە نادىيە ئۇنىڭغا بۇتناپ تاماقمۇ ئەتمىگەن بولاتتى. بىراق ئەرپات خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالدا سۇ تەگشەپ پۇتىنى يۇيۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ نادىيە تېخىمۇ سىقىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن ئەندىكىپ كېتىۋاتاتتى.
ئەرپاتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

— مەنمۇ بالىنى يەسلىدىن ئەكەلگۈچە كەچ كىرىپ كەتتى. شۇڭا سەيلا قورۇغانىدىم. كورىغا ئېلىپ قويدۇم، ئىسسىتىپ يەۋېلىڭ.

— ماقۇل.

نادىيە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىدەك، گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

ئەرپات ئاستا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كەلدى.

— نادىيە، مەن سىزدىن بىرنەرسىنى سورىماقچىدىم.

نادىيە بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— ھە، مەندىنما؟ سوراڭ، سوراۋېرىڭ... نېمە گەپتى؟ — ئۇ ئەرپات ئەمدى دېگۈلۈكىنى دەپ قورسىقىنى بوشىتىۋالىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، يەنە بىر مەيدان كۆڭۈلسىزلىككە تەييارلىنىپ قويدى. بىراق ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

— نادىيە، سىز ماڭا ئىشىنەمسىز؟

نادىيەنىڭ قولىدىكى چوكا ئۈستەلگە چۈشۈپ كەتتى.

— مەن... مەن سىزگە، — نادىيە خىجالەتچىلىك ئىچىدە كۆزلىرىنى ئۈستەلگە تىكتى، — مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

— راست دەۋاتامسىز، — ئەرپاتنىڭ كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى، ئۇ نادىيەنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، — ماڭا سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىزلا كېرەك. ئەمدى مەن ھەقىقىي تۈردە بەختكە ئېرىشتىم. سىز مېنى بۇرۇن ياخشى كۆرەتتىڭىز، ئەمدى يەنە ئىشىنىدىغان بولدىڭىز. بۇ دېگەن ھەقىقىي بەخت. شۇنداقمۇ نادىيە؟

— شۇنداق قەدىرلىكىم، — نادىيە ئەرپاتنىڭ بۇنچە ھاجانلانغانلىقىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئەرپاتنىڭ مەيدىسىگە يوشۇردى، — شۇنداق، سىزمۇ، مەنمۇ، ئىككىمىزلا بەختلىك.

ئۇ چەكسىز بەخت ئىچىدە نېمىلەرنى دەۋاتقىنىنىمۇ بىلمەي پىچىرلايتتى. ئەرپات ئۇنىڭ بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۆزىگە قاراتتى.

— ئەتە ئەزىزەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكى يادىڭىزدىدۇر؟

— ھە راست، — نادىيەنىڭ ھارغىن كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — ئەتە ئۇنىڭغا نېمە سوۋغات تەييارلىساق بولار؟

— سوۋغاتنى تەييارلاپ بولدۇقۇ، — ئەرپات شۇنداق دېگەچ ئايالىنىڭ چېچىنى سىلىدى، — بۇنىڭدىنمۇ ياخشى سوۋغات بولماس.

نادىيە بويۇنلىرىغىچە يەنە بىر قېتىم قىزىرىپ كەتتى. راست تەييارلاپ بولدۇق، ئەتىدىن باشلاپ ئۇ يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالىدۇ. بىچارە قىزىم، ئەمدى ھەرگىزمۇ دادىسى ئىككىمىز ماي تارتىشىپ قالغاندا بىزنىڭ ئەركىلىتىشىمىزگە تەشنا بولۇپ بارماقلىرىنى شۈمۈپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇ شۇنداق دېگەچ ھەر قېتىم ئۆزى جېدەل چىقارغاندا، قىزىنىڭ ئاپىسىنىڭ دەھشەتلىك چالۋاقاشلىرىغا، دادىسىنىڭ ئەلەملىك ئۇھ تارتقىنىچە گەپ قىلماي

(ئاخىرى 123-بەتتە)

ئوسمانجان ساۋۇت

# تۈن تىۋىشلىرى

## 1

كۆكرىكىمدە يۈرىكىم ئۇرۇپ تۇرغان چېغىمدا،
مېنىڭ مۈلكۈم تالاشسىز تەڭدىشى يوق ئالتۇن تاغ.
ئاغا گۈللەر تېرىلغان كۆڭلۈمدىكى بېغىمدا،
قونالمايدۇ بەرگىگە شۈبھىلەردىن چاڭ-توزان.

تومۇرلىرىم تۇتاشتۇر كۈلكىسىگە دائىما،
مىڭ ئەسىرگە تەڭ بەلكى مېنىڭ مۇشۇ بىر كۈنۈم.
قاچماق بولغان ۋاقىتنىڭ مەن بارمايمەن رايىغا،
ئۇچار مىڭ يىل بوشلۇقتا بىر كۈندىكى مىڭ ئۇنۇم.

چۈنكى مەن بۇ بىر كۈندە تالاي كۈنگە ئېرىشىپ،
تالاي كۆزنىڭ يېشىنى ئىشقىم بىلەن قۇرۇتتۇم.
ئېسىپ قالسا زۇغۇي يەل، زۇغۇي بىلەن قېرىشىپ
مىڭ دوستۇمنىڭ ئەيىبىن بىر تىنىقتا ئۇنۇتتۇم.

شۆلگىيمدىن ساقايدى تالاي يامان يارىلار،
سۇنۇق دىلغا دىلداشمەن قايغۇ كېلىپ باسقاندا.
ئاپتاپ هامان دۇنيادا مۇهەببەتتىن تارىلار،
ياپراقلارنىڭ كۈيلىرى قوندى ئۆرلەپ ئاسمانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى uyghurkitap.com

## 2

بارىكاللا، دوستلىرىم، قېرىنداشلىرىم
بار سىلەردە ئاجايىپ مىجەز.
بىر كۈن ئاقساپ قالسام تۇيۇقۇم چۆچۈپ،
داۋراڭ سالسىلەر مىڭ كۈن ئۇرۇپ جەز.

ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن ئۇچتۇم ئاسماندا،
سەييارىلەرنى ئېتىپ ئوينىدىم.
ئاق-قارا بۇلۇتلار قولياغلىقىم بولدى،
بەلكىم ئۇ يەردە ھېچنېمنى ئاياپ قويمۇدۇم.

سامان يولىنى تۇتاشتۇرۇپ قويدۇم دېرىزەمگە،
ئاق ئېچىلغان ئۆرۈكۈمگە تولۇنئاي ھەيران.
قۇتۇپ كېچىلىرى سىرلىرىنى سۆزلىدى ماڭا،
ئۇچار تەخسىلەر ۋەسلىمگە يېتەلمەي ۋەيران.

قالتىس بىر مۆجىزىلەرنى ياراتتىم چامامدا
ئېغىزلارنى ھاڭ ئاچۇرىدىغان.
شادلىنىدۇ دەپتىمەن ئېرىقداشلىرىم
مېنىڭ ئۇچۇن ئالۋاستىلارنى قاچۇرىدىغان.

كۆتكەنلىرىم غايىب بولدى ئۇيۇقتىلا،
ئۇنتۇدۇقلار ئۇچۇش، پەرۋاز، قانات،
ئاسمان، دېگەن سۆزلەرنى پۈتۈن.
شائىرانە سادىدىلىقىم ھەيرەتتە قويدۇڭ مېنى،
تامىقىم ئىششىدى، يۈرىكىم ئىششىدى، ئۇمۇندۇم قاتتىق،
ئىچىممۇ تۇتۇن، تېشىممۇ تۇتۇن.

## 3

دېرىزەمنىڭ ئالدىدا، تاڭ پەيتىدە
ياندۇ ئىككى يۇلتۇز، ئىككى دۇنيا.

كۆيلىرىم، شېئىرلىرىم، سۆيگۈلىرىم
ياندۇ توختىماستىن ئۇندا گويا.

ئۇ باشلاپ كىردى ئۆيگە پەرىشتىدەك،
قايغۇسىز، تاپقا چۈشمەس ياشلىقىنى.
مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم، سۆيۈپ كەتتىم
بىلدۈرۈپ ئاڭا مەڭگۇ ئاچلىقىمنى.

ئېرىشتىم تىلسىمسىمان كەڭلىكلەرگە
ھەر زەررە بۇندا بەلكى يارنىڭ تېنى.

ھەر قەدەمم بىر شادلىققا ئىشىك ئاچۇر،
ئەي ئاجۇن دەردىڭ قېنى؟ غېمىڭ قېنى؟

ئېرىمە، ئەي يۇلتۇزۇم، ساقىپ كەتمە،
تۆكمەستىن ھېسلىرىمنى قويۇپ ئالاي.
ۋاراقلىسام كىتابىسەن بەتلىرىڭدە
مەن بىلمىگەن ھېكمەت بار تالاي-تالاي.

4

قەدەھلىرىڭ كۈمۈش ئىكەن، مەيلىرىڭ ياقۇت،
كىمگە تۇتماق ئىستەيسەن، ئۇنى ئەي رەنا.
چوققىلارغا ئوخشاپ قالدىڭ ئاق قارلىق مەزمۇت،
تۇرۇشىڭدا باركى جەزمەن بىر چوڭقۇر مەنا.
كىمگە تۇتساڭ ئىختىيارىڭ، بۇزمايمەن يوسۇن،
ئەمما تۇنجى خېرىدارىڭ مەن بىلگىن شۇنى.
قاچقانلارنى قوغلاش بىزگە مەڭگۈلۈك ئۇدۇم،
ئاغزى كۆيگەن پۈۋلەپ ئىچەر ھەتتا سوغ سۇنى.
ئۇتتۇز ئوغۇل تۇرۇپتىمىز تەمەلەر گۈلخان.
بۇ تەۋكادا بىز ھەممىمىز ئۇتساقلا دەيمىز.
خان ئەركىسى بولسا تاڭنىڭ ھەمىشە چولپان،
سەن شۇ تاپنىڭ ئەركىسى سەن پەرىشتە ئەي قىز.
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى كۈيلەر، بۇ دۇنيا چەمبەر،
بەندىلىك شۇ ھەر قەلبتە ھاكىم ئۇنتۇلۇش.
كۈمۈش قەدەھ مەندە ئەمدى، مېنىڭدە كەۋسەر،
ساڭا ئۆتتى مەندىن تەمە ھەمدە تىك تۇرۇش!

1996 - يىل، 14 - ئاۋغۇست

تۇرسۇنئاي ھوسەيىن

# زۆھرە يۇلتۇز

زۆھرە يۇلتۇز كىرپىكلىرىنى
ئاچتى چەكسىز ھاياتقا خۇشال.
زوق-ھاياجان ھەمدە ئەنسىرەش
يۈرىكىدە ئاجايىپ بىر ھال،
كەتتى جۇشقۇن ئېقىم كۈۋەجەپ،
دولقۇنلىغان دېڭىزدەك ئۇزاق.
كەتتى يۈگۈرۈپ يالىڭاياق پىتى
مز قالدۇرۇپ ھارۋىلارنىڭ ئۇ،
رقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇزاق،
ائىناتتىن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
چۆمۈلگىلى چۈشتى دەرياغا
قاپقاراڭغۇ تۇمانىنى بۆسۈپ.
نۇر ئىچىگە چۆمۈلدى قىرغاق،
كۈلۈپ كەتتى سەبىيدەك ھەرياق.

* *

يۈرىكىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ
ئاق كۆڭۈللۈك سەبىيلىكى ھەم
دەريا كەبى ياسايدۇ قىيان
ئوتتۇز جۈپ كۆز تىكىلەر ئاڭا.
تەلپۈندۇ ئوتتۇز شوخ يۈرەك،
بالاغەتكە يېتىشىپ قىزلار،
بولغان كەبى بالىغا ئانا،
بولۇپ قالدى سەبىي كۆزلەرگە
يۇلتۇزدەك نۇر چاچقۇچى شولا.

ئۇ سۆزلىسە كېچىيەر ئالەم،
كائىنات ۋە يۇلتۇز تۈركۈمى
كۆز ئالدىڭدا بولىدۇ ئايان،
قېرى زېمىن، يېڭى يۇلتۇزنىڭ
كەلمىشىنى قىلىدۇ بايان.
قەلبى ئۇنىڭ لىرىك بىر شېئىر،
سۆزى ئۇنىڭ لىرىك بىر شېئىر.
ئۇ قەيەردە ئۈنسە شۇ يەردە
گۈل ئېچىلار، ياشنار ئېتىز-قىر.
ئوتتۇز جۈپ كۆز باقار ھاياتقا
ھەيرانلىق ۋە ئىشەنچلەر تولغان.
ئوتتۇز يۈرەك يالقۇنلار ئۇنىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىگۇمان،
ئالەم، شېئىر، تارىخ ھەققىدە
يوق ھېچنېمە، ئۇ بىلمەيدىغان،
ئۇ ھاياتنى ياشار ئىشەنچتە
ئالدىراشلىق ئىچىدە ھەر كۈن.
ئۇ، بىر قۇياش، سۇبھىنى نۇرغا،
تۈننى كۈنگە ئۇلىغان پۈتۈن.
ئۇ بىر شەپەق سەھەرنى ھەمدە
كەچنى نۇرغا چۆمكىگەن گۈلگۈن.
ئۇزاقلاردىن داھىيلارنى بىز
قىلىپ كەلدۇق قۇياشقا تەققاس.
ئاھ بىر كۈنى ئوتتۇز چوغ يۈرەك
ئۆز سېپىدە تۇراتتى سەپراس.
بىرى شۇ دەم ئالدىغا چىقىپ،

ئۇنى قۇياش دېگەنلىكى راست.
ئۇ ھودۇقتى مۇنداق باھادىن،
ئۇيالدى ھەم بوپقالدى تىمتاس.
ئوتتۇز يۇلتۇز چاقناپ ئاشۇ دەم
قۇياشىغا ئۇلاشتى خالاس.

* *

ئاھ دولقۇنلۇق دېڭىز گوياكى
زەر قوياشنى قىلماقچىدەك غەرق،
نەپسى مىنگەن ئەقلىگە سوتچى
قىلمىغاندەك ھەق ناھەقنى پەرق،
زور ئىنقىلاپ قوشۇنى بۇ دەم
كەڭ مەيداندا تۇرىدۇ سۇرلۇك.
شۇ مەيداندا سازايى بولۇپ
تۇرار ئاشۇ قەلبى قۇياش قىز،
ئۇ سوئاللىق نەزەرى بىلەن
ئالامانغا تىكىلەر بۇئان،
چوغ يۈرەكتە ئىشەنچى ھەمدە
گىرەلشەر ئەندىشە، گۇمان.
ئۇ تۇرىدۇ مەردانە-مەغرۇر
كۆزلىرىدىن چاقنىتىپ زىيا،
لاتاپەت ۋە گۈزەللىككە باي
ئاھ، جەلپكار ۋېناسىتەك گويا.
ئوتتۇز جۇپ كۆز، ئوتتۇز قەلبنىڭ
ئەمەسمۇ ئۇ ئەقىل ئىلاھى،
سەبىيلەرنىڭ كۆڭلىدەك قەلبىدە
ياسار تۇغيان ھەسرەت ۋە ئاھى.

كەڭ مەيداندا تۇرىدۇ ھوشسىز،
سانسىز يۈرەك-ساناقسىز ئىنسان،
سۆزلىيەلمەس ھەق ۋە ناھەقنى
ئاشۇ دەمدە ئامالسىز ۋىجدان،
قىز قەلبىدە گويا مۆھۈردەك
نۇر قۇياشتەك بىر سۆز ھۆكۈمران.
«بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ»
دېگىنىدەك خۇددى سولايمان. ①

* *

قانىتىنى يېيىپ قارا تۈن
قارايسمۇ كېچىچە ئاسمان،
جامالىنى كۆرسىتەر سۇبھى،
چىراي ئاچار قۇياش بىگۇمان.
قارا زۇلمەت پەردىلىرىنى
قىلىچلىدى ئايىماستىن نۇر،
زېمىن ئۈزرە تۆكۈلدى زىيا
بېغىشلىدى جانلارغا ھۇزۇر.
قايتىلانماس قارا بىر تارىخ،
ئۆتۈپ كەتتى كۆلەڭگە ئوخشاش.
جەۋلان قىلدى كۆكتە ئالتۇن نۇر،
كۆلدى يەنە دىللاردا قۇياش.
ئاھ، شەپقەتسىز كالىندار يىلدىن
يىرتىپ ئالدى ئەللىك بىر ۋاراق،
ئاھ پەدەزكەش پەسىللەر چەكتى
يۈزىگە قورۇق، چېكىسىگە ئاق.
ئۇ چۇ، سەبىي سانسىزلاپ دىلنىڭ

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، سولايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىگە «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن بىر سۆز ئويۇلغان ئىمىش.

ئېتىزىغا ئاققۇزدى كەۋسەر.
ئۇنىڭ قىلغان لەۋزىنى ھەر بىر
شاگىرتلىرى بىلدۇ گۆھەر.
ئۇر بىتانى كەزگەن، ئايلانغان
بەجايىكى يورۇق يۇلتۇزدەك؛
شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ھەرياقتا
نۇر سەپمەكتە خۇددى كۈندۈزدەك.
گاھى چاغدا ئاسمان سەتھىدە
چاقناپ قالار يورۇق يۇلتۇزلار.
ئۇنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرىنىڭ
گۆھىرىدۇر شۇ ئوغۇل-قىزلار.

* *

زۆھرە يۇلتۇز ئاسمان سەتھىدە
چاقماق كىرپىك، كۆزىنى ئاچار.
ئۇ زېمىنگە ئىشەنچ-ئۈمىدكە
تولغان ئۇتلۇق نەزەردە باقار.
بۇ مۇرەككەپ ھايات ئۇچقى
قويىدى ئۇنى پولاتتەك تاۋلاپ.
تۇتۇۋالدى ئۆزىنى شۇنداق
مەككارلارمۇ كېتەلمەس ئالداپ.
يورۇقلاشتى ئەقىل چىرىغى،
دانالىقتا گوياكى سوقرات،
ئۇنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرىدىن
بەھىر ئالدى قانچە ئۇلۇغ زات.
ھايات ھەر خىل، مۇرەككەپ ئىنسان،
زىددىيەتلەر مەۋجۇتتۇر قات-قات.
زەخمىلەردىن ئۇنىڭ يۈرىكى
تىلىندۇ ھازىرمۇ پات-پات،
غەيرەت، ئىشەنچ بېغىشلار ئاڭا
بىر ئۇلۇغۋار نىيەت ئېتىقاد:
ئىلىم-پەندىن، ھالال ئەجرىدىن
گۈزەللىككە تولىدۇ ھايات.

روزى سايىت

# مادار ياشتىن ئارتۇق، ئىجاد نەۋقىران

## گۆھەر تەزكىرىسى

يورۇڭقاشتىن قاشتاش چىقىدۇ،
باشقا يەردە يوق بۇ ئەۋزەللىك.
رەڭگى يېشىل، سەيۋىرەك، ئاق، كۆك...
جۇلاسىدا كۆرىمىك گۈزەللىك.
كىم ساقلىسا ئۇنى يېنىدا،
يەتمەس خەۋپ، ياردۇر ئىپسەنلىك.
شۇ گۆھەردەك پاكىز، ئېسىل،
ئەلمىساقتىن تارتىپ خوتەنلىك.

## مادار ياشتىن ئارتۇق، ئىجاد نەۋقىران

ئىجازەت قەلەمگە كۆڭۈل رايىدىن،
ئۇ تۆكسۇن مۇھەببەت ئىزى-پايىدىن.
سۆزۈك چەشمىلەر شىلدىرى ھەر سەھەر
ياشارتسۇن يۈرەكنى ئېقىپ جايىدىن.
ماڭا يوق ئىجادتىن بۆلەك ئەتىۋار،
ئۇ ئوت قىشتا، يازدا بەلەن سايىدىن.
ئارامىم، ھۇزۇرۇم نەزمىدىن كېلەر،

گادايەن، بىراق باي جاھان بايىدىن،
مادار ياشتىن ئارتۇق، ئىجاد نەۋقىران،
يۈرەك ساق، ئۈمىدى چوڭ زەپەر، غايىدىن.
تىلەيلى ياشاشنى ئۆمۈردىن ئۇزاق،
يىقىلماي ئاۋام قەلبى دەرگاھىدىن...

## يەنە كەلمەيمىز ئالەمگە

قاراپ باقسام بۇ ئالەمگە ئۇ شاد، بۇ مۇپتىلا غەمگە،
بىرى ئالىم، بىرى كالۋا، بىرى ئوخشايدۇ ھاتەمگە.
ئۇنىڭ ئەجرىدە چۆل بوستان، بۇنىڭ كەشپىدە مىڭ داستان،
بىرى يۈرگەي مۇرادىنى چىتىپ پالچى بىلەن رەمگە.
بىرى پۇلغا ھىرس-ھەيران، بىرى ئىشرەت بىلەن ۋەيران،
بىرى ئۇسسۇز، بىرى ھەتتا بى ھاجەت ئابزەمزەمگە.
بىرىنىڭ مەرپەت يارى، ئىلىم-پەن دوستۇ دىلدارى،
لاغاي بىرى يۈرەر بۇلغاپ چىرايلىق يولنى بەلغەمگە.
بىرىنىڭ كىبرىدىن تاجى، بىرى دەر: كىبرىدىن داجى!
بىرىنىڭ بىھىساب خەرجى، بىرى زار ئۇستىباش، كەمگە.
ئەمەل-مەنسەپتە مەست بىرى، يېتىم، تۇل-خارۇ خەس بىرى،
ئاۋامغا ھەمنەپەس بىرى — ھامان تەييار شىپا-ئەمگە.
بىرى دوستىنى تالاشتۇرغاي، بىرى خالىس ياراشتۇرغاي،
ئۇ بەدبۇي پۈۋلىگەي ماۋۇ ئىپارھىد چاچسا خانەمگە.
بىرى ئىنساب-دىيانەتتە، بىرى شەيتان خىيانەتتە،
بىرى مىكرۇ جىنايەتتە جۇدۇن پۈركۈيدۇ لالەمگە.
بىرىدە شۇنچە قابىللىق، بىرىدە روھى غاپىللىق...
بۇلارنىڭ قايىسى پاتسۇن يارانلار بۇ رىسالەمگە.
بۇ ئالەم پانىيدۇر بىزگە، زامان غەمخانىدۇر بىزگە،
ياشايلى زاتى ئىنساندەك، ئامانەت جان بۇ ئادەمگە.
بەختنى چىك باغاشلايلى، ۋەتەن-بوستاندا ياشنايلى،
غۇبار، ئىللەتنى تاشلايلى، يەنە كەلمەيمىز ئالەمگە!

## ئۆتەيلى ئىناق

ئەي يارانلار، قەدىردانلار ئۆتەيلى ئىناق،
ئىناقلىقتا بارچە ئىمكان، بارچە ئاسايىش.

www.uyghurkitap.com

بۇ ھاياتتىن كەلدى بىزگە تۈمەن خىل سىناق،
يولىمىزنى تار ئەتمىسۇن ئارازلىق خاھىش.

بۇ جاھانغا تۆرەلگەن بىز ئادەم، ھاۋادىن،
كامال تاپقان ئىناقلىقتىن، مېھرۇ ۋاپادىن.
قول ئۈزمىسەك غاپىللىقتىن، پىتنە-ئىغۋادىن،
ئىقبالىمىز شان كۆكىدە قىلماس نامايىش.

ئارزۇيىمىز ياشاش بىزنىڭ غەمسىز، ئازارسىز،
ھەسەتخورلۇق، قىزىل كۆزلۈك قالسۇن بازارسىز.
كىم بۇ پەيلىنىڭ خۇشتارى شۇ نومۇسسىز-ئارسىز،
يوقال ئارسىز دەيلى ئورتاق بىرىپ پەرمايىش.

مېھر-شەپقەت ئاب كەۋسەر-جانغا ئارامدۇر،
شەپقەتسىزلەر، مېھرسىزلەر نادان، قارامدۇر.
ئەلدىن مېھر قىزغاندى كىم شادلىق ھارامدۇر،
پايدا بەرمەس ئەتە قىلغان پۇشايمان، كايىش...

ئىناقلىقنىڭ نۇسرىتىدىن ئۇلغايدى پۇشتۇڭ،
بەش بارماقنىڭ جەملىكىدە كۈچلەندى مۇشتۇڭ.
بوران دەرمىش نەۋرىسىگە : يالغۇزنى ئۇشتۇڭ،
تىل زەخمە يەر بىر-بىرىگە ئۇرۇلغاندا چىش.

تاغلار مەزمۇت، پۇتۇنلۇكتە ئېگىزدۇر بېشى،
ئەتىۋاردۇر چىڭلىقىدا يورۇڭقاش تېشى.
شۇنچىلىكنى بىلمىگەننىڭ ئوڭمايدۇ ئىشى،
بوپقالمايلى قومدەك چاچقۇن، مىجەزى رايىش.

ئۆم-ئىناقلىق بەرسۇن بىزگە قۇدرەت، ھىمايەت،
ۋىجدانىمىز مەردلىك ئارا تاپسۇن ھىدايەت.
دەيدۇ ئاقىل: كۆلۈپ ياشا، مۇرادىڭغا يەت،
ئىناقلىقتا بارچە ئىمكان، بارچە ئاسايىش!

ساۋۇتجان تاھىر

# ئىككى غەزەل

## 1

ئايا دىلبەر، ئەيىب ئەتمە سېنى سۆيدۇم، دېسەم ئەسلا،
ئىشق ئوتۇغدا مەجنۇندەك ساڭا كۆيدۇم، دېسەم ئەسلا.
يۈزۈڭ بىر گۈل، گويا ئەنبەر چاچار خۇش بۇي دىماقىمغا،
ئەجەبلەنمە ئاشۇ ھىدتىن بىھوش بولدۇم، دېسەم ئەسلا.
مۇھەببەت ئوتلىرىڭ بۇ دەم تۇتاشتى خەستە جانىمغا،
ئىشەن، ئىشقىڭدا مىڭ مەرتە كۆيۈپ-ئۆچتۇم، دېسەم ئەسلا.
سېنىڭ ئىشقىڭ گويا ئاتەش دىلىمغا ياقتى گۈلخاننى،
خاتا بولماس ھاياتىمنى ساڭا تۇتتۇم دېسەم ئەسلا.
ماڭا ئىلھام ئاتا قىلدى سېنىڭ ئاتەش كەبى سۆيگۈڭ،
يەنە كۈلمە، ۋىسالىڭغا نەزم پۈتتۈم، دېسەم ئەسلا.

## 2

سەن يارالدىڭ بۇ جاھانغا ئادىمى جاندىن ئەزىز،
چىن مۇھەببەت بابىدا پادىشاھ-خاندىن ئەزىز.
قوي كۆزۈڭ، شېرىن سۆزۈڭ ياقتى دىلىمغا ئىشق ئوتى،
بولمىغاي سەنسىز جاھاندا ھۆرى غىلماندىن ئەزىز.
رازىمەن ئاقسام سۇدا دىلدار ئۈچۈن تاھىر بولۇپ،
بولمىغاي ئاشىققا ھەر چاغ ئەھدۇ پەيماندىن ئەزىز.
ئۆتسە ئۆمرۈم سەن بىلەن مېھنەت-ئىجادتا يانمۇيان،
مەن ئۈچۈن ئوتلۇق ۋىسالىڭ باغى رىزۋاندىن ئەزىز.

مەمتىلى مەنسۇر

# ئىككى شېئىر

## تۇپراق

ساڭا ئېھتىرامىم بار يۈرەكتىن ئەي ئانا تۇپراق،
گۈزەللىك بابىدا چەكسىز گۈزەلسەن بى باھا تۇپراق.

يېتىلگەنمەن سېنىڭ ئىللىق قۇچاقىڭدا خۇشال، ئەركىن،
ھۇزۇر چەكسىز قوۋۇۋەت بەرگەچ كېچە-كۈندۈز ماڭا تۇپراق.
سېنىڭسىز يوق ئىدى بەختىم ئېچىلماس ئىدى ھەم ئەقلىم،
شۇڭا سۆيگۈم ئاشار ھەر دەم سۆيۈنسەممەن ساڭا تۇپراق.
پۇرايدۇ باغلىرىڭ ئەنبەر، تېغىڭ گۆھەر، سۇيۇڭ كەۋسەر،
ئەزىز سەن شۇ قەدەر مەنچۇن جىمى ئالەم ئارا تۇپراق.
مېنىڭ ئادەملىكىم بولغان سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭ بىرلە،
سېنى دەپ جانىپىدا قىلسام ماڭا بۇ ھەق-راۋا، تۇپراق.
سېنى گۈللەيمەن ئەجرىمدىن سۆيۈپ مەڭگۈگە قەلبىمدىن،
ساڭا قىلغان بۇ ۋەدەمگە ئەقىدەم چىن گۇۋاھ تۇپراق.

## ئۆرگىلەي

ئۆرگىلەي گۈل ۋەتىنىم، سەن مېھرىباندىن ئۆرگىلەي،
مېھرى ئىسسىق، قۇچىقى كەڭ ئانا جاندىن ئۆرگىلەي.
قوينى گۈل-جەننەت ۋەتەننىڭ ئايىمىڭ بولدى بۈگۈن،
تويغا باش كومپارتىيەم، شۇ پاسىباندىن ئۆرگىلەي.
ئىلىدا، قەشقەردە توي، خانتەڭرىدە، يەنئەندە توي،
شۇ تويغا باشچى پارتىيەم جانىجاندىن ئۆرگىلەي.

ئابدۇللا كېرىم

## تەلپۈنگەن يۈرەك

ئەي ۋەتەن، بەختىڭ ئۈچۈن بولسام چاكار بەختىم مېنىڭ،
ئۆرلىسەم يۈكسەك تامان ئالتۇن ساراي تەختىم مېنىڭ.
ھەرقاچان يەڭنى تۈرۈپ چېكىپ رىيازەت سەن ئۈچۈن،
تاقايمەن كۆكسۈڭگە گۈل، بۇ چىن قارار — ئەھدىم مېنىڭ.

* *

ۋەتەن ئىشقىغا باغلانغان ئەقىل-ھېكمەت بىلەن بۇ باش،
ۋەتەن-ئەل دەپ ناۋا قىلسام كېتەر ئېرىپ گرانىت تاش.

ئۆزۈم پىچلاردا تاۋلانغان ۋەتەن ئىقبالىنى كۆزلەپ،
ئاقار مېھرىم ئانا يۇرتقا بولۇپ مىسالى يورۇقلاش.

* *

ئەي ۋەتەن، ئالدىڭدا قەرزىم ئەيلىيەلمەستىن ئادا،
ۋاقىت بىلەن مەن بەسلىشىپ ئۆزمەكتىمەن ئوكيان ئارا.
ئۆزىمەن شان قۇچقىچە كۆپ بولسىمۇ توسقۇن-خادا،
جۇرئىتىمگە تەڭ كېلەلمەس تاغ كەبى ئېغىر جاپا.

* *

ئەل-ۋەتەننىڭ تومۇرىغا تومۇرۇم تۇتاش ھامان،
يۈرىكىم ئەل ئىشقىدا كۆيگەن گويا ئوتقاش ھامان.
ئەل ئىشىنى كېچە-كۈندۈز قىلىمەن دائىم زىكىر،
ئەلگە خىزمەت ئىشلىگەندە يۇرت-خەلق قولداش ھامان.

* *

قارىغاي دېدى: تىيانشان بىلەن يېشىم ئوخشاش،
تاغ كۆركەمەن باھار، ياز ۋە قىشىم ئوخشاش.
سەنمۇ مەندەك قەددىڭنى تۈز، غورۇرلۇق بول،
بېشىڭ يەتسۇن پەلەكلەرگە بېشىم ئوخشاش.

* *

سوراپ قالدىڭ، تېگىم ئەسلى ئانا قەشقەر ئەزىزاندىن،
يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىم گۈزەل ئىلى قەدىردانىدىن.
بولۇپ كارۋان بېسىپ ئۆتتۈم ئۇزۇن مەنزىلنى ماچىندا،
ئانا يۇرت كۆكسىگە گۈللەر تاقاپ نۇسرەت، شەرەپشاندىن.

* *

سۆيۈنەر جېنىم مېنىڭ يۇرتنىڭ باھارى، يازىدىن،
تەنلىرىم يايراپ كېتەر مەجنۇن تېلىنىڭ نازىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىش جۇدۇنلۇق بولسىمۇ كۆڭلۈم باھاردۇر دائىما،
بەھرى ئالغاچقا ۋەتەنىنىڭ ياڭرىغان خۇش سازىدىن.

* *

ئېيتىمەن دەۋرىم ئۇلۇغدۇر، چىن ساداقەت ئالىمى،
ئەل ئۈچۈن قوينىنى ئاچقان ھۆر-سائادەت ئالىمى.
تىنچ-ئىناق قوينۇڭدا ئۆتسەم بوپ خالاس غەم-قايغۇدىن،
كەلمىسۇن ھەرگىز يېنىپ ئۆتمۈش-جاھالەت ئالىمى.

* *

يەتسە قۇربىم جاھانشۇمۇل ئىشلارنى مەن ئاسان ئەيلەي،
ئەل-يۇرت ئۈچۈن تىنچ-ئامانلىق يوللىرىنى راۋان ئەيلەي.
قىلىپ دەپنە بىئاراملىق، غەلۋە-يىغا قويۇنىنى،
ئەلنى ئاۋات، يۇرتنى خۇرام، چىن بەختىيار جاھان ئەيلەي.

* *

ۋەتەنىنىڭ ھەر يېرى مەن ئۈچۈن جەننەت،
قەدرىنى بىلىمەن ھەممىدىن ئەزىز.
ئالىمەن قوينىدا بەھۇزۇر لەززەت،
پەرزەنتلىك ئەقدەم ئاسماندىن ئېگىز.

* *

كىم ئۆزى دۇنيادا بەختلىك كىشى،
يادلىنار ئەل ئىچرە قىلغان ھەر ئىشى.
تەر تۆكسە تۆغۈلغان ئالتۇن تۇپراقتا،
قەبرىدىن ئېچىلار گۈللەر ياز-قىشى.

* *

ئەي ئوغلۇم مەن كەتسەم قالما ئۇنتۇپ،
مەن تەرگەن گۈللەرنى قويما قۇرۇتۇپ.
مەن ۋەتەن پەرزەنتى، مېنىڭ ئەقدەم
يولۇڭنى مەشئەلدەك تۇرسۇن يورۇتۇپ.

* *

كۆز يۇمسام ئاسمىنىم يېپىنچام بولۇر،
بۇ گۆھەر تۇپرىقىم نىسلىنچام بولۇر.
مانا شۇ ئەقىدە ماڭا ئۆلگۈچە
بىر ئۆمۈر تۈگىمەس مول ئىلھام بولۇر.

داۋۇت مەتنياز

# چۆللۈك تاۋۇز

(ھېكايە)

## 1

ملادى 1947-يىل، سېنتەبر.

بېشغا قىزىل مەخمەل دوپپا، ئاپئاق كۆڭلەك ئۈستىگە قارا يوللۇق پىنجەك كىيىۋالغان، قاڭشالىق، قاپقارا ساقاللىرى تەكشى قىرقىلغان، ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئادەم مايسىرەڭ تاۋار كۆرپىدە چازانى قورۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ تاغلىق يېزىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىمىن بەگ ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئاق-سېرىق چوكان ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ دۇتار چېلىۋاتاتتى.

سايرا دۇتارىم، سايرىغىن،
يارىم ئۇنۇڭنى ئاڭلىسۇن.
ئىشقى ئۇتىدا چاڭقىغان
دىللاردا ئارمان قالمىسۇن.

پەگادا زىلۋا بويلۇق تۆت قىز لەرزان تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناقتا ئىدى.

— ئەمەت! — ۋارقىرىدى بەگ يان ئىشىككە قاراپ.

— خوش، — ئالا گەدەن، دۇغلاق بىر كىشى چوغلانغان چىلىمنى كۆتۈرۈپ كىرىپ بەگكە تەزىم قىلدى.

— ئەكەل، — بەگ چىلىمنى ئىشارە قىلدى.

ئەمەت ئەرلەرگە يات بولغان غەيرىي قىلىق بىلەن ھېجايغىنىچە چىلىمنى قوش قوللاپ ئۇزاتتى. بەگ چىلىمغا يېپىشىۋېلىپ ئاچ قالغان موزايدەك شورىغىلى تۇردى. ھەر بىر شورىغاندا چىلىمدىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە كۆكۈچ يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى. توساتتىن ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ھەر بىر يۆتەل بىلەن تەڭ خۇددي چالا بۇغۇزلانغان قويدەك تىپچەكلەيت-تى. بويۇن تومۇرلىري كۆپۈپ، قىزارغان كۆزلىرى پولتىيىپ چىقتى. ئەمەت بەگنىڭ

www.uyghurkitap.com

قولىدىكى چىلىمنى ئاستا ئالدى-دە، ئۇنىسىز چىقىپ كەتتى.

ئاتمىش ياشتىن ھالقىغاندىمۇ ئىشرەت جاڭگىلىدا تىنەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزلىرى ئەمدى ئۇسسۇلچى قىزلارغا توغرىلاندى. ئۇ قىزلارنىڭ چوكانتالدەك ئەۋرىشىم بەللىرىگە، تايلاقنىڭ لوكسىدەك تەۋرىنىپ تۇرىدىغان ئەمچەكلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىماقتا ئىدى. ئەپسۇسكى تەقدىر ئۇنىڭ قىزلار بەزمىسىدىن ئۇزاقراق ھوزۇرلىنىشىغا پۇرسەت بەرمىدى. سىرتتا ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، مەتروزى دورغا كىرىپ كەلدى.

— بېگىم، بېگىم، چاتاق بولدى.

— نېمە چاتاق بولدى؟ — دېدى ئىمىن بەگ بەگ ئۆيدىكىلەرنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىۋېتىپ.

دۇتارچى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممىسى يان ئىشكتىن شىپىرلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— شەنجىڭپۇغا يېقىندىن ئامبال كەپتۇ، — دېدى مەتروزى دورغا دۇدۇقلاپ، — ئۇ ھەممە يۇرتنىڭ بەگلىرىنى ئالماشتۇرارمىش.

— ئۇنىڭ گېپى بارمىكەن؟ — دېدى ئىمىن بەگ ئورنىدىن ئازراق مىدىرلاپ قويۇپ، — گېپى بولسىلا ئەنسىرەش ھاجەتسىز.

— گېپى بارلىقىغۇ باركەن، لېكىن تاھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ.

— ھە، ھە... — ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى: — شەن دەرھال بىر يورغا ئات بىلەن ئىككى چۈلۈق تاۋۇز تەييارلىغىن.

— خوش بېگىم، — دورغا چىقىپ كەتتى.

ئىمىن بەگ يالغۇز قالغاندىن كېيىن ياستۇقتا جەينىكىنى تىرەپ قىيسايدى. ھەرقانچە سۈرلۈك بولسىمۇ ئۇنى يۇمشىتىدىغان نەرسە پۇل. پۇلغا ئېگىلمەيدىغان پادىشاھ نەدىكەن. ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

## 2

تۈۋرۈكتىكى چىراغپايدا جىنچىراغ يېنىپ تۇراتتى. ھەشەمەتلىك ئايۋاننىڭ سۆپىسىدا ئىمىن بەگ، مەتروزى دورغا ۋە يەنە بىرنەچچە سالاپەتلىك كىشى كېرىلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ھەر بىرلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ھازىر ئەھۋال سەل يامانلىشىپ قالدى — ئىمىن بەگ قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچنى ھەريان پۇلاڭلىتىپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى، — شەنجىڭپۇغا يېقىندىن ئامبال كەلدى. ئۇ قاپىقى يامان، مىجەزى چۇس ئادەم ئىكەن. مەنسەپكە ئولتۇرۇپلا ھەممە يۇرتلارغا ئالتۇن سېلىق قويدى. بىزگە كەلگىنىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا ھەر بىرلىرى ئۈچ يۈزدىن تىللا چىقىرىشقايلا، — ئىمىن بەگ ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى قارىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئەمسە ئىشنى باشتۇگمەن كەنتىدىن باشلايلى، قېنى سادىر ئاخۇن باي، ئۆزلىرى قاچان تاپشۇرالىكىن؟

ھەممەيلەننىڭ نەزەرى سەپكۈن يۈز، چاڭگا ساقال كەلگەن سادىر بايغا ئاغدۇرۇلدى.

— مەندە ئۈچ يۈز تىللا يوق، — دېدى سادىر باي تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، — يىغىپ-تۆشەپ كەلسەم ئەللىك-ئاتمىش تىللا چىقار.

— ھەرقايسىلىرى يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، بۇ ئىشتىن باش تارتىشىلا ياخشى ئاقىۋەت يوق، — دېدى ئىمىن بەگ بايلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىيمە سېلىپ.

— مەن باش تارتماقچى ئەمەس بېگىم، راستتىن قولۇمدا بار ئۇقەت شۇنچىلىك.

سادىر باي بەگنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشەلمىدى. بەلكى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىمىن بەگ پەيدا قىلغان دەھشەتلىك قىيامەتكە دۇچ كەلدى. بەگ قولىدىكى چىۋىن قورۇغۇچنى تامغا پاققىدە ئۇرغانىدى، يان ئۆيدىن يەڭلىرى شىمايلانغان دورغىلار ئارغامچا، كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار خۇددى ئوۋغا ئېتىلماقچى بولغان بۆركۈتتەك قەھرلىك كۆزلىرىنى سادىر بايغا تىكىپ، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ ئايۋاننىڭ سەھنىسىدە قاتار تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى بەكمۇ سۇرلۇك ئىدى. ئىمىن بەگنىڭمۇ، مەتروزى دورغىنىڭمۇ چىرايى سۇرلۇك ئىدى.

— باغلا! — بەگ چىۋىن قورۇغۇچنى يەرگە قاتتىق ئۇردى. كالتەكچىلەر سادىر باينىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلاشتى. ئايۋان ئىچى ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. سادىر باي «ۋايجان! مەن بېرەي. تولۇق تاپشۇراي!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇنى دەرھال ئامبال ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا سولىتىڭلار! — دېدى بەگ سادىر بايغا دىۋەيلەپ.

— بېگىم، تەخىر قىلسىلا، سادىر باينىڭ سېلىقنى تولۇق تاپشۇرۇشىغا بىز كېپىل بولايلى، ھەممىمىز ئەتە ئەتىگەندە تاپشۇرايلى، — ساقاللىق، ئېگىز بويلۇق كىشى ئارىغا چۈشتى.

— خەير، — دېدى ئىمىن بەگ ساقىلىنى تۇتاملاپ، — قاسىم ئاخۇن باي ئاتا يوللۇق ئادەم، لەۋزىنى يەردە قويساق قاملاشماس، بۇنى يېشىۋېتىڭلار.

كالتەكچىلەر پىشانىسىدىن تەر تەپچىرەۋاتقان سادىر باينىڭ قولىنى باغلاقتىن بوشاتتى.

## 3

ھەيۋەتلىك قارا دەرۋازا ئۈستىدە سۇر رەڭلىك چەمبەرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ياسالغان ئۇن ئىككى چىشلىق شۇئار بەلگىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، يامۇلنىڭ ئۆگزىسىدىمۇ ئۇن ئىككى چىشلىق شۇئار بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بايراق لەپىلدەيتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پاقالچىقىغا ئاق ماتا يۆگىۋالغان، سېرىق كىيىملىك ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر دىققەتتە تۇراتتى.

مەتروزى دورغا گۈللۈك خورجۇن ئارتىلغان ئاق ئاتنى يېتىلەپ دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە بىر كىشىنى ھەمراھ قىلىۋالغانىدى.

— توختا! نەگە بارىسەن، ئۆزۈڭ كىم؟

دەرۋازىغا يېقىنلاشقان دورغىنىڭ قەدىمى شىپپىدە توختاپ قالدى. ئاق ئاتمۇ ھەربىي بۇيرۇقنى چۈشەنگەندەك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قويدى.

— بىز تاغلىق يۇرتتىكى ئىمىن بەگنىڭ ئادەملىرى، ئامبال ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق. ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمىز بار.

— ئەمىسە بىردەم ساقلا، — ئەسكەرنىڭ بىرى يامۇلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەتروزى دورغا دەرۋازا ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالدى.

— كىرسەڭ بولىدىكەن، — دېدى ئامبالنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ چىققان ئەسكەر مەتروزى دورغىنى دەرۋازا ئىچىگە ئىشارە قىلىپ.

ئېگىز كەلگەن ئامبال پاكار، ساقال بۇرۇتى يوق ئادەم ئىدى.

— ھاڭگى دېگەن يۇرتنىڭ ئېگى جانابلىرىغا بىر يورغا ئات بىلەن ئىككى تاۋۇز سوۋغات قىلدى. بۇ ئەرزىمەس سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — مەتروزى دورغا ئامبالغا تەزىم قىلدى.

ئاق ماتادىن كۆڭلەك، ئىشتان كىيگەن چاكارلار ئامبالنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەتروزى دورغىنى قوبۇللىغانغا باشلىدى.

— سەن ئىمىن بەگنىڭ نېمىسى؟

بۇلۇڭدىكى ئەجدىھانىڭ ھەيكىلىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان دورغا چۆچۈپ كەتتى.

— ياردەمچىسى، ياق خىزمەتچىسى.

ئامبالنىڭ سوئاللىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىۋەردى.

— ئىمىن بەگ قانداقراق ئادەم؟

— قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، ئۆزلىرىگە چىن دىلىدىن سادىق ئادەم، تەقسىر.

— ئەل ئارىسىدا ماڭا قارىتا قانداقراق گەپ سۆزلەر بار؟

— ھە، ھە، ھەممە كىشى ئۆزلىرىنى «ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر ئامبالكەن» دېيىشىدۇ.

چاكارلار ئۈستەل راستلاپ ھېلىقى چۈلۈق تاۋۇزدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىردى. مەتروزى دورغىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق-قاتتىق سوقۇپ كەتتى. تاۋۇزغا يوغان قىڭراق ئۇرۇلۇشى بىلەن داستىخاندا يۈز بەرگەن ئاجايىپ مۆجىزىدىن ئامبالنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. شەربىتى تولۇق ئېقتۇشىتىلگەن شاپاقنىڭ ئىچىدىن ساپسېرىق تىللالار جىرىڭلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

## 4

كۆكۈچ كۆزلىرى سەل ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان قېرى رەمبال ئاپئاق جەيناماز ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دەستە كونا كىتاب بار ئىدى.

— سىز مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم

كېرەم ئاخۇن، — دېدى رەمبالغا روبىرو ئولتۇرغان ئىمىن بەگ مەيۈس ھالدا، ئامبالغا چاي بەرگىنىمىزگىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى. لېكىن، تېخىچە ھېچ بىشارەت بولمىدى. ۋاقىت ئۆزىرىغانسېرى ئۈمىد چىرىغىم خىرەلىشىپ، تەقدىرىمدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۈگۈن سىزنى چاقىرىشىمدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ.

— ئەندىشە قىلمىسىلا بېگىم، — دېدى رەمبال، — دانىيار ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن بىر پال ئېچىپ كۆرەي، ئىنشائاللا، ئىشلىرى ئوڭدىن چىققاي، — رەمبال سۆزلىگەچ قىبلىگە توغرىلاندى-دە، كىتابىنى ئوقۇشقا تەمشەلدى. شۇ پەيتتە بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈۋالغان مەتروزى دورغا ھۇجرىغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— بېگىم، بېگىم! ئامبالدىن يارلىق چۈشۈپتۇ.

— يارلىق؟ — بەگ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يارلىقنى قولىغا ئالدى. گەرچە ئۇ ساۋاتسىز بولسىمۇ، مۆھۈرلۈك قەغەزدىكى ئىرماش-چىرماش خەتلەرگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭغا قەغەزدىن ئامبالنىڭ ھىدى پۇراۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

— قېنى، نېمە دەپتۇ؟ — دېدى بەگ يارلىقنى رەمبالغا تەڭلەپ.

رەمبال يارلىقنى دانىمۇ دانە قىلىپ ئوقۇغلى تۇرغاندا بەگنىڭ چىرايىغا ئاستا-ئاستا كۈلكە يامرىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

---

(بېشى 106-بەتتە)

ئولتۇرۇشلىرىغا بويىنىنى قىسقىنىچە قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كۆز چاناقلىرى ئېچىشتى.

ئۇ پەردىنى قايرىپ سىرتقا قارىدى. شۇ تاپتا ناھايىتى يىراق ئۇپۇقتىن تونۇگۇنكىدىنمۇ بەكرەك نۇرلىنىپ چىقىۋاتقان قۇياش ئاجايىپ بىر سۈزۈك ئەتىگەننى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ساڭا راستلا سوۋغات تەييارلاپ قويدۇق، — نادىيە ئۆزىنىمۇ بىلمەي ئاۋازىنى چىقىرىپ شۇنداق دېگىنىچە ئوتتۇرىدا ئۇماق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ ئوڭ مەڭزىگە يۇمشاققىنا سۆيدى. بۇ چاغدا قىزىنىڭ سول تەرىپىدىنمۇ ئاستا سۆيگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## قىلار پاكلىق تەبەسسۇم

بۇ يەردە
باھاردىكى تۇنجى چېچەكتەك
پاكلىق قىلار ھامان تەبەسسۇم.
غۇنچىلىغان ئەقىدىلەرنى
يۇتالمايدۇ ئاتەش ئەمگەن قۇم.

بۇ يەردە
قاشتېشىدەك تۇرىدۇ چاقناپ
يۈرەكلەردە ئۆچمەس ئېتىقاد.
تورغايلارغا قورۇلسا قاپقان،
ئارسلانلار قىلىدۇ بەربات.

بۇ يەردە
ئەرش تامان ئۇچىدۇ پات-پات،
ياش تامچىتىپ خامان ناخشىسى
غۇژمەك-غۇژمەك يۇلتۇزلار تويى
پەرىشتىنىڭ تىزىغا قونۇپ
چۆچەك ئاڭلار ئايدىڭ كېچىسى.

بۇ يەردە
«ئانار گۈل» نى ئېيتىپ ئوتۇنچى
مەرۋايىتقا تولغان جاڭگالدىن
باشلاپ كېلەر ئۆي-ئۆيگە سەھەر.
تۇغار كۆڭلىدە نۇرلۇق بىر قۇياش
چىرايلاردىن تەپچىرىگەن تەر.

مۇنەۋۋەر قۇربان

## خىزمەت مېلودىيىسى

قۇياشنى چىشلەپ كەلگەن سەھەردەك،
خىزمەتنى باشلاپ ئويغىنار دۇنيا.
كۆگۈمنىڭ ھارۋىسى سۆرەپ كەلگەن ئاي
ئەتىكى تەشۋىشتە باش قويار بۇندا.

يىللارنىڭ سوۋغىسى يەڭگىل كۆي ئەسلى،
ئۇزاقتىن-ئۇزاقتا شوخ مېلودىيە.
قەدىمىدىن ھازىرغا تۈگىمەس ناخشا،
بىر خىللا تۇرمۇشتەك تۇرغۇن ئابىدە.

ماشىنا، ۋېلسىپىت چاپىدۇ تىنماي،
مانا بۇ يادلانغان خىزمەت خاتىرىسى.
نەجىردە، تۈھپىدە كۆلگەن زىناقلار
ھاياتنىڭ شادلىقى، قىممەت قارىشى.

بوۋاي بوپ، موماي بوپ قايتىدۇ ئىشتىن،
تىنىمسىز شۇئىرلاپ قوغلايدۇ ئەجەل.

ئۇ ئۆزى مەڭگۈلۈك سىمفونىيىدەك
كېلەر ئۆز پەيتىدە، بەزى بىمەھەل.

ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان بىنا،
ھاسىراپ-ھۆمىدەپ چىقار ئۇھ-ۋايجان.
ۋاقىتنى يىقىتىپ قويار بەزىدە،
بويالغان قەغەزلەر كۆزىدە ئارمان.

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

# ۋىسال ئارزۇلىرى

## ھايات يولى

كەلدىم دەيسەن تۆرىلىپ ئارىمىزغا تونۇگۈن،
ھاياتىڭدىن زارلىنىپ ياش تۆكسەن نە سەۋەب.
ماڭالمساڭ بۇ يولدا، باشقىلارغا ئۆتۈنگىن،
ھايات سېنى كۈتۈرمەس ئۆز ئاناڭدەك پەپلەپ.

تۇغۇلماقمۇ تەس لېكىن، ياشىماق ئۇندىن قىيىن
ئېتەكلىرى شۇنچە كەڭ زىددىيەتلىك ئالەمدە.
ياشالمساڭ ئادەمدەك، ئۇنداق ياشاش بىر تىيىن،
ئاينى يۇلۇپ ئالىدۇ بولسا غەيرەت ئادەمدە.

نەقەدەر شۇنداق كېلىدۇ، گاھى ئۆكلۈق، گاھى كاج،
بوي سۇنامسەن، سۇنامسەن بەلگىلەيدۇ ئىرادەڭ.
ياشاي دېسەڭ بىز بىلەن مېھنىتىڭدىن چېچەك ئاچ،
ئۆزىرايدۇ نۇرلىنىپ ھاياتىڭكى مۇساپەڭ.

## نە كېرەك

سۆيگۈ-مېھرىڭ بولمىسا گۈلدەك چىرايىڭ نە كېرەك،
تەڭشىمەي ئۆز-تەمىنى ئەتكەن غىزايىڭ نە كېرەك.
تۈننى يورۇتقان تولۇن ئاي تۇرسا ئاسماندا كۈلۈپ،
ئاخشىمى ھويلاڭغا ياققان جىن چىراغىڭ نە كېرەك.

بولمىسام كەينىمدە تىللاپ، يار چېغىمدا نازلىنىپ،
ھە دېسە ماختاپ مېنى بەرگەن باھايىڭ نە كېرەك.
مەن سېنى سۆيدۇم دېسەم، سەن باشقىغا بەردىڭ كۆڭۈل،
ئەمدى داد-پەرياد چېكىپ، تارتقان جاپايىڭ نە كېرەك.
مېنى سۆيگەن يار ئىبلەن ئۆتسەم بەختلىك كەپىدە،
مەن ئۈچۈن ئالەمچە كەڭ ئايۋان-سارايىڭ نە كېرەك.

## ۋىسال ئارزۇسى

گۈل يۇرايمەن، ئەنبەر يۇرايمەن،
سېنىڭ ئوتلۇق تىننىقلىرىڭدىن.
پاك مۇھەببەت-سۆيگۈ سورايمەن،
ناز-كەرەشمە خۇلقلىرىڭدىن.

ۋىسالىڭغا يەتكۈزگىن مېنى،
زىننىقىڭغا مەي قۇيۇپ ئىچەي.
چىن يۈرەكتىن سۆيىمەككە سېنى،
بىر جان ئەمەس مىڭ جاندىن كېچەي.

سۆزلىرىمگە ئىشەنگىن-ئىشەن،
ھەقىقەتكە ئىشەنگىنىڭدەك.
بۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگىن-چۈشەن،
ئۆز ئاناڭنى چۈشەنگىنىڭدەك.

ئەسقەر ياسىن

## ھايات نۇرى

### ناتونۇش گۆدەك

بىردىنلا بوشلۇقتا كۆز چېقىپ چاقماق،
ياندى-دە، ئارقىدىن ئۆچتى پەرىشان.
تۇرماقتا ھەيۋەتلىك خىيالغا پېتىپ،
ئۆتكۈنچى سۈكۈتكە مۆكۈنگەن دەۋران.

بولامسەن بىر يىنىپ، بىر ئۆچكەن چاقماق،
بولامسەن ھەسرەتتە تۇزىغان بولۇت؟

ئۆچرىتىپ مەن سېنى بۇ يەردە ئاتا،
بىرەي دەپ ئۇيلىدىم ساڭا مۇھەببەت.
شۇ سەۋەب يوقالسا دەيمەن ئۇن-تىنىسىز
دىلىڭنىڭ يارىسى، قايغۇسى پەقەت.

تىكىلىپ تۇرىمەن كۆككە، بولۇتلار
مەقسەتسىز، نىشانسىز كېتەر تورزۇشۇپ.
يېنىمغا كېلىدۇ بىر كىچىك بالا،
تەسەللى بېرىدۇ قولۇمنى تۇتۇپ:

— ئىھ، ئاق كۆڭۈل قەدىردان ئاتا،
قاچان بۇ دۇنياغا بولدۇڭ تەۋەللۇت؟

ئىھتىمال ئەتە بىز بۇ يەرگە كېلىپ
تۇرماسمىز بولۇتقا جىمجىت كۆز تىكىپ.
تۇرماسمىز كىشلەر توپى ئىچىدە
نىشانسىز، مەقسەتسىز ھەريان ئىنتىلىپ.

ئېھ، بالام، ئېيتقىنا قاياقتىن كەلدىڭ
كىم ئۆزۈك ۋە كىمنىڭ مىسكىن بالىسى؟
بىلمەستىن دۇنيانىڭ تىلسىم-سىرىنى،
ساقايماس مەڭگۈگە دىلىنىڭ يارىسى.

**ھايات نۇرى شۇ بولسا ئەگەر**

تەن ۋە لەۋنىڭ لىرىك ئېقىنى
ئېقىپ كىرەر سۈزۈك كېچىگە.
ھايات نۇرى شۇ بولسا ئەگەر
كىرىپ كېتەي شۇنىڭ ئىچىگە.

تەن ۋە لەۋنىڭ لىرىك ئېقىنى
ساداسىنى تارقىتار ھەر يان.
ھايات نۇرى شۇ بولسا ئەگەر،
سەپەر قىلاي كەڭلىكلەر تامان.

تەن ۋە لەۋنىڭ لىرىك ئېقىنى
غايىب بولار سۈزۈك كېچىدە.
ھايات نۇرى شۇ بولسا ئەگەر
ئۆلۈپ كېتەي شۇنىڭ ئىچىدە.

**مۇرات ناسىر**

## كۈتۈش

چەكسىز سۆيگۈ مەنزىللىرىدە،
بىر سېنىلا ئىزدەيدۇ كۆڭۈل.
سەن قەلبىمدە (كۆڭۈل قەسرىمدە)،
ئۈمىد بېرىپ ئېچىلغان بىر گۈل.
مەن ئىشقىڭدا ئۇزۇن تۈنلەردە
ئاشىق بولۇپ سايرىغان بۇلبۇل.

ئارمانلىرىم بەرمەيدۇ تۈنۈق،
قارىچۇقۇمدا تەۋرەيدۇ ئالەم.
ھېسلىرىمدا قىزارغان ئۇپۇق
نۇر قوينىغا باشلايدۇ ھەردەم.
كۆڭلۈم نۇرلۇق ئاسماندەك ئوچۇق،
ئۇپۇق تامان ئۆرلەشتۇر غايەم.

قەلبىمدە بار ساڭا، بىر ساڭا
كېچە-كۈندۈز ئوتلۇق تەلپۈنۈش.
ئۆتسە ئەسىر كۈتۈشلەر ئارا،
ھېس قىلمايمەن ئەسلا ئۆكۈنۈش.
تاۋلايدىكەن ھىجران ئادەمنى،
شادلىق ماڭا سېغىنىش، كۈتۈش...

**ھاۋاخان ئەخمەت**

## تويۇڭ بولغان كۈن

### باغاق

باغاق بېرىپ يۈرمە سەن ماڭا،
تارقىلارمەن باغاق بولۇپ مەن.
ياش تۆكۈپمۇ كۈلەرمەن يەنە،
بەختىڭ ئۈچۈن تۇۋلانسا ئۆلەن.

مېھمان بولۇپ بارالماسمەن ئاھ،
كۈتەلمەسمەن مېھمىنىڭنى ھەم.
قويۇلارمەن جامىڭغا پەقەت،
كەيىپ قىلسا سېنى دەرد-ئەلەم.

لەيلەپ قالار چەكسىز ئېغىر مۇڭ،
تونۇش يولدا ئۆتسەڭ قىز يۈتكەپ.
تونۇمايمۇ قالارمەن بەلكىم
كۆز يېشىمدا كەتسەڭ چېچەكلەپ.

دالدىلارغا مۆكەرمەن جىمجىت،
قۇلىقىمنى ئېتىۋېلىپ چىڭ.
ئارمىنىم يوق ئىدى شۇ كېچە
كىرىۋالسام چۈشۈڭگە سېنىڭ.

بولسام ئۇنىڭ، بولسام بىر قولى،
ئىشتا جاپا چەكمىسە دەيمەن.
خىيالىمدا ياشنار ئۇ ھامان،
ئۇنتالمىدىم ھەم ئۇنتالمايمەن.

بىر يەرلىرىڭ ئوخشايدۇ ئاكا،
بىر يەرلىرىڭ يەنە ناتونۇش.
تۇرساڭمۇ سەن يېنىمدا لېكىن
قالار دىلىڭ بىر يەرلىرى بوش.

## قانداق قىلاي؟

مۇھەببىتىم بولۇپ قالدىڭ سەن،
لېكىن سېنى سۆيەلمىدىم مەن.
كەچۈر، تۇنجى مېنىڭ سۆيگۈنۈم
ئورنىۋاپتۇ چۈشۈمگە لىۋەن.

ئاھ، سەندىنمۇ ئايرىلالمايمەن،
بۇ دۇنيادا ئەڭ يېقىنىم سەن.
كۆكسۈڭگە باش قويدۇم ئىسەدەپ،
كەچۈر، سېنى سۆيەلمىدىم مەن.

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

# رەيھان

ئۆزۈڭ سازەندىمۇ، چەكتىڭ يۈرەكنىڭ تارىنى، رەيھان،
بۇلاپ كەتتىڭ ئەجەب غەمسىز كۆڭۈمنىڭ بارىنى، رەيھان.
جۇدالىق ئەۋجىگە چىقتى، بۇقۇلداپ يىغلىدىم كۈن-كۈن،
ئۆيۈم ئەسلەتتى ھەر ئەسنا شەيخلەر غارىنى، رەيھان.
چىقىپ تۈن نىسبىدە كۆككە پەلەكنى مىڭ كېزىپ چىقتىم،
تەبەسسۇم قىلدى يۇلتۇزلار، تېپىڭ دەپ چارىنى، رەيھان.
ۋىسالىڭ كۆرمىكىم نېسىپ بولۇرمۇ قىسقا ئۆمرۈمدە؟،
شۇ تاپتا باستى جىمجىتلىق، بىلەمسەن ئارىنى، رەيھان؟
ئەقلىنىڭ قۇشلىرى ئۇچتى، ئۇمىدنىڭ كۆزىدە شادلىق،
تاپارمەن سېنى — ۋەسلىڭنى، كېزىپ يەر شارىنى، رەيھان.

ئامانگۇل ئېلى

# ئىككىنچى باھار مۇقەددىمىسى

## قۇم ۋە دېڭىز

شەرقتىكى گۈزەل دېڭىزدا
باردۇر ئارال، قېيىق ھەم يەلكەن.
ساھىلدا سۆيۈملۈك قۇياش
جىمىرلايدۇ گۈزەل ئەتىگەن.

شۇ دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىدە
باقسام دەيمەن روھىمنى يۇيۇپ.
بۇ ناتونۇش دۇنيا ھەققىدە
ئالسام يەنە قايتا ئويلىنىپ.

ئولتۇرسام مەن ئارالدا تەنھا،
سۆزۈك سۇغا پۇتۇمنى چىلاپ؛
تېڭىرقىغان گۈزەل ئارمانلار
قۇياش بىلەن چىقسا يېلىنجاپ.

بىراق،
مەن دېڭىزدىن يىراق بىر جايدا،
كۆكۈچ قۇملۇق، يېشىل ئېتىزدا.
قېيىق، ئارال، يەلكەنلەرمۇ يوق،
ئەمما بۇ يەر ئوخشار دېڭىزغا.

ئۇخلاۋاتقان زۇمرەت دېڭىزدەك
كۆرۈنىدۇ قۇملۇق، ئانا يۇرت.
تومۇرىدا دېڭىز دولقۇنى،
ۋۇجۇدىدا قۇياش كەبى ئوت.

## ئىككىنچى باھار مۇقەددىمىسى

شىرىق-شىرىق چۈشەر يوپۇرماق،
شاخلار ئارا ئۇھسىنىپ مەيۈس.
بىر توپ دەرەخ ئاقۋەت شۇنداق،
يالىڭاچلىنىپ كېتەر تەلتۆكۈس.

يوپۇرماقلار سىڭەر تۇپىغا،
دەسسەپ ئۆتەر غەمسىز ئاياغلار.
تەبەسسۇمدە كۆكلەيدۇ يەنە،
ئىككىنچى رەت كەلگەندە باھار.

## چۈشتىكى ئاتەش

ئاگىلناتتى يىراقتىن نەپىس روھنىڭ تىۋىشى
رۇجەكلەردىن خىيالچان باقار ئىدى بىر پەرى.
ئەركە شامال تولغىنىپ چىمىلدىقنى قايرىدى
ماھۇق تۆشەك ئۈستىدە چۈش كۆرىدۇ ئاي نۇرى

قىياقلارنى ئەسلىتەر ئەگىم-ئەگىم قاشلىرى،
كىرپىكلىرى جۇپلەشكەن، قاشتېشىدەك بەدىنى.
ئانار كەبى مەڭزىدە جىلۋە قىلار تەبەسسۇم،
ئارمانلارنى پىچىرلاپ ناز ئۇيقۇدا جۇپ لېۋى.

سىرلىق تۈننىڭ كەيپىدە ھىم ئېتىلگەن دېرىزە،
سىم-سىم يامغۇر پىچىرلاپ يۈرەر ئىدى ئۆگزىدە.
شەپەقسىمان ھۇجرىدا چۈش كۆرىدۇ شۇ پەرى،
بەخت قۇچقان تەبەسسۇم ھىلال ئاينىڭ مەڭزىدە.

### كۈتۈش

ئېھ، نەدىسەن باھار قۇشلىرى،
ئىزلەپ سېنى تۇمانلار ئارا،
تاپالمىدىم ئۇماق روھىڭنى،
گۈگۈمدىكى شەپەق باغرىدا.

قايتتىم ئاستا پىچىرلاپ قويۇپ،
كۆز پەسلىدە سولغان ياپراقتا.
قانچىلىغان پەسىللەر ئۆتتى،
سەن كەلمىدىڭ ئەمما بۇياقتا.

مەن بىر بالا ساڭىلا ئوخشاش،
قانىتىم يوق، ئەمما كۆڭلۈم توق.
گاھ ئايلانسام سىم-سىم يامغۇرغا،
پەيلە يدۇ گاھىدا ئۇيۇق.

دەقىقىلەر ساناپ ئادەملەر
كۈتەر سېنى سۆيۈملۈك قۇشلار.
نېسىپ بولسا دەيمەن ماڭمۇ
ساڭا ئوخشاش كۆكتە ئۇچۇشلار.

ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

## سەككىزىنچى قىتئە

### غالىب چۈش

سۇبھىلەرنىڭ ئىللىق قوينىدا
مەن ئەندىكىپ كەتمەي ئويغىنىپ.
كۆز يېشىڭنى تۆكمىگىن، ئانا،
گەر جۆيلىسەم قىلدەك تولغىنىپ.

مەن چۈشۈمدىن تاپارمەن بەخت،
ياتالمايمەن دەرمەن ئاھ، ئىست.
كۈلۈمسىرەپ قالسام چۈشەكەپ،
سۆيۈپ قويغىن ئانا يۈز يېقىپ.

چۈشەنمەيدۇ مېنى دىلبىرىم،
غايىبانە يۇرسەممۇ كۆيۈپ.
كېلەرمىكىن ياكى بىر كۈنى
مەن كۆيگەندەك، ئۇ مېنى سۆيۈپ؟

### سەككىزىنچى قىتئە

ئۇ يەردە يوق بىرەرمۇ ئۇۋا،
ھەم بىرەر قۇش، بىرەر تال قانات.
ئۇ يەردە يوق قىلچە مۇھەببەت،
ھەم نۇر ئېمىپ ياشنىغان ھايات.

ئۇ يەردە يوق قويۇق جىگدىلىك،
چېچەكلەردىن رەڭلەنگەن ئورمان.
ئۇ يەردە يوق بىرەر چېغىر يول،
ھەم يولىدىن ئاداشقان كارۋان.

ئۇ يەردە يوق بىرەرمۇ كۈلبە،
ھەم ئېچىلغان بىرەر دېرىزە.
ئۇ يەردە يوق بىرەرمۇ يۇلتۇز،
ھەم سۇرلۇكلۇك تارقاتقان خىرە.

ئۇ يەردە بار پەقەت بىر شېئىر،
بىر قىتئەنى ساقلىغان شائىر.

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

## ئوغلۇمغا

يىغلىماي تۇر ئورنۇڭدىن ئۇماق ئوغلۇم،
يىقىلسام ئاتام ئەجەب باقمىدى، دەپ.
ئەجەبا ماڭا مېھرى شۇنچىلىكمۇ؟
ئۇستۇمدىن توپا-چاڭنى قاقمىدى، دەپ.

يىغلىماي تۇر ئورنۇڭدىن ئۇماق ئوغلۇم،
«تۇرۇش» نى ئۆگىنىدۇ «يىقىلىش» لار.

«يىقىلىش» — «تۇرۇش» بىلەن مەۋجۇت ھايات،
«ئېھتىيات» ئۆگىتىدۇ «چېقىلىش» لار...

شۇ سەۋەب يىقىلساڭمۇ يۆلىمىدىم،
(سېنىڭچە قەرزىمنى ھېچ تۆلىمىدىم).
بىلسەڭ ئۇ ساڭا چەكسىز مۇھەببەتتۇر،
ھورۇنلۇق بۆشۈكىگە بۆلىمىدىم.

دىلشات قېيۇم

## قېنى؟

كىم تەسەۋۋۇر ئەيلىگەن سۆيگۈ-ۋاپانىڭ نەرخىنى،
يارغا قويدۇم مەن سوئال توغرا جاۋابنى بەر، قېنى.
يۈرگۈدەكمىش ئاڭلىسام ھەتتاكى تەگرى ئاھ ئۇرۇپ،
كۆرمىگەچكە سۆيگۈنىڭ گۈلدەك جۇلاسى-بەرقىنى.
سۆيگۈ بولغاچ بۇ ھايات خۇددى سۆيۈملۈك سەيلىگاھ،
كىم ئۆلۈمنى سېغىنىپ كەتتىم بېھىشكە دەر قېنى؟
تەقدىرگە يۈكلەپ ھەممىنى يۈرمەككە كۆنگەنلىك ئازاب،
سايەڭمۇ كۆلگەي بىلمىسەڭ گۈل ۋە تىكەننىڭ پەرقىنى.
مەيلى ۋاقىتلىق بىلمىسەڭ سۆيگۈمنى (تاقەت مەندە بار)
دەرسەن ھامان بىر كۈن ۋاپا-خىسلەتكە باي دىلبەر قېنى؟

شەۋكەت ئىبراھىم

## يامغۇرلۇق دالا

ئاقۇچ تۇمان ئىسكەنجىسىدە
چەكسىز دالا — مۇڭلۇق مۇزىكا.
تىنماس ئەمەس ئەسلى بۇ ھايات
ھەر قەدەمدە تۇرغان لىرىكا.

سىمىلدايدۇ يامغۇر بىتىنىم
دېرىزەمگە ئاستا ئۇرۇلۇپ.
ھېسلىرىمنى ئېپ كەتتى بۇ دەم
چەكسىز دالا قۇشتەك ئۇچۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

سىملدايدۇ يامغۇر بىتىنىم،
مايسىلارغا تاقاپ بېزەكلىك.

يېشىل هايات، يېشىل مەنزىرە
بېرەر دىلغا چەكسىز گۈزەللىك...

مۇھەممەت مەتپىلى

## ئىككى قىتئە

1

ئايالغا بويتىكەن سۇمبۇل چاچ نېسىپ،
«ئەقىلسىز» تامغىسىن كىم قويغان بېسىپ؟
بۇمۇ بىر «مۆجىزە» بىر ئۇيغۇر قىزى
ئەقلىنى ئۇزارتسا چېچىنى كېسىپ.

2

مەي تولغان جام گويا ياقۇت كۆز ئۈزۈك،
ياكى بىر جانان ئۇ، لەۋلىرى سۈزۈك.
بىلمىسە ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىشنى،
قەدەھنىڭ لېۋىدىن سۆيمىگەن تۈزۈك.

ئاينۇر نىياز

## دەرەخ ۋە ياپراق

سەن دەرەخسەن، مەن بولسام ياپراق،
ئۇخلىۋالسام شېخىڭدا دىلبەر.
يىقىلمىغاي مۇھەببىتىمىز
جۇت باسسىمۇ ئالەمنى ئەگەر.

سەنمۇ مەندەك ئويلامسەن، كۆرسەڭ
ياپراقلارنى دەرەخ شېخىدا.
چۇشۇپ كەتسەم ياپراق بوپ يەرگە،
ساقلاپ قويغىن يۈرەك قېتىدا....

كۈرەشجان ھۆسەيىن

## رۇبائىيلار

ئەسلى كور قۇياشنى كۆرەلمىگەنلەر،
كۆرسىمۇ قۇياشكەن دېيەلمىگەنلەر.
قۇياشنىڭ باردا ئىسسىنىپ يايراپ،
يوقىدا تۈگۈنۈپ سۆيەلمىگەنلەر.

* *

يىلاننى بىلەمسەن، ئاچماق تىلى،
ئەۋرىشىم، سۆڭەكسىز، يۇمشاقتۇر بېلى.
بېلىنى ئېگىپ ئۇ چىقارسا قوش تىل،
سۆيىدۇ دېمىگىن، پىنھاندۇر دىلى.

* *

بىخۇدسەن كۆرۈنەر پەرىشتە شەيتان،
ئازسەن شۇ ئۈچۈن بىچارە ئىنسان.
تويغۇلۇق سەندىكى قاناتتۇر قانات،
ساڭا ئارام يەرگەن شەيتانلار قاچان؟

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

ئەھمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى

# تارىخىي رومانچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى

پروزىچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئاجىز ھالقا. رومانچىلىق تېخىمۇ شۇنداق. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئازادلىق ھارپىسىدا ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زۇنۇن قادىرى قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھېكايىلىرىنى ۋەكىل قىلغان ھالدا دۇنياغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ھېكايە، پوۋېستلار مەيدانغا كەلدى. 80-يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. پېشقەدەم ۋە ياش يازغۇچىلىرىمىز نۇرغۇنلىغان ئېسىل ھېكايە، پوۋېستلارنى يېزىپلا قالماستىن، يەنە رومان ئىجادىيىتىگىمۇ يۈرۈش قىلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە رومانلار كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تارىخىي تېمىدا يېزىلغان بۇ رومانلار 1912-يىلى ۋە 1931-يىلى قوزغالغان ئىككى قېتىملىق قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى تېما قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىدا بىر يېڭى بەت ئاچتى. مەن بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى «ئويغانغان زېمىن» رومانى ئۈستىدە توختىلىمەن.

### 1

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا 1931-يىل ئاپرېلدا قوزغىلىپ 1940-يىلغىچە داۋاملاشقان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى 2-قېتىملىق قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى يازغان. مۇشۇنداق زور تارىخىي ۋەقەنى چىن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، يازغۇچى مول تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي بىلىمگە، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ تېما ئۈستىدە ئۇزاق

يىل جاپالىق ئىزدەندى. ئۇ قۇمۇلنىڭ تاغلىرىغا بېرىپ، ئىنقىلاب بۆشۈكىنى، قانلىق جەڭ بولغان جايلارنى كەزدى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ھايات ياشاۋاتقان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. نۇرغۇن تارىخىي ئىزلارنى ئىزدىدى. شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ۋە سىياسەتلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

بۇ ئەسەردىكى ئاساسلىق ئىجابىي-سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ ۋەقەلەرگە قاتناشقان ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر. ئاپتور قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىنى، خەلق قەھرىمانلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇۋەتمىدى. ئەكسىچە تېچلەر ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئەيش-ئىشرەت ۋە پارىخورلۇقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، يارىماس، دۆت ئادەملەر قىلىپ تەسۋىرلىمىدى. بەلكى تارىخىي چىنلىقتا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ قارا نىيەت، قۇۋ-ھارامزادىلىكلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇلارنى شۇ تارىخىي دەۋردىكى ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. مەسىلەن، «بالا سەركەردە»، «يولدا قوشۇلغان ھەمراھ»، «كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت»، «پاجىئە مۇشۇ يەردىن باشلاندى»، «(بالا سەركەردە) تورپاندا»، «ئەجەل كۆلەڭگىسى» قاتارلىق بابلاردا زېرەك، باتۇر، قۇۋ، يۈزسىز، قارا كۆڭۈل، قارا نىيەتچى ماجۇڭيىڭ ئوبرازى يورۇتۇپ بېرىلگەن. «ئىبلىس ھەرىكەتتە»، «جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنى»، «باش ئەگمەس تاغلار» قاتارلىق بابلاردا بولسا، شىڭ شىسەي رەزىل، قۇۋ، جاللات قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق قىلىش، بىر تەرەپتىن، تارىختا ئۇيغۇن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى بېرىشتا پايدىلىق. خوجىنىياز ھاجى ۋە باشقا ئىنقىلاب يېتەكچىلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلماي، ھېسلىگەر، ۋەھشىي دۈشمەن بىلەن كەسكىن، جاپالىق ئېلىشىش داۋامىدا تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن، ئارتۇقچىلىقىمۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بولغان رېئال ئادەملەر سۈپىتىدە سۈرەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتور ئۇلارنىڭ ساددىلىقى، نادانلىقى، سىياسىي نەزىرىنىڭ تارلىقى قاتارلىق نۇقسانلىرىنىمۇ تەڭلا ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى قانداقتۇر خەلقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان غايىۋى شەخسلەر بولماستىن، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلاردىمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش نورمال مۇھەببەت-نەپرەت، خۇسۇسىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بولىدۇ. ئۇلارمۇ شادلىنىدۇ، ھەسرەتلىنىدۇ، غەم قىلىدۇ. قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان يەيدۇ. ئۇلار كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى، مۇھەببىتىنى، شۇنداقلا ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ ۋە بەزى ئىشلىرى كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، رومانىنىڭ ئىككىنچى كىتابىنىڭ ئۈچىنچى بابىدا قارا شەھەردىن كەلگەن روزى كارۋان خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى پەرق ئېتەلمەي قېلىپ: «غوجام، ماڭا ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق، مېنى رازى بولسۇن دېسلە، غازى خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىزنىڭ يۈزىنى، كۆرۈۋالسام

بولدى » دەيدۇ. رومانىنىڭ 1 - كىتاب 6 - بابى ۋە 10 - بابىدىكى قاسىم پالۋاننىڭ شىگىشىگىشىدىن كەلگەن ئوق-دورا ھارۋىلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، كۆتۈلمىگەندە، يوشۇرۇن ئېتىلغان ئوق بىلەن قۇربان بولۇشى، ماجۇگېيڭ بىلەن ئۈنتىپاق تۈزۈش ئەھۋالى، قوزغىلاڭنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدە يولۋاسنىڭ يۈز ئۆرۈپ، يوشۇرۇن قەست قىلىشى؛ ماجۇگېيڭ بىلەن شىڭ شىسەيىنىڭ زىنچۇەندىكى ئۇرۇشى؛ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يولغا چىقىپ، توقسۇندا تۇرغىنىدا ماجۇگېيڭنىڭ شۇملۇق ئىشلىتىپ، خوجىنىياز بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى چىن ۋەقەلەردۇر.

## 2

تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىقلاش، ئۇنىڭدىن ماھىيەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش تارىخىي روماننىڭ يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. لېكىن يالغۇز مۇشۇلا كۇپايە قىلمايدۇ، تارىخىي رومان تارىخ ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر. تارىختىكى ۋەقەلەر ۋە ئادەملەر رومانىنى بىر ئىسكىلىت بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ، ئەمما ئەسەرنى ھەقىقىي قان، گۆشى بار، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھېكايە سيۇژېتىگە، جانلىق، يېتۈك بەدىئىي ئوبرازغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بەدىئىي توقۇلما بولۇش كېرەك. بەدىئىي توقۇلما بولمىسا، تارىخىي رومانمۇ بولمايدۇ. تارىخىي رومان تارىخ ئىلمى بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. تارىخىي تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي توقۇلما ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن تارىخىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر قايتا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ روماندا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەقەنى بارلىق بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ناھايىتى ياخشى توقۇلما قىلىپ، ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە كۈرەش كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ بەرگەن. تارىخ كىتابلىرىدا پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىلا كۆرەلەيمىز، ۋەقە بايانلىرىنىلا ئاڭلىيالايمىز. ئەمما تارىخىي روماندا، جۈملىدىن « ئويغانغان زېمىن » روماندا پېرسوناژلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تىرىك ئادەم قىياپىتىدە نامايەن بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى تاغ- يېزىلىرىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرىلا ئەمەس، مىجەز- خۇلقى، ئوي- پىكرى، يۈرۈش- تۇرۇشلىرىمۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. روماندا ئاپتور، بىرىنچىدىن، تارىختىكى چىن ئادەم، چىن ئىشلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، رومان سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، تارىخىي دېتاللارنى مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىنچاقلاپ، تاۋلاپ ۋە مۇبالىغە قىلىپ، تارىخنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى تېخىمۇ جانلىق،

www.uyghurkitap.com

تېخمۇ روشەن هالدا قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، «قان بىلەن تۆلگەن ئەلچىلىك» دېگەن بابتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەلچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلەشكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ بابتىكى ۋەقەلەر، سۆھبەتلەر ئارقىلىق خوجنىياز هاجى قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، قەيسەر كۈرەش ئىرادىسى، دۈشمەننىڭ ئالدامچىلىقى، رەزىللىكى، سۇيىقەستى ۋە ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «قاپلان ئۆز ماكانىنى تاپتى» دېگەن بابتا ليۇشىجاڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇشاۋۇرى ياڭ سەنمۇ ئوتتۇرىسىدىكى خوجنىياز هاجىنى قانداق يوقىتىش توغرىسىدىكى سۆھبەت، خوجنىيازنىڭ پۇرسەت تېپىپ تاغقا چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشى، ليۇشىجاڭنىڭ غەزەپتە مۇشاۋۇرىنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىشى ئىپادە قىلىنغان. شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بابلاردىمۇ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر بەدىئىي توقۇلما قىلىنىپ، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1-كىتابنىڭ 18-بابىدىكى ئەنسارى بىلەن ئۇچرىشىش، سۆھبەتلەر، 2-كىتابنىڭ «تۇمانلىق قىسمەت» دېگەن بابىدىكى ۋەقەلەر بايانى ۋە ئەنسارىنىڭ توقسۇندا هاجى بىلەن خوشلىشىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئۇنىماي قۇمۇلغا قايتقانلىقىدەك ۋەقەلەر يازغۇچىنىڭ ناھايىتى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق بىزگە كېيىنكى ئېھتىماللىقلاردىن بىشارەت بېرىپ، خەلقنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە رومان سيۇژىتىنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتكەن.

تارىخىي روماندا چوقۇم زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، تارىخىي ماھىيەتكە سادىق بولۇش زۆرۈر، لېكىن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتسىز ئورۇن، ۋاقىت قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ۋەقەنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى پاكىتلىق هالدا مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، 1-كىتابنىڭ 1-بابىدىكى ئۈرۈمچى خاڭچىڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئۇچرىشىش، 5-بابتىكى سۇ قوۋۇقتىكى تۇز ۋەقەسى، يەنى چېرىكلەرنىڭ خەلقنىڭ تۇزلۇقىنى چېقىپ، تۇزلىرىنى تارتىۋېلىشى، شۇ سەۋەبلىك چېرىكلەر بىلەن خوجنىياز هاجى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ليۇشىجاڭ بىلەن يۇسۇپ تەيجى ئوتتۇرىسىدىكى سۆز جېڭى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەنسارى بىلەن ئۇچرىشىش، ئايرىلىش، «قەشقەردىن خەت»، «جىرجىس هاجى»، «سەكسەن قويغا بىر مىلتىق» بابلىرىدىكى ۋەقەلەر ئەسەر سيۇژىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە توقۇلغان. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم رىۋايەت ۋە كۈندىلىك خاتىرە، تەرجىمىھال بايانلىرى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ سيۇژىتىنى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى بېيىتقان. تارىخىي روماندا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى تاللاپ، تاۋلاپ پايدىلانغاندا، ئەسەرنىڭ ھېكايە مەزمۇنىنى موللاشتۇرغىلى، تېمىنى روشەنلەشتۈرگىلى، بەزىبىر پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، روماندا تۇرسۇن دولاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى، شىڭ شىسەينىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى،

شىڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ، يولۋاسلارنىڭ تەرجىمھالى بېرىلگەن. شۇنداقلا ئەسەرنىڭ
بېشىدىلا باش قەھرىمان خوجىنىيازنىڭ ھايات كەچمىشلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بىزنىڭ
ئۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. نەمەت خەلپەت ئېيتقان «مۇشۇك
بىلەن چاشقان» ھېكايىسى، «مايمۇن بىلەن تاشپاقا» ھېكايىسى دەل شۇ چاغدىكى
ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرگە ماس ئېيتىلىپ، ئەسەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

تارىخىي روماندا تارىختا خاتىرىلەنگەن بەزى ئاددىي خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ،
ۋەقە ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىنى بويلاپ، ئەينى چاغدىكى
تارىخىي شارائىتتا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مۇۋاپىق
تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن بەدىئىي توقۇلما قۇرۇقتىن قۇرۇق
ئويدۇرۇپ چىقىش بولماستىن، بەلكى تارىخىي تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولىدۇ.
توقۇلما قىلىنغان بەزى ۋەقەلەر بىلەن پېرسوناژلار گەرچە تارىختا ئۆتمىگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بولىدۇ. يازغۇچى
قاتتىق ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن تارىخنى پۇختا ئىگىلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ چىققاندىلا،
ئاندىن دادىل تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلما قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن
بولغان كۆرەشتە ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل-پاراسىتى ئارقىلىق دۈشمەننى
تار-مار قىلغان. بولۇپمۇ، قوزغىلاڭچىلار ئالدى تەرىپى ئاسمانپەلەك قارلىق تاغ، ئىككى
قاسىنىقى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشالغان پۈتۈتى جىلغىسىغا قاپسىلىپ قالغاندا
تەڭداشسىز ئەقىل-پاراسەت ۋە شىجائەت بىلەن قارلىق تاغقا يامىشىپ چىقىپ،
ئىنقىلاب كۈچىنى ساقلاپ قالدى. شىڭ شىسەينىڭ قوزغىلاڭنى بىراقلا ئوجۇقتۇرۇۋېتىش
خام-خىيالىنى بەرباد قىلدى. بۇ ئىش توغرىسىدا ئاپتور شىڭ شىسەينىڭ مۇنداق بىر
كۈندىلىك خاتىرىسىنى بايان قىلغان: «بۈگۈن خوجىنىياز بىلەن ئۇن يەتتىنچى قېتىم
ئۇرۇشۇۋاتىمەن. بىرنەچچە ئايغا سوزۇلغان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاخىر بۇ يىرتقۇچ
يىلپىزنى خالتا كوچىغا سولىۋالدىم. قانىتى بولسىمۇ بۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ
پەيمانى ئەمدى توشقان ئوخشايدۇ. ئۇ ئەمدى زەمبىرەك ئوقلىرىدا كۈكۈم-تالقان بولۇپ
كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، جۇدۇن-چاپقۇن سوقۇپ تۇرغان بۇ ئەجەل جىلغىسىدا پۈتۈن قەۋمى
بىلەن مۇزلاپ ئۆلىدۇ. يا بولمىسا قول كۆتۈرۈپ ئەل بولىدۇ. ئەي ئاسمان خۇداسى،
ئەمدى بەس! خوجىنىياز بىلەن ئۇن سەككىزىنچى قېتىم ئۇچراشقىنىمدا، يا ئۇنىڭ كېسە
لگەن بېشىنى، يا شۇ باشنىڭ ئالدىمدا ئېگىلىپ تۇرغىنىنى كۆرەي، چۈنكى بۇ ئۇرۇش
يەنە سوزۇلسا، قالغان چېرىكلىرىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.»

خوجىنىياز ھاجى پۈتۈتى جىلغىسىدا قالدۇرغان ئاق خەسە لاتىغا يېزىلغان خېتىدە
شىڭ شىسەينىڭ بۇ نىيىتىگە مۇنداق جاۋاب بەردى: «شىڭ زىڭخۇي جانابلىرى،
بىزنى ۋەدىسىدە تۇرماي قېچىپ كېتىپتۇ دەپ كايىمىغاي، ۋەدە دېگەن ئادەم بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىش، سىز بۆرە، بىز قوي، ئاچ بۆرىگىزە پالانى كۆنىنىڭ پالانى سائىتىدە ئالدىڭىزغا بارىمىز، بىزنى شۇ چاغدا يەڭ دەپ ۋەدە بەرگىلى بولامدۇ؟ خۇلاسە كالام، بۇ زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز. ئانىنىڭ قۇچىقى ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ھەر زامان ئوچۇق... ئەمما بۇ زېمىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پۇت-قولىنى چۇشەپ، قېنىنى ئىچمەكچى بولغانلارنى قانىتى ئاستىغا ئەمەس، قەھرى-غەزىپىگە ئالىدۇ. ئۇنداقلارغا گۆر بولىدۇ...»

3

«ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ئەسەردە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئەسەردە ئوخشاشمىغان خاراكتېردىكى نۇرغۇن پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. ئاپتور بۇ پېرسوناژلارنى كەسكىن كۈرەشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىگە، ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئەسەردىكى باش قەھرىمان، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داھىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ئىقتىدارى ئۇنىڭ كۈرەش ھاياتى داۋامىدا تەدرىجىي تاۋلىنىپ، پىشىپ يېتىلگەن. خوجىنىياز ئەسلى بىر ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان يىگىت بولغاچقا، ئۇنىڭدا قۇمۇل تاغلىقلىرىغا خاس ساددا-ئاق كۆڭۈللۈك، باتۇر، چۈس مىجەز يېتىلگەن. رومانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۇ مۇشۇنداق مىجەز بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ زۇلۇمغا، فېئودال، ئىستىبداتلارغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى دىئالوگلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

1-كىتابنىڭ 4-بابىدا ئۇ ھەيدەر ئەپەندىگە مۇنداق دەيدۇ:

«— راستىمنى ئېيتسام، تۈنۈگۈن مېنى ئۆي قاپلىنىغا ئوخشاتقىنىڭىزغا ئاچچىقىم كەلگەنىدى... قاپلان — قاچانلا بولسا قاپلان. ئۇ قولغا ئۆگىنىدىغان نېمە ئەمەس... بوپتۇ، سىز دېگەن ئۆي قاپلىنىمۇ بولۇپ تۇراي، لېكىن بۇ قاپلان قاچانلا بولسا، ئۆز ماكانىنى تاپماي قويمايدۇ.»

بەشىنچى بابتا يەنە مۇنداق دىئالوگ بېرىلگەن:

«—... ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئالىمىز دەپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تومۇرىغىمۇ پالتا چېپىۋەتتى. ئەمدى كىمدىن ئۆچ ئالىمەن؟ شۇڭىزە، مەنمۇ يۇرتقا كېتىپ ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلاي دېۋىدىم. ئەممازە، كۆرۈۋاتىدىلاغۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش دېگەن بىر نېمىسى ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا دەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بىز خەقتىن تارتىۋېلىپ، ئۆز كىشىلىرىگە بەخشەندە قىلىپ بېرىش ئىكەن. بۇ قىپقىزىل بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئاز دەپ لىيۇلۇيجاڭنىڭ

لالما چېچەكلەرنى قارىمامدىغان، كېچىسى باغقا كىرگەن ياۋا تۆگىگۈزدەك قۇتراپ كەتكىنىنى... داد دېگەننى سۆرەپ يۈرۈپ ئۇرۇۋاتسا، قىز-چوكانلارغا نومۇسسىزلارچە چېقىلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىۋاتسا، قېنى ئېيتىسلاچۇ، بۇنىڭغا قانداق چىدىغىلى بولسۇن!»

ماجۇگىيىڭ ئالدامچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا: «سىز يەنىلا نەيزىنىڭ سېپى، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولسام...» دەپ خەت يازغاندا، ھاجى مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ لومودىنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرغان. ئەمدى بىر نېمىسىگە پوق قاپلاشقاندا قىلىۋاتقان گەپلىرىنى قارىمامدىغان، ھوي ھارامزادە، مېنىزە كىچىك بالىنى گوللىغاندەك گوللىماقچىمۇ؟ بولدى، ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ... ھە راست، يەنە بىر گەپ، بىزنىڭ قومۇللاردا ‹سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى› دېگەن گەپ بار، بۇنىمۇ تۇگىچىغا ئۈردۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوقۇتۇرۇپ قويسىلا.»

ئۇ سابىت داموللىنىڭ قەشقەردىن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ:

«— ... مۇشۇ تاپتا مەنمۇ ئىتتىپاقلىقنى دېمەيدىغان بولسام، قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ لومودىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچىدىم. بىزنىڭ قومۇللاردا ‹ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، قوڭى غىجەك تارتىپتۇ› دېگەن ماقال بار. ئەل-يۇرت نېمە كۈندە، ئۇلار نېمە كويدا! مەندە ئۆز ئالدىمغا پادىشاھلىق قۇرۇپ، تاج كىيەيچۇ دەيدىغان نىيەت يوق. مېنىڭ بۇ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ. مەن دېگەن تاغدا پادا بېقىپ، مەرگەنلىك قىلىپ ئۆتكەن چورۇقى يوغان تاغچى. مېنىڭ مەقسىتىم ئېزىلگەن خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش، باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىش، قان تۆكۈلۈشنى چاقىقانىراق توختىتىپ، يۇرتقا تىنچلىق ئورنىتىش.»

ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا يەنە باشقىلارنىڭ تىلىدىن پايدىلانغان. مەسىلەن، 1-كىتابنىڭ 17-بابىدا قاسىم ئەپەندى بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەردارى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ مۇنداق بىر سۆھبىتى بېرىلگەن:

«قاسىم ئەپەندى مۇنداق دېدى:

— بۇلتۇر ئەتىيازدا چېرىكلەر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھۇجۇم ناھايىتى قاتتىق بولدى. بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتۇق... ئۇلار بىزنىڭ مىلتىق تۇتقان كىشىلىرىمىزدىن ئۈچ-تۆت ھەسسە كۆپ ئىدى. بىز يەنە نەچچە كۈندىكىدەك بىر ياقتىن سوقۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىدىغان بولساق، كۆپ چىقىمغا ئۇچراپ كېتەتتۇق. ھاجىم شۇ ئەھۋالنى بايقىدى چېغى، ‹چېرىكلەرنى مەن توسۇپ تۇرىمەن. سىز توپنى باشلاپ كېتىۋېرىڭ، مېنىڭ يېنىمدا مېرول مەرگەن قالسىلا بولدى› دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزى بىر قول پىلىموتنى ئېلىپ، مېرول مەرگەن بىلەن چېرىكلەر تەرەپكە ئات سالدى... ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بىزگە يېتىشىۋالدى. مېرول مەرگەن سول بىلىكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىلىنىپتۇ. ھاجىم ئۆزىنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ئاتقا مىنىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىرمە نەچچە تال مىلتىقنى بىر ئاتقا ئارتىپ يېتىلەپ كەپتۇ... پەقەت ئىككىلا كىشى شۇنچە چىرىكنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چېكىندۇرۇپ تاشلاپتۇ...

قاسىم ئەپەندى... ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى يەكۈنلىگەندەك: ‹ بۇ ئادەم يۇرۇش-تۇرۇشىدا ئېيىقتا ئوخشاش قوپال بولغان بىلەن جەڭدە يولۋاستەك قارام، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، يىلپىزدەك چاققان، سېغىزخاندەك سەگەك، لېكىن ئاتىلا مەسىلىسىدە تولىمۇ بىپەرۋا › دېدى.»

2-كىتابنىڭ 2-بابىدا يەنە مۇنداق بىر دىئالوگ بار:

«— توۋا، بۇ راستىنلا ئاجايىپ ئادەم ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى تاھىر بەگ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قۇلىقىغا، — بىر قارىسىڭىز ئۆمرى تاغدا ئۆتكەن مالچىغا ئوخشايدۇ؛ بىر قارىسىڭىز، ئەزىم دەريالاردا تولا ئۈزگەن سالچىغا ئوخشايدۇ. ئوقۇمىغان ئادەم بولغان بىلەن...»

تۇرسۇن دولانىمۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە مۇنداق يازدى: «ئوتتۇرا بوي كەلگەن، كەڭ غوللۇق، قوللىرى ئۇزۇن، قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى دوگىلەك كۆزلىرى ئۆتكۈر قارايدىغان قارا ساقال كىشى، يەنى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ سەردارى ھاجى ئاكام مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ ئادەمنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى قوپال، مىجەزى چۇس، چالا ساۋات بولغان بىلەن ئۆزى كۆڭلى يورۇق، پىكرى ئوچۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى شىك شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئەلچى ئەۋەتىش يولى بىلەن قۇرغان توزاقلىرىدىن شۇنچە ئاسان قۇتۇلغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى. راستىنى ئېيتسام، شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەم نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن دەپ بېشىم قاتقان ۋە ئەندىشە قىلغانىدىم.»

قىسقىسى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە يول بىلەن قوزغىلاڭنىڭ داھىيسى خوجنىيازنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. خوجنىياز ھاجى بىر دېھقان ھەم دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانغان. مۇھىمى، ئۇ گەرچە ئۆزى ئېيتقاندەك، «ئېزىلگەن خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش، باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىش» نى كۆزلەپ قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن، شۇ مەقسەتكە قانداق يېتىش، كىمنى يوقىتىش، كىمگە تايىنىش مەسىلىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئېنىق بولمىدى. قوراللىق كۈرەشتە جەسۇر بولغان بۇ پالۋان سىياسىي نەزەرىنىڭ قىسقىلىقىدىن، دۈشمەن بىلەن بولغان سىياسىي كۈرەشتە مەغلۇپ بولدى. توققۇز يىل داۋاملاشقان ئىنقىلاب ئاخىرى پاجىئەلىك باستۇرۇلدى. خوجنىيازنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقى شۇكى، قوزغىلاڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق شارائىتتا پۈت تىرەپ تۇرىدىغان ئىنقىلابى بازا —

ئارقا سەپ قۇرمىدى. شۇڭا نەگە بارسا ماجىرالاشقاندەك قاراقچىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇردى. بۇ هال شىڭ شىسەينىڭ ئىنقىلابنى باستۇرۇش سۇيقەستىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

روماندا يەنە قوزغىلاڭ رەهبەرلىرىدىن مەهمۇت مۇهىتى، سالى دورغا، قاسىم پالۋان قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، ئالايلۇق، سالى دورغا قوزغىلاڭ بايرىقىنى ئەڭ دەسلەپ كۆتەرگەن كىشى. ئۇ قورقۇمسىز، ۋىجدانلىق، ئەقىللىك، باتۇر ئادەم. تۇرسۇن دولاننىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك «سالى دورغا — ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، ياپىلاق يۈزلۈك، قاتاڭغۇر كەلگەن بۇ سېرىق ساقال كىشى خۇددى بىر پارچە ئوتتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ شىكار ئىزدەپ يۈرگەن بۈركۈتتەك، كۆزلىرىنى دائىم يىراق-يىراقلارغا تاشلاپ تۇرىدۇ.»

قوزغىلاڭ پارتلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە بەزى كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇنغاندا، سالى دورغا ئۇلارنى توسىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«— بۇ نېمە قىلىق؟ كىم سىلەرنى بىكاردىن-بىكارغا قان تۆكۈپ، بۇلاڭچىلىق قىل دېدى؟

— ئۆزلەمۇ شۇنچە چېرىكنى ئۆلتۈردىلەغۇ؟ بىز بىر ختاينى ئۆلتۈرۈپ، مېلىنى ئالساق نېمە بوپتۇ؟ — هۆرپەيدى شادا پاچاق بىرى.

— يوق يېمە، خوتۇن تالاق! چېرىك دېگەن چېرىك، بۇ قېرىندا نېمە گۇناه؟ يىگىت بولساڭ پۇقرانى ئاناي ئەتمەي، قولدا مىلتىقى بار چېرىكلەرگە ئۆزۈڭنى كۆرسەت.»

«بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەمەس، قېرىنداشلار! بىز زورلۇق، هاقارەتكە چىدىماي كۆتۈرۈلدۇق. پىچاق سۆڭەككە يەتتى ئەمەسمۇ! ئەممازە، تىنچ يۈرگەن پۇقراغا چېقىلساق بولمايدۇ. دۈمبىسى سۇر كۆرۈنگەننىڭ هەممىسى بۆرە ئەمەس. تاغ ئۆچكىسىنىڭمۇ دۈمبىسى سۇرغۇ؟! تائىپە ئىكەن دەپ كۆرگەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلساق، ئويلاپ بېقىڭلار، قومۇلنىڭ ئۆزىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ هالى نېمە بولىدۇ؟ تائىپىلەر ئۇلارنىڭ هەممىسىنى قىرىۋەتكەيمۇ؟» سالى دورغىنىڭ بۇ سۆزلىرى قوزغىلاڭنىڭ نىشانىسىنى توغرا يولغا باشلاشتا هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

روماندىكى توخنىياز زورمۇ ئالاهىدە ئوبراز. ئۇ توغرا سۆز، تۈز كۆڭۈل، باتۇر كىشى، هېچكىمدىن، هېچنېمىدىن هېيىقمايدۇ. هەتتا توغرا تاپمىغاندا خوجىنىياز هاجىنىمۇ يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. خوجىنىياز هاجى خەلچىخان بىلەن توي قىلغاندا، ئۇ هاجىنىڭ يۈزىگىلا مۇنداق دېدى:

«— ئابدىنىياز خوتۇنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي، ئەل-يۇرتنى تاشلاپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى. ھەممىمىز قان كېچىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۆزلە خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋاتىدىلا، زادى ھېچقايسىلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن.»

ئابدىنىياز مىراپ بالا-چاقىسى بىلەن گەنسۇ تەرەپكە كەتمەكچى بولغاندا، توختىنىياز زور ئۈنى توسۇپ، نەسىھەت قىلىدۇ:

«— ئابدىنىياز! ئىككىمىز مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ بىللە ئۆسكەن... بۇ يىغلىقتا ئۆزۈڭ باش بولۇپ، يوغان ئىشنى باشلىدىڭ. يۇرت... ساڭا ئەگەشتى. نى-نى ئەرلەر ئىسسىق جانلىرىدىن كېچىپ، تىزىغىچە قان كەچتى. قىزىلگۈلنىڭ توقىدەك، بەش ئاتارنىڭ ئوقىدەك يىگىتلەر چۆل-باياۋانلاردا كېپەنسىز قالدى. ئەمدى يۇرتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىزنى تاشلاپ نەگە بارماقچىسەن؟ سەركە چېغىدا يامان يەرگە كېلىپ قالسا پادىنى تاشلىماي يول تېپىپ توپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. سەن دېگەن يۇرتنىڭ سەركىسى بولغان ئادەم.»

2-كىتاب 17-بابتا قەشقەرگە يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا توختىنىياز زور خوجىنىياز ھاجى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. روماندا مۇنداق دىئالوگلار بېرىلگەن:

«سابىت داموللا ھەققىدىكى بايىقى مۇزاكىرىدە راسا ئۇغىسى قايناپ تۇرغان ھاجىم توختىنىياز زورنىڭ ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيدىغان، بولۇپمۇ ھاجىمنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشىغا قومۇلدىن تارتىپلا دادىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان قورقۇمسىز، توغرا سۆزلۈك كىشى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدى-چېغى:

— خوتۇنلارنىڭ ئىشى بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، — دەپ تاشلىدى.

— نېمە كارىڭ دېگەنلىرى نېمىسى؟ — دېدى توختىنىياز زور ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىزمۇ ياكى خېنىملارنى كاجۇۋاغا ئارتىپ تاغمۇ تاغ سۆرەپ يۈرىمىزمۇ؟ خوتۇن دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ؟

— توختىنىياز، — ۋارقىرىدى ھاجىم، — سەن كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

— ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن سان-ساناقسىز مۇسۇلمانلار بىزنى زۇلۇمدىن قۇتقازغۇچى غازى ئاتىمىز دەپ ئەقىدە باغلاپ كېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىم بىلەن گەپلىشىۋاتىمەن. ئۆزلىرىمۇ ئەل-يۇرتنىڭ ئەقىدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا!»

ئاق كۆڭۈل، گاڭگۇڭ مىجەز، توغرا سۆزلۈك ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ كىشى شۇ توقۇنۇشتىن كېيىن قوشۇندىن كېتىپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇ قىلغىنىدىن كېيىن پۇشايمان يەيدۇ.

ئەسەردىمۇ توختىنىيازغا ئوخشاش سادىق، پىداكار جەڭچى، ئۇ 1-قېتىملىق قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغاندا، شۇ قان دېڭىزى ئىچىدىن تىرىك چىققان بىردىنبىر شاھىد. ئۇ، ئۇن نەچچە يىل يۇرتقا قايتالماي مورى تاغلىرىدا غېرىب بولۇپ

يۈرۈپ، خوجىنىياز قوشۇنلىرى مورىغا بارغاندا قايتا ئىنقىلابقا قوشۇلغان. ئۇنىڭ كۆرگىنى كۆپ، نەزەردائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق بىلىپ يەتكەن. شۇڭا خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەيگە ئالدىنىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ، سابىت داموللا ھۆكۈمىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ماڭغاندىلا ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. كۆچادا ھاجىم ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئەنسارى يۇرتقا كەتمەككە رۇخسەت سورايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«— تۆمۈر ئاكام تولا چۈشۈمگە كىرىپ بولمايدۇ. ئاخشامۇ ئۇ رەھمەتلىكنى چۈشەپ قاپتىمەن. تۆمۈر ئاكامنىڭ ئۈرۈمچىدە ئالغان ھېلىقى خوتۇنىنىڭ ئۆيى دېگۈدەكمەن. تۆمۈر ئاكام شۇ ئۆيدىن بىر دۇتارنى ئەپچىقىپ ماڭا كۆرسىتىۋاتقۇدەك، قارىسام دۇتارنىڭ قورسىقىدىن قىپقىزىل قان ئېقىۋاتقۇدەك، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن كېتەي ئاكا، ماڭا رۇخسەت بەرسىلە.

ھاجىم ئەنسارىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەمدى چۈشەندى چېغى، نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇ.»

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ توقسۇنغا چۈشكەندە، ئەنسارى يەنە كېتىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«— ياق بارمايمەن، تۆمۈر ئاكام بىلەن ئامانقۇلنىڭ قان ئارىلاش كۆز ياشلىرى بىلەن زەيلىشىپ ياتقان قەبرىسىنى كۆرمىگىنىم تۈزۈك.»

ئاخىرىدا ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«— ھاجى ئاكا، مەن ئاقسۇدىكى چېغىمدىلا ئېيتتىمۇ، بۇ توختام ئاللانىڭ كالامى بولغان ‹ قۇرئان كەرىم › دىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟ لى شۇفۇ دېگەن مەلئۇن تۆمۈر ئاكامغا ‹ قۇرئان › تۇتۇپ بېرىپ، ئاخىر نېمىلەرنى قىلمىغان؟ بارىمەن دېسىلە، ئۆزلە بېرىۋەرسىلە.»

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رومانىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىكى خەلقپەرۋەر يۇقىرى تەبەقە كىشىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يۈسۈپ تەيجى ئوبرازىنى ياراتقان. يۈسۈپ تەيجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاخىرقى چوڭ تەيجىسى (ۋەزىر قاتارىدىكى كىشى). ئۇ خەلقپەرۋەر، خەلقنىڭ ھال-دەردىگە يېتىدىغان، ئاق كۆڭۈل ئەمەلدار. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمەت ۋە شاھ مەخسۇت ۋاڭ تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن تۆمۈر خەلپىنىڭ يېقىن سەبدىشى خوجىنىياز پالۋاننى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى قىلىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قاسىم پالۋان قاتارلىق باتۇر يىگىتلەرنى ئوردا ئەتراپىغا يىغقان. يۈسۈپ تەيجى خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت سېلىۋاتقان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشكە ۋە قوغداشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇلنىڭ سۇ قوۋۇق مەھەللىسىدە يۈز

بەرگەن تۈز ۋەقەسىدىن كېيىن، قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى
ليۇشىجاڭ بىلەن مۇنداق سۆزلىشىدۇ:

«ليۇشىجاڭ سىپايىلىك بىلەن يەنە گەپ باشلاپ، سۇ قوۋۇقتىكى ۋەقەدە ئۇردا تەيجىسىنىڭ جاۋابكارلىقى بارلىقىنى، بۇ ئىشنى ئۇرۇمچىگە مەلۇم قىلىپ، جاۋابكارلىقنى باشقىدىن سۈرۈشتە قىلدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھازىرچە چېرىكلەرنى ئۇرغان ۋە ئۆلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان «ئۇغرىلار» نى جازالاپ، سەككىز تال مىلتىقنى دەرھال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

— سەككىز تال مىلتىقنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. ئەمما چېرىكلەرنى ئۇرغان كىشىلەرنى جازالاشتىن بۇرۇن بۇ ۋەقەگە سەۋەبچى بولغان چېرىكلىرىڭىزنى قاتتىق جازالاش جائىز، بىز مۇسۇلمانلار تۈزنى ئىمان قاتارىدا مۇقەددەس بىلىمىز، سىلەر تۈزىمىزنى يەپ تۈزلۇقىمىزنى چاقساڭلار بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلغىلى بولسۇن؟ جانابلىرى بۇ ئىشتا سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭ بار دېيىسىز، بەرھەق. شۇنداق. ئەپسۇسكى، ۋەقەنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن. بولسام، پۇقرانىڭ تۈزلۇقىنى چاققان قولۇڭ شۇمۇ دەپ چېرىكلىرىڭىزنىڭ قولىنى سۇندۇرۇپ، ئاندىن ئالدىڭىزغا ئاپىرىپ بەرگەن بولاتتىم.

ليۇشىجاڭ تەيجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، قوللىرىنى ئەسەبىيلەرچە پۇلاڭلىتىپ مۇنداق دېدى:

— تەيجى، ھوشىڭىزنى يىغىڭ، ھازىر قومۇل ۋاڭلىقى ئۆلدى. سىز قۇرۇق سۆڭەكنى قوچاقلاپ ياتماڭ!

— قومۇل ۋاڭلىقى ئۆلگەن بىلەن قومۇل خەلقى ھايات. سىزمۇ ھوشىڭىزنى يىغىڭ، كىمكى پۇقرانى دەپسەندە قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپ تەيجى ئورنىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ.»

ليۇشىجاڭ ئوردىنىڭ قورال-ياراقلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن يولۋاسقا قاراپ «ياۋدارىن، تەيجى جانابلىرىدىن سوراڭ، ئەمدى قومۇل دىيارىدا ئۆزۈنىچە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، دەپ ئىشەنسەم بولامدۇ؟» دەيدۇ. يۇسۇپ تەيجى جاۋابەن: «يولۋاس بېگىم، خوجىڭىزغا ئېيتىڭ، قومۇل دىيارى تىنچلىققا ليۇشىجاڭدىنمۇ بەكرەك مۇھتاج، ئەمدى تىنچلىق بولۇش-بولماسلىق شىجاڭ جانابلىرىنىڭ پەيلىگە باغلىق» دەيدۇ.

سەلبىي پېرسوناژلاردىن ئىستىبداد ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىلى، ئىككى قولى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات، پۇرسەتپەرەست شېڭ شىسەي بىلەن قارا نىيەت، ئىكى يۈزلىمچى مىللەتچى ماجۇڭيىڭنىڭ ئوبرازىمۇ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا جانلىق يارىتىلغان.

ئەسەردە تەرجىمھال بايانى، خاتىرە ۋە دىئالوگلار ئارقىلىق شېڭ شىسەينىڭ ئۆۋقارا نىيىتىگە يېتىش يولىدا قىلغان سىياسىي يانچۇقچىلىقى، خەلق ئىنقىلابىنى

باستۇرۇشتىكى ۋەھشىيلىكى، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، ئالدامچىلىقى ئېچىپ تاشلانغان. شىڭ شىسەي لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى چېغىدىلا بىرەر چوڭ ھوقۇق تۇتۇش، ھەتتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش قارانىيىتىدە بولۇپ، بۇ يولدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقىمۇ بەل باغلاپ قويغان. ئۇنىڭ تەلىيىگە شىنجاڭدا جىن شۇرېن ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن قابىل كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاش يۈزىسىدىن ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي مۇشاۋىر قىلغان. ئەمما، شىڭ شىسەي بۇنىڭغا رازى بولماي، يەنە بىر ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەندە، ئۇ بۇنى يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلدى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار بىلەن 18 قېتىم قاتتىق ئېلىشىپ تەڭ كېلەلمەي، خام خىيالى بەرباد بولغانىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شىڭ شىسەي بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بىردىنلا شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر دۆملاپلا قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر يولدىكى ئادەم بولۇۋېلىپ، ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، قوراللىق كۈچ ئارقىلىق قاپقانغا چۈشۈرەلمىگەن بۇ يىلپىزنى ئالداپ قاپقانغا چۈشۈردى. قىسقىسى، ئاپتور شىڭ شىسەي خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە تېگىشلىك سەھىپە ئاجراتقان.

ماجۇڭيىڭ ئەسلى گەنسۇدا «خۇددى ئۇۋچىنىڭ ئوقىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، چۆل-باياۋاندا ئاچلىقتىن ئۈچەي-باغرى ئۈزۈلگۈدەك ھالغا كېلىپ، بىرەر جانىدارنى تىمىسقىلاپ ئولتۇرغان ئاچ بۆرىگە ئوخشىشىپ» قالغان پەيتتە، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئۇنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلدى. بۇ، ئۇنىڭغا بۇلۇتلۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك گويا چۆلدە جان ھەلقۇمغا يەتكەندە سۈزۈك بۇلاققا يولۇققاندەك ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەختىمنى شەرقتىن ئىپتىمىغان بىلەن، غەربتىن ئىپتىقان ئوخشايدۇ. يۇلتۇزۇمنى گەنسۇ-چىڭخەي ئاسمىنىدا ئەمەس، شىنجاڭ ئاسمىنىدا ياراتقان ئوخشايدۇ»، «شىنجاڭدا بىرەر يىل تۇرۇپ، قانات-قۇيرۇقىمىزنى روسلىۋالساق، بۆلەكتىن باش كۆتۈرۈپ كېلىپ، يوغان قورساق مابۇفاڭدىن چوقۇم قىساس ئالىمىز.»

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرمەي، ئەكسىچە ئولجىلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ. قانات-قۇيرۇقىنى تەڭشىۋالدى-دە، بۇ سىياسىي قىمارۋاز نەدە ئامەت بولسا شۇ يەرگە دو چىقىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئەشەددىي كۈشەندە بولدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ قارانىيەت مىللەتتارىستنىڭ ئوبرازىنىمۇ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا جانلىق يارىتىپ بەردى. روماندا يەنە ئىككى يۈزلىمچى، خائىن يولۋاسنىڭ شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان، ئۆز مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولسىلا، ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىدىغان خاراكتېرى ئۇستىلىق بىلەن يارىتىلغان. ئۇ، زۆرۈر تاپقاندا جىن شۇرېن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھۆكۈمىتىگە ، ۋاڭ ئوردىسىغا خىزمەت قىلدى، ۋاقتى كەلگەندە ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قارشى تىغ كۆتۈردى. ئۇ ھەممىدە ئۆزىگە يېتىدىغان مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىپ، ساتقىنلىقتىنمۇ يانمىدى.


## 4

بىر ئەدەبىي ئەسەر ھامان يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى توپلاش دەرىجىسى، سەنئەت تەجرىبىسى، بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى قاتارلىق تەرەپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى. «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1931- يىلدىن 1940- يىلغىچە بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى، شۇ دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتنى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆتكۈر سىنىپىي، مىللىي زىددىيەتلەرنى كەڭ- تاشا ۋە ئەمەلىي سۈرەتلەپ بەردى. بىز بۇ ئەسەردىن دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ چىن، بىپايان ئارقا كۆرۈنۈشىنى، جەريانىنى بىلىپلا قالماستىن، نۇرغۇن ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك بىلىملەرگە ئىگە بولالايمىز. خەلقىمىزنىڭ 30- يىللاردىكى تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ- ئادىتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىگىلىيەلەيمىز. رومان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلىرى ئىچىدىن مول ۋە چوڭقۇر تارىخىي تەجرىبە- ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بەردى. ئۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسى، جۈملىدىن تارىخىي رومانچىلىقىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت، دېھقانلار ئىنقىلابىنى تېما قىلغان چوڭ ھەجىمدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر، تارىخىي رومانچىلىقىمىزنىڭ ئۈلگىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ئاتىكەم زەمرى (تاجىك)



# مۇز تاغنىڭ يۈرىكى

(ھېكايە)

ئارماننىڭ قەلبى كەڭ گىرۋەكلىك چوڭقۇر ئەينەك كاسىغا ئوخشايتتى، بۇ كاسىغا ئۇ ناھايىتى كۆپ ئارزۇ-ئۈمىد شارابىنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى، بۇ شاراب شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەكسىدە پارلاق كەلگۈسى بىلەن چەمبەر-چاس باغلانغان مۆھەببەتنىڭ شولىسى ئەكس ئېتەتتى.

ئارمان مەكتەپكە يېقىنلاشقانسېرى قەدىمىنى تېزلەتتى، تومۇز ئاپتىپىدا قارىداپ، سەل جۈدىگەن چىرايى ئۈمىد-ۋارلىقتىن پەيدا بولغان ھاياجان تەسىرىدە سۇس قىزارغانىدى، مەكتەپ قورۇسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ تامدىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان جەدۋەلگە كۆز يۈگۈرتتى. جەدۋەلدە ئۇنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، تۆگە شىتىم، پۈتۈنلەي تۆگە شىتىم، دا تۆك يېزىسىغا ① قانداق بارىمەن؟ ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا تەييارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم؛ داشۆ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىم يوق بولدى، دەپ بارىمەنمۇ؟ ئاھ خۇدا، بۇنى سەرۋىنازمۇ ئاڭلاپ بولغاندۇ، ئۇ مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

ئارمان روھى چۈشكەن ھالدا مەكتەپ-تىن يىراقلاشتى ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كونا قەلئەگە كەلدى. قۇياش چوغدەك يېنىپ تۇراتتى، كونا قەلئەنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە بوران-چاپقۇن تەسىرىدە خارابىغا ئايلانغان تاش تاملىرى-دىن، توپا-شېغىل دۆڭلىرىدىن ئوت-يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى، پەستە — كەڭ شىۋەرلىكنىڭ تۆۋىنىدە تاشقۇرغان دەرياسى كۈۋەجەپ ئاقماقتا ئىدى، ئارمان بىر قىسمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاش تام ئۈستىگە چىقىپ شاھ ئەۋلىيا مازىرى تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇر-دى، ئۇنىڭغا مازىر تەبەتمۇ، ھاياتلىقمۇ قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك

① تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ يەكەن ناھىيىسىگە تۇتىشىدىغان بىر يېزىسى.

تۈيۈلماقتا ئىدى، قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلالمايتتى، شۇ تاپتا ئەتراپتىكى تاغلار، گىياھلارمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، يىراقتا كۆككە بوي سوزۇپ چوقچايغان مۇز تاغ ئاتا ئۇنىڭ دەرد-ئەلىمنى، پىغان-زارىنى ئاڭلىمايتتى، چۈنكى ئارماننىڭ نەزىرىدە ئۇ چوققىمۇ مەڭگۈلۈككە ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى. شاھ ئەۋلىيا مازىرىنىڭ نېرىسىدىكى بۆككىدە سۆگەتلىك يىراقتىن قارىغاندا بىر يېشىل ئۆگزىگە ئوخشايتتى. بۇ جاي ئارماننىڭ كۆزىگە باشقىچە گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ مەھبۇبى، سۆيگەن يارى سەرۋىناز ياشايتتى، ئارمان ئاشۇ ئۆگزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا كەتتى.

هېيت-بايرام كۈنلىرى يىراقتىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلار سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە كېلىشەتتى. شۇ قاتاردا ئارمانمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. سەرۋىنازنىڭ ئاتا-ئانىسى ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئادەملەر بولۇپ، ساۋاقداشلار خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك تارتىنماي يەپ-ئىچىپ مېھمان بولۇشاتتى، ئوسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشاتتى، ئارمان سەرۋىنازنىڭ ئانىسىنى كۆرگىنىدە ئۆز ئانىسىنى كۆرگەندەك سۆيۈنەتتى. سەدەپخان ئاچىمۇ ئۇنىڭغا بۆلەكچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ قولىدىن كېلىشىچە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. سەرۋىنازنىڭ دادىسى بەستلىك، كېلىشكەن ئادەم بولۇپ، قاپقارا شاپ بۇرۇتلىرى ئۇنى تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرسىتەتتى، ئاشۇ قىياپىتىگە ماس ھالدا مىجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان ئىدى، ئارمان ئۇ ئادەمدىن ئەيمىنەتتى، تەپ تارتاتتى. سەرۋىناز بىلەن ئارمان سىنىپتىمۇ، سىرتتىمۇ بىر-بىرىگە ئاستىرىتتىن نەزەر سالاتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەببەت ئىلاھى ئۇلارنىڭ ياشلىقتىكى شاش ھېسسىياتلىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپ بىلەن مەھكەم باغلاپ قويدى. سەرۋىنازنىڭ مىڭىش-تۇرۇشلىرىدىكى لاتاپەت، گەپ-سۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق، كۈلكىلىرىدىكى سېھىرلىك ئاھاڭ ئارماننىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، كۆڭۈل ئالىمىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇ سەرۋىنازدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، سەرۋىناز بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۆزىچە قىزىرىپ ئىزتىراپقا چۈشەتتى. كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئىزھار قىلالمايتتى، ئۇ يوق چاغدا مۇھەببەت توغرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل سۆزلەرنى ئويلاپ تاپاتتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇم ھەممىنى دەيمەن، دەپ ئۆزىگە ۋەدە بېرەتتى، بىراق سەرۋىنازنى كۆرگەن ھامان تىلى تۇتۇلۇپ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمەيتتى.

ئالدىنقى يىلدىكى «4-ماي» ياشلار بايرىمى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلدى. كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئارمان ناخشا ئېيتىپ، ئوسسۇل ئويناپ ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. بىر چاغدا سەرۋىناز ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، سىزگە رەھمەت، دەپ ئۆزىنىڭ قايىللىقىنى ئىپادىلىدى. كەچتە ئارمان ئۇنىڭ زالدىن يالغۇز چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۆيىنىڭ ئارىلىقى خېلى بار، شاھ، ئەۋلىيا مازىرى ئۇنىڭ يولى ئۈستىدە، شۇ يەردىن

ئۆتكىچە چوقۇم قورقىدۇ، ئارمان شۇلارنى ئويلاپ توپ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. بۇ ياخشى پۇرسەت، بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىنى دەپ، مۇھەببىتىمگە جاۋاب ئالىمەن، ئۇمۇ ھەممىنى سېزىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ كۆيۈپ يۈرگىنىمنى بىلىدۇ، ئېنىق بىر نېمە دەڭ، دەپ تۇرۇۋالىمەن، ئارمان تېز-تېز چامداپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا سەرۋىنازغا يېتىشىۋالدى.

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، — سەرۋىناز يېقىملىق كۈلدى، — ئاكام ئالدىمغا كەلمەكچىدى، ھېلى ئۇچراپ قالار.

سەرۋىناز يېنىك قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى، ئارماننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيتتى.

— سەرۋىناز، — ئارمان خېلىدىن كېيىن مىڭ تەستە ئېغىز ئاچتى، — يەنە بىر يىل ئوقۇساق داشۆ ئىمتىھانىغا قاتنىشىمىز، داشۆگە بىللە بارارمىز-ھە؟

— مېنىڭمۇ يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇم بار، لېكىن، دادامنىڭ مىجەزىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئانام چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا دادام بۇ چاققىچە مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالاتتى.

— مەن ئوقۇشقا كېتىپ قالسام، سىز...

— تىنچ... ئاكام كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ گېپى شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئارمان ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكىچە جايىدا مىدىرلىماي تۇردى، ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى سەرۋىنازغا بىلدۈرەلمىگەنىدى، شۇ كېچىسى سەرۋىنازنىڭ ئوقيا كىرپىكلىرى ئاستىدا ھەمىشە خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى...

يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماتور ئاۋازى ئارماننىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئارمان ماشىننى تونۇدى. ئۇنىڭ تاغىسى سالمان ناھىيىگە چىققان بولۇپ، ئارماننىڭ قەلئەدىن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ماشىننى توختاتتى. ئارمان سۆگەتلىك تەرەپكە ئاخىرقى قېتىم تەلمۈرۈپ قارىدى-دە، ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى. ئەتىگەن بىر ساۋاقدىشىدىن سەرۋىنازنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىللە كارسەغەل ① يايلىقىغا كەتكەنلىكىنى ئۇققانىدى.

ئاھ، — دېدى ئۇ يۈگرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىغان ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلىگەن بولسام ياخشى ئىدى، ئۇ ھازىر مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقىنىمنى بىلمەيدۇ، مەن ئاتا-ئانام ئالدىدىمۇ، سەرۋىناز ئالدىدىمۇ ئەيىبلىك... ئارماننى يىغا تۇتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان سالمان كېپىنكىدىن چۈشتى.

ئارمان ئۆزىنى باسالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. سالمان ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى. ئارمان كېپىنكىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ يىغىسىنى توختىتالمىدى.

— سالمان تاغا، مەن تەييارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيتمەن، داشۆگە

① تاشقورغاندىكى بىر يايلاق.

www.uyghurkitap.com

بېرىش مۇددىتايىم سۇغا چىلاشتى، ئەمدى مەن تۈگەشتىم.

— ئۇنداق دېمە. ئادەم ئۈمىدسىز بولماسلىقى كېرەك، ھەرھالدا سەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈڭ. داتۇڭغا بارساڭ، بىرەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسەن.

— ياق تاغا، ئاتا-ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن، بولدى، مەن يۇرتقا بارمايمەن.

2

باھار. چوققىلار ئاپئاق قاردىن قېلىن لىباس كىيىپ تۇرسىمۇ يانباغىر، قاپتاللار، تۈزلەڭلەر، يايلاقلار يېشىللىققا چۆمگەن، تاغلىق شەھەر باھار قۇياشىدا گۈزەل، يېقىملىق تۈسكە كىرگەنىدى. بازار ئوتتۇرىسىغا يېقىندىن قويۇلغان جىگەررەڭ سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان ياغاچ بوتكا پۈتكۈل ناھىيە بازىرىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا ئىدى.

— توۋا، تېخى يېقىندا مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىدە، ناھىيە ئىچىدىكى توي-تۆكۈنلەردە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن بالا ھەش-پەش دېگۈچە ئۆزگىرىپ ئېلىپ-ساتار بولۇۋالسا-ھە؟

— بېيىپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر، ھازىر ئۇنىڭ پۇلى ناھايىتى جىقمىش. ئۆتكەندە دۆلەتشاھ ئۆي سالغاندا ياردەملىشىپ كونا يامۇل ئورنىدىن تاش كولىغانىكەن، بىر كوزا سېرىق پۇل تېپىۋاپتىمىش، شۇڭا ئاسانلا باي بولۇپ كەتتى، بولمىسا ئىككى تال يېگىنە-يىپ ساتقانغا شۇنچىلا بولۇپ كېتەمدۇ؟

كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پاراڭلىرىغا سەۋەب بولۇۋاتقان مۇشۇ بازاردا شەخسىي تىجارەتكە يول ئاچقان بۇ تۇنجى بوتكىنىڭ خوجايىنى ئارمان ئىدى.

ئۇ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بوتكىسىدىكى ماللارغا ھەۋەس قىلاتتى، بەس-بەستە سېتىۋېلىشاتتى، نەرسە-كېرەك ئالمايدىغانلارمۇ ئاتايەن كېلىپ مال جازىلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇشاتتى، قىسقىسى بۇ بوتكا ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ تاغ ئارىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىغا تۆرلۆك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇلار ئارمانغا غەلىتە نەزەر بىلەن قارايتتى.

ئارماننىڭ ئاتىسى گۈلشىر ئاتا خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينىغاندا يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان داڭلىق سەنئەتكار ئىدى. يېزىدىكى ئوغۇل-قىز تويلىرىدا كال ساۋز ① ۋە خەندەسىر ② لەردە ئۇ ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە تۆردىن ئورۇن ئالاتتى. بۇنداق سورۇنلاردا ئۇ گاھ سۆڭەك نېيىنى، گاھ دېپىنى چېلىپ توي نەغمىسىنى قىزىتىۋېتەتتى، كېچە-كېچىلەپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ نەگىلا بارسا

① بوۋاقلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش.

② خەتنە توي

كىچىككىنە ، زىرەك ئوغلى ئارماننى بوينىغا
مىندۇرۇۋالاتتى، ئارمان باشلانغۇچ مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا « تەيفۇن » ، « بانا-
ماك » ، « لەيلا » ، « گۈلى دارام » ،
« قىزىل ياغلىق » قاتارلىق خەلق ناخشى-
لىرىنى بىمالال ئېيتالايدىغان بولدى. ئۇ
ناھىيىگە ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا ئۇنىڭ
ئاپىسى:

— بالا كىچىك، ناھىيىدە ئوقۇيالمايدۇ،
قىينىلىدۇ، — دېگەنىدى. ئاتىسى:

— ياق، مەن ئارماننى مۇرادىغا
يەتكۈچە ئوقۇتىمەن، كاتتا ئادەم قىلىمەن،
ناھىيىدە تاغىسى سالمان بار، تىنىپ
قالمايدۇ، ئەنسىرىمە، — دېدى ۋە ئوغلىنى
ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزى ئەكەل-
دى. ئارماننىڭ پوپكىسىدا سەپەر لازى-
مەتلىكلىرىدىن باشقا دادىسى بەرگەن
سۆگەك نەيمۇ بار ئىدى. ئارمان ساۋاق-
داشلىرى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى.
ئۇنىڭ جاراڭلىق نېيى، ناخشا، ئۇسسۇللىرى
مەكتەپنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى
جانلاندۇرۇۋەتتى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ساۋاقلاشلار-
مۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. شەنبە كۈنى
چۈشتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىن، ناھىيە
ئىچىدىن كېلىدىغان ساۋاقداشلار ئۆيلىرىگە
قايتىشاتتى، يىراق يېزىلاردىن كەلگەن
ئوقۇغۇچىلار بولسا ئارماننىڭ ئەتراپىغا
ئولىشاتتى. كۈنلەر، ھەپتىلەر، بولۇپمۇ
دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە
ئۆتۈپ كەتتى. سەرۋىناز بىلەن تونۇ-
شۇش، دوستلىشىش ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىغا
يېڭىدىن-يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى، ئۇ
ناخشا ئېيتسا سەرۋىناز جور بولاتتى،
ئۇسسۇل ئوينىسا سەرۋىنازمۇ كېيىنەكتەك
پىرقىرايتتى.

شۇ تاپتىمۇ ئارماننىڭ ئەس-يادى
سەرۋىنازدىلا ئىدى. ئۆزى بوتكىدا
بولسىمۇ، كۆزى بازار كوچىسىدا، سەرۋىناز-
نىڭ مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىدىغان يولىدا
ئىدى. ئۇيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان قىزلارمۇ،
تاغ يامزىلىدا، تاشلار ئارىسىدا ياشىرىپ
تۇرغان قارىقات، تاغاقگۈللەرمۇ، يىراقتا،
يانباغىرلاردا ئۆسكەن ئىرغايلارمۇ ئۇنىڭ
كۆزىگە سەرۋىناز بولۇپ كۆرۈنەتتى.
تېخىمۇ يىراقتا ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇز
تاغ ئاتا چوققىسىمۇ سەرۋىنازنىڭ قەددى-
قامىتىنى ئەسلىتەتتى. ئارماننىڭ نەزىرىدە
ئاشۇ چوققىدىكى ئاپئاق قار سەرۋىنازنىڭ
پاك، بىغۇبار كۆڭلىگە تىمسال ئىدى، چۈنكى
ئارمان ئاقىۋەت بىر كۈن سەرۋىنازنىڭ
مۇھەببىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى
بۇ ئىشەنچ داشۆنىڭ تەييارلىق ئىمتىھانى
باشلىنىشتىن بۇرۇن سەرۋىناز ئۇنىڭ
قولىدىن يۈرەك بىلەن نانىنى ئالغان كۈندىن
باشلاپ تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئارمان
سەرۋىنازغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ
ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەن پەيتلەردە،
تەلىيىگە يارىشا تاغىسى سالمان تاغدىن
بىر راماپاي ① ئوۋلاپ كەلدى. بۇ بىر
ياخشى پۇرسەت ئىدى. تاجىكلارنىڭ
ئادىتى بويىچە ئارمان راماپاينىڭ يۈرىكىنى
ئايرىم پىشۇرۇپ نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ
ياغلىققا چىگدى-دە، مەكتەپكە يۈگۈردى،
ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا سەرۋىنازنى

① بىر خىل چىرايلىق كېيىك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆتۈپ تۇردى. يىراقتىن ئۇنى كۆرۈپلا
پۇتلىرى كالۋالىشىپ، تۇگۇنچەك تۇتقان
قوللىرى تىترىدى. ئۇ بارلىق غەيرىتىنى
يىغىپ سەرۋىنازغا يېقىنلاشتى. سەرۋىناز
يېنىك تەبەسسۇم قىلىپ، ئۇ تەڭلىگەن
تۈگۈنچەكنى ئالدى. ئارمان ئۇنىڭ سوۋغى-
نى قايتۇرۇپ بېرىشىدىن قورققاندەك
يۈگۈرگىنىچە سىنىپقا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ
يۈرىكى ۋەھىمە، ھاياجان، ئۈمىد ئىلكىدە
سوقاتتى. مانا، ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت
ئۆتۈپ كەتتى. كۈتۈشتىن، ئىنتىزارلىقتىن
ئارماننىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈپ قوقاسقا ئايلاندى،
مۆھەببەتكە بولغان ئۈمىدىمۇ ئاستا-ئاستا
سۇسلىششقا باشلىدى، بىراق شۇنچە
قىلىپمۇ سەرۋىنازنى كۆڭلىدىن چىقىرىتەلمە-
دى. ئۇنىڭ ھاياتى سەرۋىنازغا باغلانغان-
ىدى، بەخت-سائادىتىمۇ، ھۇزۇر-ھالاۋىتىمۇ
سەرۋىنازدا ئىدى. ئارمان ئاخىرى
سودىگەرگە ئايلاندى، ناخشا-مۇزىكا،
ئۇسسۇل بىلەن داۋاملاشقان ياشلىق دەۋر
يىراقتا قالدى. ئۇ شەھەردىن مال
يۆتكەۋېتىپمۇ، يايلاقلاردا مال سېتىۋېتىپمۇ
ياشلىقىدىكى ئاشۇ گۈزەل چۈشلىرى ئىچىدە
مەست بولۇپ يۈردى، ئەپسۇسكى قىز
تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك
«يۈرىكىمنى سىزگە بەردىم» دېگەن
مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سوۋغىسىغا ھېچقاندا-
داق جاۋاب قايتۇرماي كېلىۋاتاتتى. سەرۋى-
ناز ھازىر ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئارمان
ئۇنى كەمدىن-كەم كۆرەلەيتتى، بۇ ھال
ئۇنىڭ ئىشق-پىراقىنى تېخىمۇ ئارتتۇراتتى.

ئارمان كونا قەلئەدىن چۈشۈپ
ماشىنا ھەيدەپ كېلىۋاتقان سالماننىڭ
ئالدىغا يىغلاپ بارغان ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە
ئۇخلىمىدى، ئەتىگەندە ئۇ كېسەل ئادەمدەك
چىرايى سارغايغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.
سالمان ناشتىدىن كېيىنلا ئۇنى ماشىنىغا
چىقاردى، ماشىنا مۇز تاغ ئاتا باغرىدىن
ئۆتۈۋاتقاندا ئارمان كېپىنكىدىن بېشىنى
چىقىرىپ قارلىق چوققىغا قارىدى، ئۇ
ھەمىشە سەرۋىنازنىڭ گۈزەل سىماسىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە مۇشۇ چوققىغا
قاراپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى.
شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز
ئېگىزلىكتىكى قار ئۈستىدىن تاغ پەرىسى
ئۇنىڭغا ئارمان، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ھازىردىن
باشلاپ يېڭى بىر ھاياتقا يۈزلەن، ئىستىقبال
ئالدىڭدا، سەن ئۇنىڭغا جۈرئەت ۋە
ئىرادە بىلەنلا يېتەلەيسەن، دەۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى.

ئارمان شەھەر رەستىلىرىدىكى
رەت-رەت دۇكان بوتكىلارنى، قىزىپ
كېتىۋاتقان سودا-سېتىقنى كۆرۈپ ئەقلى
لال بولدى. ئۇ بۇرۇن كىشىلەردىن شەھەر
يېزىلاردا بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى
كۆپ ئاڭلىغانىدى، مانا ئەمدى ئاشۇ
ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.
شۇ كۈنى تاغسى يوغان ئىككى پوپكىغا
تاغاق، سۈزگۈچ، مەشۇت يىپ، رەڭ،
تۈگمە، ئىلگەك، يىڭنە قاتارلىق نەرسىلەر-
نى قاچىلاپ ئارمانغا تۇتقۇزدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ تاغ-داۋانلار ئېشىپ، چەكسىز
يايلاقلارنى كېزىپ چىقتى، قىشچە سوغۇقتا،
قار شىۋىرغاننىڭ قىيناشلىرىغا پەرۋا قىلماي
شەھەر بىلەن تاغ ئوتتۇرىسىدا باپكارنىڭ

مۆكسىدەك قاتناپ تۇردى، ئۇنىڭ پۇلى
ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ تېز
كۆپەيدى. پول ئازابى، سەرۋىنازنىڭ
مۇھەببىتى تۇپەيلى ئۇ ئاخىرى مۇشۇ
بوتكىنى ياسىتىپ، ئارام خۇدا ئولتۇرۇپ
تىجارەت قىلىشقا كىرىشتى.

ئارماننىڭ كۆزىگە ئەتراپتىكى جانلىق--
جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سەرۋىناز-
نىڭ سىماسىدەك كۆرۈنەتتى. يېنىك
سوققان باھار شامىلىمۇ ئۇنىڭغا سەرۋىناز-
نىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.
ئارمان كوچىدىن كۆز ئۈزۈپ بوتكىنىڭ بىر
تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان سۆگەك نەيگە
تىكىلدى. نەي ئۇنىڭغا گۈلشىر ئاتىنى،
داتوڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ساددا،
ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرىنىڭ توي-تۆكۈنلەردى-
كى ناخشىلىرىنى ئەسلەتتى، ئەمدىلىكتە
بۇ نەي پەقەت تەۋەررۇك سۈپىتىدە
بوتكىغا ئېسىپ قويۇلدى. ئارماننىڭ ئۇنى
چېلىشقا ھەپىسلىسىمۇ، چولىسىمۇ يوق.

قۇياش ئۇپۇققا باش قويۇۋاتاتتى.
ئارماننىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز دۈپۈلدەشكە
باشلىدى، سەرۋىناز كېلىۋاتاتتى. ئارمانغا
پۈتكۈل دۇنيا گۈل دېڭىزىغا ئايلىنىپ
كېتىۋاتقاندەك، مۇز تاغ ئاتا يېنىك باش
لىڭشىتىپ ئۇنى قوللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ
كەتتى. سەرۋىناز پوكەي ئالدىدا توختى-
دى. ئۇ گۈلسۇرۇختەك قىزارغان يۈزىنى
يوشۇرۇشقا تىرىشىپ پەسكە قارىۋالدى،
پوپكىسىدىن ئالغان قەغەز بولاقنى ئارماننىڭ
قولىغا تۇتقۇزدى-دە، خۇددى ھېلىقى چاغدا
ئارمان ئۆز سوۋغىسىنى بېرىپلا سىنىپ
بىناسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكەندەك،

سەرۋىنازمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب
بولدى. ئارمان تىترەپ تۇرغان قوللىرى
بىلەن بولاقنى ئاچتى. كەشتىلىك قولياغلىققا
سانچىلغان بىر تال يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە ئۈچ
خىل يىپ بىلەن چاچ ئارىلاشتۇرۇپ ئۆتكۈ-
زۈلگەنىدى، بۇ «قارا باشىم سىزگە
مەنسۇپ!» دېگەن مەنىدىكى ئەنئەنىۋى
مۇھەببەت ئىزھارى، يىگىتنىڭ تەلىپىگە
قوشۇلغانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئارماننىڭ
يۈرىكى شادلىق، بەخت ھاياجىنىدىن يېرىلىپ
كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن
تۇرۇپ ئۆزۈندىن بۇيان قولىغا ئالمىغان
سۆگەك نەينى ئالدى-دە، ئاجايىپ زوق-ئىش-
تىياق بىلەن چېلىشقا باشلىدى.

3

«قەدىرلىك ئارمان، شەنبە كۈنى
توي خېتى ئېلىش بەلگىلەندى، شۇ كۈنى
مېنى كونا قەلئەدە كۈتۈڭ.

سەرۋى»

ئارمان قونجىراپ ئېغىزىغا بارىدىغان
يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ چوقۇر،
سارارىق، سېرىقتاش يايلاقلىرىدا ماللىرىنى
سېتىپ قايتىپ كەلگەندە دۇكان ئېچىدىن
ئاشۇ خەتنى تېپىۋالدى. خەت ئېشىك
قىسىلچىقىدىن كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئارماننىڭ قولىدىكى ئۈمىد شارابىغا
تولغان كاسىسى يەنە بىر قېتىم سۇنغاندەك
بولدى. ئۇ جانسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆت-
كەپ، پوكەي بىلەن مال جازىسى ئارى-
لىقىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى. كۆز ئالدى
قاراڭغۇلاشتى، پۈتكۈل تاغ-دەريالار، بىپايان
زېمىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇيۇلدى. يېقىندىن سېلىنغان پىششىق خىشلىق، كەڭ، ئازادە دۇكان ئىراقلا تارلىشىپ، بارا-بارا ئۇنىڭ بەدىنىنى قىسىۋاتقاندەك ئىدى. « شەنبە ... توي خېتى... كونا قەلئە...» ئارمان خەتنى قايتا-قايتا ئوقۇيتتى، بارى يوق بىرنەچچە جۈملە سۆز ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. قايناچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئىشىكنى قۇلۇپلىدى. بازاردا، كوچىلاردا ئادەم كۆپ ئىدى. كۆز قۇياشى ئىللىق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئارمان بىر ئېسىپ-ئىككى ئېسىپ كونا قەلئەگە قاراپ ماڭدى. يىراقتا قۇيۇق سەرۋىلەر تاغ باغرىغا سېلىنغان گىلەمدەك جۇلالىناتتى، زىرىق، هارام ئوت، مەرۋي، بىنەپشەلەر هۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن يانتۇلقلاردىن نەي ئاۋازى كېلەتتى. ئارمان كونا قەلئە ئۈستىدە «شاھ ئەۋلىيا» مازىرىنىڭ نىرىسىدىكى سۆگەتلىك تەرەپكە قاراپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئولتۇردى.

ئارمان ئۈچ كۈندىن بۇيان كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۈندۈزلىرى دۇكاندا ئولتۇرغۇسى كەلمەي كونا قەلئەگە كېلىپ سەرۋىنازنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. بۈگۈن شەنبە ئىدى. ئارمان تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ دۇكاندىن چىقىپ كونا قەلئەگە كەلدى. سەرۋىناز قاچان كېلىدۇ، نېمىدەپ كېلىدۇ، ئارمان بۇنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىلكىدە سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە، ناھىيە تەرەپكە بارىدىغان يولغا كۆز ئۈزمەستىن قارايتتى.

سەرۋىناز كىچىكىدىن ئەقىللىك، شەرمى هايالىق قىز بولۇپ ئۆستى. ئۇ ئارمان بىلەن بولغان مۇھەببىتىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. ئارماننى كۆرسىلا شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئارماننىڭ سوۋغىسىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ناهايىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قەلب سىرلىرىنى ئىزهار قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئارماننى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا تاجىك قىزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئارمانغا يۈرەك سوۋغىسىنى بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ دوكانغا پات-پات كېلىدىغان، ئارمان بىلەن قورۇنماي گەپلىشىدىغان بولدى. بىر قېتىم سەرۋىناز :

— ئارمان، سىز مۇشۇ ئالماق-ساتماق دېگەننى قىلمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

— توغرا، بىز تاجىكلار ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ سودا-سېتىق قىلىشنى يامان كۆرىمىز، سودىگەرنى ئالدامچى دەپ قارايمىز. بىراق سىزمۇ چۈشىنىسىز، بىزنىڭ بۇ دىيارىمىز قەدىمكى زاماندا غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى. قاراڭ، ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قونجىراپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان چەت ئەللىكلەر بۇ يەردە توختىماستىن ئۇدۇل شەهەرگە قاراپ ئاقتى، چۈنكى شەهەردە سودا-تىجارەت قايناپ كەتتى. مەن شەهەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، جىق ئويلىدىم، ئاخىرى مۇشۇ يولنى تاللىدىم، ئاتا-بوۋىمىز قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى مەن قىلىپ باقاي دېدىم. هەرهالدا زىيان تارتمىدىم، كۆپ

پۇل تاپتىم. بۇنىڭدىن كېيىن تېخى قەشقەرگە، ئۈرۈمچىگە، گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرگە، ھەتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ سودا قىلىمەن دەيدىغان پىلانىم بار.

— ياق ئارمان، سىز بۇ ئىشنى قىلماڭ، مەن...

— نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى ئارمان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سودا-سېتىققا تۇتۇنغىنىمدىن كېيىن كىشىلەر مېنى يات ئادەمدەك كۆرۈشتى. توۋا، ئۇلار ماللىرىمنى باھا تالاشمايلا ئاغزىمدىن چىققىنىغا ئېلىشىدۇ-يۇ، مېنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما ھازىر مېنى دوراۋاتقانلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. ئەنە قاراڭ، بوتكىلار كۆپەيدى، بۇ بىر يۈزلىنىش، بۇنىڭدىن كېيىن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشمايلا سەرۋىناز كەينىگە بۇرۇلۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ئارمان ئىككى ئوت ئارىسىدا قالغانلىقىنى ئېنىق سەزدى. ئۇ تاللىغان يولدىن قايتسا سەرۋىنازنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ خاھىشىغا يول قويۇشى مۇمكىن. بىراق ئارمان بۇ يولغا ئاللىقاچان قەدەم تاشلاپ بولغان، يولنىڭ ئورغۇن قىسمىنى بېسىپ بولغان. بۇ يول ئۇنىڭغا بەخت كەلتۈرىدۇ، بايلىق كەلتۈرىدۇ، بەلكى سەرۋىناز ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ئىككىسىنىڭ تەقدىرى ئوڭدىن كېلىپ رىزىق-نېسىۋىسى قوشۇلۇپ قالسا، كەلگۈسى تۇرمۇشى باياشادلىقتا ئۆتىدۇ. ئەپسۇس، باشقىلارغا ئوخشاشلا سەرۋىنازمۇ ئارماننىڭ ئىشىدىن نومۇس قىلىدۇ.

سەرۋىناز كۆپ ئويلاندى. ۋىجدانى ئۇنىڭغا ئارماننى ياخشى كۆردۈڭ، ئۇنىڭغا باغلاندىڭ، مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىلدىڭ، ۋەدە بەردىڭ. ئۇ سودا قىلىدۇ، پۇل تاپىدۇ، باي بولىدۇ، بۇ ھەرگىز نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سەن ئەمدى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بول، دەپ خىتاب قىلاتتى.

— مەيلى ئارمان، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — سىزنىڭ توغرىدەك قىلىدۇ، يولىڭىزدىن يانماڭ، مەن سىزنى قوللايمەن، سىزگە مەدەتكار بولىمەن.

سەرۋىناز شۇ گەپنى دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئارماننىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىدى، ئۈمىد قۇشى قانات قېقىپ مۇز تاغ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ھەي، مۇز تاغ ئاتا، ھەي سۆيۈملۈك مۇز تاغ پەرىسى... مەن نېمىدېگەن بەختلىك!

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە گۈلشىر ئاتا ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ سالماننى ئەگەشتۈردى-دە، سەرۋىنازنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— قىزىڭغا ياغلىق چىگەي، دەيمەن.

— ئاشۇ ئالدى-ساتتى قىلىپ يۈرگەن ساياق ئوغلۇڭ ئۈچۈنمۇ؟ ياق!

گۈلشىر ئاتىنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى، ئوغلىدىنمۇ رەنجىدى. داتۇڭدا ئۇ ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ قىزىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يۈلۈپ ئالالايتتى. بۈگۈن سەرۋىنازنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلدى. سالمان ئارماننى سەرۋىناز توغرىسىدىكى ئوي-خىياللىرىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلدى. بىراق ئارماننىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان مۇھەببەتنى ھەرقانداق قىلىپمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايتتى.

بىر كۈنى سەرۋىناز مەكتەپتىن قايتىشىدا دۇكانغا كىردى.

— مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرگۈدەك،

www.uyghurkitap.com

يېقىندا ياغلىق چىگىمىش، ئانام شۇنداق دەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ مەيۇس ھالدا.

— سىز رازىمۇ؟ — ئارمان لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— رازى ئەمەس، ھەرگىز... لېكىن ئاتا-ئانام زورلايدۇ.

— قانداق قىلماقچىسىز؟

— مەن سىزگە ۋەدە بەرگەن.

ئارمان ئۆزىنى باسالماي سەرۋىنازنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. سەرۋىناز شەلپەردەك قىزىرىپ يىنىككىنە قارشىلىق كۆرسەتتى-دە، ئارماننىڭ قولىدىن بوشىنىپ قېچىپ كەتتى...

ناھىيە تەرەپتىن قىزىل كۆڭلىكنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ سەرۋىناز كېلەۋاتاتتى. ئارمان ئۆز خىيالى، ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ قاچان ئۆيدىن چىقىپ ناھىيىگە كىرگەنلىكىنى كۆرمەي قالغانىدى. ئۇ قەلئە تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ سەرۋىنازنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. سەرۋىنازمۇ تېز-تېز مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى.

— نېمە ئىش بولدى سەرۋىناز؟

— نېمە ئىش بولاتتى، ناھىيىگە كىردۇق. ھەرئىككىلار ئۆز رازىلىقىڭلار بىلەن توي قىلامسىلەر، دەپ سورىۋىدى. مەن ياق دېدىم... — سەرۋىناز توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەنىچە گەپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاتا-ئانام زورلىدى، مەن قوشۇلمايمەن. مېنىڭ ۋەدىلەشكەن يىگىتىم بار، ئۆز يىگىتىم بىلەن توي قىلىمەن، ئەگەر سىلە بۇنىڭغا قارىماي توي خېتى كېسىۋەرسىلە مەن يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن، دېدىم. تاغامنىڭ ئوغلى ھېچنەرسە دېيەلمەي قالدى، يېنىپ چىقتۇق. مانا، ھەممە ئىش شۇ، لېكىن ئارمان، مەن...مەن ئاتامدىن قورقۇۋاتامەن، ئۇ ھېلى مېنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. سالمان تاغىڭىزغا دەڭ، بىزنى ماشىنىسى بىلەن داتۇڭغا ئاپىرىپ قويسۇن، تويدىن كېيىن قايتىپ كېلەيلى. ئاتا-ئانام ئۇنىماچىسىز بىزنى ئەپۇ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، مەن خىزمىتىمنى قىلىۋېرىمەن، سىزمۇ تىجارىتىڭىزنى قىلىۋېرىسىز. ھە، يەنە بىرگەپ، بىز ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىن يەر ئېلىپ تازا چىرايلىق ئۆي سالايلى، كېيىن... كېيىن مېنى گۇاڭجۇغا ئاپىرىسىز جۇمۇ...

سەرۋىنازنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى، يىغلاۋېتىپ كۈلەتتى، كۈلگەندىمۇ، يىغلىغاندىمۇ يۈزلىرى ھامان قىزىرىپ تۇراتتى. ئارمان ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە كۆچەپ سۆيدى. سەرۋىناز قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئارمان ئىككىنچى قېتىم سۆيۈشكە تەمشەلگەندە سەرۋىناز يۇلقۇنۇپ بوشاندى-دە، پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— توختاڭ، سەرۋىناز!

— تېز چۈشۈڭ، بۇ خارابىلىقتا يۈرگەنىمىزنى خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ.

ئىككىيلەن سالماننىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

تۇردى ئاخۇن ئەركباي (تاجىك)

# چوپاننىڭ تويى

## زەرەپشان سۆيگۈسى

سۆيگەندە مۇز تاغنىڭ لېۋىگە قۇياش،
سۆيگۈدىن تۆرەلدىڭ ئەي، شوخ زەرەپشان.
سۆيگۈنىڭ قىزى سەن، سۆيگۈ پەرىسى،
سۆيگۈ دەپ توۋلايسەن شوڭلاشقا ھامان.

سۆيگۈنىڭ تومۇرى جىلغا-جىرالار،
سۆيگۈنىڭ كۆزلىرى سۈزۈك بۇلاقلار.
سۆيگۈنىڭ مېھرىدۇر دولقۇنلىرىڭ ھەم،
سۆيگۈنىڭ ماكانى گۈزەل قىرغاقلار.

سۆيۈملۈك جىلغىدا مېنىڭ تاش كەپەم،
سۆيىمەن ئارچىزار، ئېقىن، بويۇڭنى.
سۆيىمەن ئىرغاينىڭ شاخلىرى كەبى،
سۆيىمەن ئېگىلىپ شەربەت سۈيۈڭنى.

سۆيگەندە لېۋىڭگە تاش بېغىرلاپ مەن،
سۆيىسەن كۆكسۈمگە ئالتۇن چايقىتىپ.
سۆيدى دەپ رەقىبلەر كەمسە بېشىمنى،
سۆي يەنە ئېلىپ كەت بىللە ئېقىتىپ.

## ۋەتىنىم گۈلباغ

ۋەتەننىڭ زېمىنى مىسالى گۈلباغ،
ئېچىلار باغرىدا خۇش پۇراق رەيھان.
تاشلىنار يۇلۇنۇپ، چىقسا مۇبادا
بەدپۇراق شۇمبۇيا، زەھەرلىك ئازغان.

رەڭگارەڭ بولسىمۇ گۈللەر چېچىكى،
بارچە گۈل شېخىدا ياپيېشىل ياپراق.
بىر قۇياش، بىر تۇپراق، بىر سۇدا ئۆسكەن،
شۇڭلاشقا ھەممىسى چاچار خۇش پۇراق.

ۋەتەننى ئاشۇنداق گۈلزار ئەيلىگەن
يورۇق تاڭ ئانىسى خاسىيەتلىك نۇر.
تاپقان بىز ئۇنىڭدىن يېپيېڭى ھايات،
سۇرىمىز شۇ نۇردىن بەخت ۋە ھۇزۇر.

مەن تاجىك ئوغلىمەن، مۇز تاغ ئوغلىمەن،
دىيارىم شۇ باغنى ئورىغان تاغلار.
مەن ئاقباش چوققىدا شۇڭغىغان بۈركۈت
بېغىمنى قوغدايمەن، كىرەلمەس زاغلار.

## مەن ئۆرۈك...

مەن ئۆرۈك، ۋەتەننىڭ زېمىنى تۇپراق،
ھەر باھار بولىمەن ياپيېشىل ياپراق.
جىسمىمنى يىلتىزغا قىلىمەن تەقدىم،
چېچەكلەپ مېۋىلەر بېرىشكە ھەرۋاق.

خورما دەپ كۆمسەڭمۇ مەككىگە بىراق،
ئاقسىمۇ يېنىمدا شۇ زەمزەم بۇلاق؛
يەنىلا بىخلىنىپ تەكلىماكاننىڭ
قۇمىدىن چىقىمەن بولۇپ بىر توغراق.

www.uyghurkitap.com



## سىغىنچى قىز سىغىندىم سىنى

سىغىندىم ئاق بۇلۇت سۆيگەن ئېگىز تاغ، تىك قىيالارنى،
ئېدىرلار ھەم يېشىل يايلاقتا ئۆسكەن گۈل-گىياھلارنى.
سىغىندىم دىل خۇمار بولغان، ئېدىرلار باغرىدا قالغان،
سىغىنچى قىز كۆزۈگدە چاقنىغان نۇرلۇق زىيالارنى.
سىغىندىم بۈك-باراقسان ئارچىلىق چوققا، قىراغلاردا
سۆگەك نەيلەرگە جۆر بولغان ئەجەب مۇڭلۇق ناۋالارنى.
سىغىندىم گۈل باھار پەسلىدە قويلارنىڭ ھىدى سىڭگەن،
ئۆرۈلگەن تالمۇ تال قۇندۇز چىچىك سۆيگەن سابالارنى.
سىغىندىم مەن ئۇلۇغ مۇز تاغ ئاتا بىرلەن زەرەپشاندەك،
چېتىلغان رىشتىمىز مەڭگەم گۈزەل ئەھدى-ۋاپالارنى.

## چوپاننىڭ تويى

قولۇمدا تايىقىم، ئالدىمدا پادا،
ئاق گۈللۈك ئەتلەستەك يايپېشىل دۇنيا.
مەن گويا سازەندە، قويلار ئۇسسۇلچى،
چالىمەن سۆگەك نەي يايلاقلار ئارا.

يايلاقتا ياڭرىغان بەزمىنى كۆرۈپ،
تاغ قىزى كېلىدۇ راۋادار ① ئۆرۈپ.
كېلىدۇ نەي چېلىپ چاقىغان لەۋگە،
لەۋلىرى جامىدا ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ.

قۇربانەم ئاخۇنباي (تاجىك)

## قۇياشنىڭ زىياسىدۇر ئارمانلىرىم

ئارمانلار تونۇرىدا ئاپىرىدە بوپ،
ئارمانلار قارىچۇقىدىن تۇغۇلدۇمەن.
ئارمانلار سەرپايىنى يۆلەنچۈك قىپ،
ئارمانلار يۆگىكىگە ئورالدىمەن.
ئارمانلار قىرغىقىنى تاۋاپ ئەيلەپ،
ئارمانلار قەترىسىدىن شەربەت ئىچتىم.
ئارمانلار ساماسىدا پەر ئويىنىتىپ،
ئارمانلار ئوكيانىنى دائىم كەچتىم.

ئارمانلار خۇشاللىقىم نىشانىدۇر،
ئارمانلار ۋۇجۇدۇمدا نۇرلۇق شەرەر ②.
ئارمانلار يۈرىكىمنىڭ ئاتەش شەۋقى،
ئارمانلار ئەنئارىدا جۇلا-ئەخكەر ③.
ئارمانلار كېلىچىكىم پايانىدازى،
ئارمانلار ھاياتلىقنىڭ نىداسىدۇر.
تاڭلارنى جىلۋە بىلەن زىننەتلىگەن
ئارمانىم زەر قۇياشنىڭ زىياسىدۇر.

---

① راۋادار — تاجىكلار تويىدا ئۇسسۇل ئوينىغۇچىنىڭ بېشىدىن گۈل ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆرۈپ سازەندىگە تەقدىم قىلىدۇ.
② شەرەر — ئۇچقۇن. ③ ئەخكەر — قىزىل چوغ.

## 7 - قېتىملىق دۆلەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ چاڭچۈن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو دۆلەت ئەدەبىيات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى، ئىچكى موڭغۇل يازغۇچىلار جەمئىيىتى، چاڭچۈن شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك دۆلەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 16 - ئىيۇلدىن 19 - ئىيۇلغىچە ئىچكى موڭغۇلنىڭ چاڭچۈن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن 100گە يېقىن مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە دۆلەت ئىلمىنىڭ دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىرلىكتە ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم يازغۇچى دۆلەت ئىلمىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

## مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئايال يازغۇچى

مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ساناقلىقلا ئايال يازغۇچى، تەنقىدچى بار. ئەرەب ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى دوكتور رىدۋا ئاشۇر ئاشۇلارنىڭ بىرى.

رىدۋا ئاشۇر 1946 - يىل 26 - ماي قاھىرەدە تۇغۇلغان. 1969 - يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، باكالاۋرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 1972 - يىلى شۇ فاكۇلتېتنىڭ ئەنگلىيە تىل - ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 1975 - يىلى ماسساچۇستىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن داۋاملىق ئەين شامس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەنگلىيە تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا لېكتور، دوتسېنت، پروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر فاكۇلتېت مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

رىدۋا مول بىلىملىك يازغۇچى، ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا تىل - ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان. ئەرەب تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا بىرنەچچە ماقالە ئېلان قىلغان.

رىدۋا ئاشۇر ئايال يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئەرەب ئاياللىرىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە تىپىك خاراكتېرگە ئىگە ئاياللار ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە يېزىپ تاماملىغان تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسىرى «بىر مىسىرلىق قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئامېرىكىدىكى كۈنلىرى» دە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدا مىسىرنىڭ يېڭى دەۋر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ئوبرازلىق، ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## ئۇچۇرلار

△ ئايال يازغۇچى چېن دەنيەننىڭ «بىر قىز» ناملىق ھېكايىسىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى گېرمانىيە، ئاۋسترىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارقىتىلىپ، شۇ جايدىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە ئاۋسترىيە دۆلەتلىك ياش-ئۆسمۈرلەر ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

△ ئايال يازغۇچى شۇ شاۋىن ئامېرىكىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئامېرىكىدا ئۈچ ئاي زىيارەتتە بولدى ھەم ئامېرىكىدىكى يانبىخان ئۇنىۋېرسىتېتى، كلورادو ئۇنىۋېرسىتېتى، سان مارى ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋىتسپاسە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇنىڭ «جۇڭگو ئايال ئاپتورلىرىنىڭ چۇقان ۋە پىچىرلاشلىرى» ۋە «قېچىش ئېگى ۋە مېنىڭ ئىجادىيىتىم» تېمىسىدىكى لېكسىيىلىرى ئامېرىكىدىكى ئاتاقلىق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

△ فۇجيەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى يازغۇچىلارنى تۆۋەنگە چۈشۈشكە تەشكىللىدى. بۇ يىل بۇ جەمئىيەت يازغۇچىلار بىلەن يەنە ئالاقىلىشىپ، ئىككى تۈركۈم يازغۇچىنى شەرقىي جەنۇبتىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا ئەۋەتتى.

خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، خوتەن ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىدىغان قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرىدۇ.

ژۇرنىلىمىز ھەر جۈپ ئاينىڭ 15-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. ھەر سانىنىڭ باھاسى 1.20 يۈەن، يىللىق باھاسى 7.20 يۈەن. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58. 15-نويابىردىن ئىلگىرى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.


خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىزنىڭ 97-يىللىق سانلىرىغا 15-نويابىردىن ئىلگىرى پوچتا ئىدارىلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى بولغايسىز.

ژۇرنىلىمىز ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 20-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. ھەر سانىنىڭ باھاسى 1.40 يۈەن، يىللىق باھاسى 5.60 يۈەن. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 47 — 58

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى




《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
排　版：《博格达》 电子排版中心
印　刷：新疆新华印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 10-سان (428-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66 定价 4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号